ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

2

1997

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

ISSN 1005-5878

07>

9 771005 587001

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال


باش مۇھەررىر:

كۇرەش مەھمۇتجان

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

تەھرىر ھەيئەتلىرى:
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇكېرىم رەھمان، ئازاد سۇلتان،
ئامانجان تىلىۋالدى، ئەنۋەر ئابلىمىت.
تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى، رازىزاق
مەتنىياز، شېرىن قۇربان،
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى،
كۇرەش مەھمۇتجان، مەتروزى ھېيت،
مۇھەممەتيۇسۇپ ئۆمەر، نىجات
ئەھمەتجان، ئىبراھىم مۇتىئى.

1997 - يىللىق 2 - سان

(ئومۇمىي 70 - سان)

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقتى



ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت
يولى 14 - قورۇ
地址：乌鲁木齐市胜利路 14 号
تېلېفون: 2927—2862753
پوچتا نومۇرى: 830046


مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن
ماقالە قوبۇل قىلىنىدۇ
نادىر ئەسەرلىرىڭىزنى ئەۋەتىڭ،
مۇشتىرى بولۇڭ

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە
مەزمۇنلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى:
مادىيۇەن، ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى:
ئابدۇرېشىت قادىر، ئۆمەرجان قۇربان

# بۇ ساندا

## ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى تەتقىقاتى


ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا ...... ياقۇپجان باۋۇدۇن 1
مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى تىل گۈزەللىكى ھەققىدە ...................... مۇختار ئەبەيدۇللا 7


## مەشھۇر شەخسلەر تەتقىقاتى


ئۇلۇغ مائارىپچى مەمتىلى (تەۋپىق) ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە.............. يالقۇن روزى 12


## بازار ئىگىلىكى تەتقىقاتى


ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ................................ ئوسمان مۇھەممەت 22
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ........................ ئابدۇغېنى ئۇبۇلھەسەن 27


## كلاسسىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى


تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى............................ ئابدۇكېرىم رەھمان 34
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا .......... تۇرسۇن مۇشۇر ئىدىقۇتى 45


## تارىخ — ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى


گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ (2. قاراماي شەھىرى) ................................ مۇھەممەت ئوسمان 49
شىمالىي يايلاقتىكى تۇنجى چوڭ پايتەخت قارا بالغاسۇن شەھىرى ھەققىدە ................ مەھمۇت نىزامى 57
يەر - جاي ناملىرى تەتقىقاتىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ........................ رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا 69
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلمىمىزنىڭ قەدىمكى زامان سىرتقى قاتنىشىدا ئوينىغان رولى.......... گۈلنار جۇماتاي 76


## ئەدەبىيات ۋە فولكلور تەتقىقاتى


ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدە ئىزدىنىش ...... غەيرەتجان ئوسمان 80
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە ............... ئوسمان ئىسمائىل 92
خەلق چاقچاقچىسى ھىسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ھەققىدە .......................... ئەنۋەر تاجىدىن 107


## تىل تەتقىقاتى


مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات ........................
........................ رۇقىيە مۇھەممەت، دىلنۇر ئابلىز، گۈلمېھرى ئابلەت 117
رۇس تىلىدىكى «Когда» رەۋىشىنىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە ........................ ئۇفىرا نازاروۋا 121


## قانۇن - تۈزۈم تەتقىقاتى


كۆۋاھچىنىڭ پىسخىك مۇددىئاسى توغرىسىدا
..................................................... ھەسەنجان تۇردى 125


## زامانىۋى پەنلەر تەتقىقاتى


ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىلمى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ھەققىدە ................................ خەلپىدىن مۇسايۇپ 131


## كۇتۇپخانىچىلىق تەتقىقاتى


كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى ما-لىشىش مۇناسىۋىتى ھەققىدە .................... خەلچەم ھەسەن 137

新疆大学学报
(哲学社会科学维文版)
1997年第2期
(总第70期)

# 目　　录


## 政治理论研究

论高等学校思想道德教育课的重要意义 …………………… 亚库甫江·巴吾东
语言美是精神文明的重要内容 …………………… 穆合塔尔·艾拜都拉

## 名人研究

记著名教育家买买提力(泰吾比克)先生及其创作特点 …………………… 亚力坤·肉孜

## 市场管理研究

自由企业制度初探 …………………… 吾斯曼·穆罕默德
试论社会主义市场经济 …………………… 阿不都艾尼·乌布里艾山

## 古典文化研究

操突厥语各民族民俗中的神圣数字 …………………… 阿不都克里木·热合曼
论维吾尔族长诗《乌古斯汗诗》及其各种变体 …………………… 吐尔逊·吾守尔亦都护提

## 历史—民俗学研究

美丽的家乡——新疆(2.克拉玛依市) …………………… 穆罕默德·吾斯曼
论北方草原——大都喀喇巴尔噶逊 …………………… 买赫穆特·尼扎米
地名研究中的一些问题 …………………… 热外都拉·艾木都拉
试论少数民族在我国古代对外交通中的作用 …………………… 古丽娜尔·居麻泰

## 文学艺术研究

论维吾尔古典文学中的论辩体作品 …………………… 海热提江·乌斯满
从民间文学角度看维吾尔族商贸活动 …………………… 吾斯曼·司马义
人民的幽默大师伊萨木·库尔班及其幽默故事 …………………… 安尼瓦尔·塔吉丁

## 语言研究

对民族学生英语学习状况的调查 ……………………
…………………… 茹克亚·穆罕默德　迪丽努尔·阿布力孜　古丽米热·阿布来提
论俄语副词 когда 的使用 …………………… 奥菲拉·纳扎罗娃

## 法学研究

论证人的心理动机 …………………… 艾山江·图尔迪

## 现代科学研究

论公共关系学及其功能 …………………… 海力夫丁·穆萨由夫

## 图书学研究

试论图书馆与读者间的配合关系 …………………… 海丽且木·艾山

# ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

ياقۇپجان باۋۇدۇن•

قىسقىچە مەزمۇنى: ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى پۈتۈن جەمئىيەت ئىجتىمائىي تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. بۇ ماقالىدە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ياراملىق، ئىختىساسلىق قۇرغۇچىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەشتە ئىدىيىۋى- ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：思想道德教育是社会教育的一个组成部分。本文简要论述 为了把高等学校的学生培养成社会主义建设有用的人才，加强思想道德教育的重要意义。

**Abstract**: Moral and ideological education are parts of social education in society. This articles explains the significance of strengthening moral and ideological education in order to train the college students as capable and talented successors of socialist construction.

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەخلاق تەربىيىسى — بىلىم قۇرۇلمىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىختىساسلىق خادىملار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەخلاقىي تەربىيە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە يۇقىرى ئىدىيىۋى - ئەخلاق ساپاسىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى بىرنەچچە قېتىم ھۆججەت ۋە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئالىي مەكتەپلەردە سىستېمىلىق ھالدا ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، كونكرېت پىكىر- تەلەپلىرى، ئوقۇتۇش لايىھىسى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ۋەزىپىسى ۋە مەزمۇنىنى ئېنىق بېكىتىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇردى.

80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، بۇ خىزمەت ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى، كەسپىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئورتاق نىشان ۋە ئورتاق يېتەكچى ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، سىستېمىلىق مەزمۇندىكى ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسىنى مۇنتىزىم كەسىپ قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى. ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنىڭ

• ياقۇپجان باۋۇدۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتلار باشقارمىسىدا، لېكتور.

ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر بۇ دەرسنى ئومۇمىي ئوقۇتۇش پىلانىغا رەسمىي كىرگۈزۈپ، مەخسۇس دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە خادىملار ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار بويىچە، ئوخشاش بولمىغا شەكىللەردە ئوقۇتۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى ئالىي مەكتەپتە مۇئەييەن نەزەرىيە ئاساسىغا، نەزەرىيىچىلەر قوشۇنىغا، تەربىيە يۈرگۈزۈش شەكىللىرىگە ئىگە بولدى. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسى — ئوقۇتۇش شەكلى بىلەن ئەخلاقىي تەربىيە مەزمۇنىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، دەرسلىك مەزمۇنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقتىن بىر قەدەر كۈچلۈك قاراتمىلىققا ۋە جانلىقلىققا ئىگە.

ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. بۇ دەرس ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭىنى كۈچەيتكىلى، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قانۇنىي ئاڭنى يېتەكچى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ ھەرقايسى دەۋر ۋە تارىخىي ۋەزىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق تۇرمۇش تەربىيىسى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؛ ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىلمىي، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە غايىسىنى تىكلەشكە يېتەكلىگىلى بولىدۇ؛ ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك خىزمەت ئەخلاقى، مۇھەببەت، نىكاھ ، ئائىلە ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ رولىغا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئورتاق نىشان ئاساسىدا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى پۈتكۆل ئالىي مائارىپ تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىش، ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرى ۋە قۇرغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەخلاق تەربىيىسى — سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت بىلەن ئەخلاق تەربىيىسىنى پۈتكۆل جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىدىيىۋى - سىياسىي - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسى «ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى» ، «قانۇن ئاساسلىرىتەربىيىسى» ، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى» ، «كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى» قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى» ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە، پەن - مەدەنىيەت قاتارلىق چوڭ ئىشلار، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت - تەدبىرلىرى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئەھۋاللار ۋە يۈزلىنىشلەر توغرىسىدا ئېنىق، سىستېمىلىق ھەم توغرا تونۇشقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەسىلىلەرنى توغرا ئانالىز قىلىش، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تىرىشىپ ئۆگىنىشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى كۈچەيتكىلى، سىياسىي - نەزەرىيە ساھەسىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق، قىيىن، چىگىش مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭىنى

بىرلىككە كەلتۈرگىلى ۋە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. «قانۇن ئاساسلىرى» تەربىيىسى دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرى، ئاساسىي قانۇن ۋە مەخسۇس قانۇنلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە بەلگىلىمىلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە نۇقتىئىنەزەرىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى» دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭى، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، غايە، ئېتىقاد، ئەخلاق، ھەرىكەت ۋە پەزىلەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىشىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. «كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى» دەرسى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز كەسپى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سوتسىيالىستىك كەسپىي ئەخلاقنىڭ تۈپ پرىنسىپى، مۇھىم ئۆلچەملىرىنى ئېنىقلىۋېلىشىدا، كەسىپ تاللاشتىكى توغرا پوزىتسىيىنى تىكلىشىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق جەھەتتە يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يۈكسەك كەسپىي ئەخلاققا ئىگە مەخسۇس كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەشتە، شۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا مەكتەپتىن جەمئىيەتكە يېتەكلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە دەرسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەھمىيىتى كۆپ بولۇپ، بۇ خىل تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتكىلى، ماتارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا يول ئېچىپ، ماتارىپنىڭ «3 كە يۈزلىنىش» خىزمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى - ئەخلاق ۋە ئىنتىزام تەربىيىسى، توغرا بولغان دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋەتى تەربىيىسى، ئىنقىلابىي ئەنئەنە، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ۋە ئىنتىزام تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھى تەربىيىسى، پەن - مەدەنىيەتنى، كەسپىنى سۆيۈش، ھەم قىزىللىشىش ھەم ئىختىساسلىشىش تەربىيىسى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكىلەر ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچقا كىرىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يادرو قىلغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تەدرىجىي مۇستەھكەملىنىۋاتقان، ماتارىپ ئىسلاھاتىمۇ كۈنسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان شارائىتتا ئىدىيىۋى — ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋەزىيەتتە ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، ئومۇمەن پارتىيىمىز ئىدىيىۋى - ئەخلاق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەن چاغلاردا خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ئىنتايىن ياخشى بولدى. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنمىگەن چاغلاردا بولسا، خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلدى. بىر ئەۋلاد سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە يارامىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەڭ مۇھىمى «ۋەزىيەت ۋە سىياسەت» دەرسى، «قانۇن ئاساسلىرى» دەرسى، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشى» دەرسى، «كەسپىي ئەخلاق» دەرسى قاتارلىقلارنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق كۈچلۈك

هازىرقى ھالەتتىن قارىغاندا، ھەرقايسى ئالىي
مەكتەپلەر بۇ دەرسنى ئومۇمىي ئوقۇتۇش پىلانىغا
رەسمىي كىرگۈزۈپ، مەخسۇس دەرسلىك ماتېرى-
ياللىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار
ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە خادىملار ئارقىلىق
ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار بويىچە، ئوخشاش بول-
مىغا شەكىللەردە ئوقۇتۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ-
نىڭ بىلەن ئىدىيۋى - ئەخلاق تەربىيىسى ئالىي
مەكتەپتە مۇئەييەن نەزەرىيە ئاساسىغا، نەزەرىيە-
چىلەر قوشۇنىغا، تەربىيە يۈرگۈزۈش شەكىللىرىگە
ئىگە بولدى. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيۋى -
ئەخلاق تەربىيىسى دەرسى — ئوقۇتۇش شەكلى
بىلەن ئەخلاقىي تەربىيە مەزمۇنىنىڭ بىرلىككە
كەلتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك-
لەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرى-
سى كەڭ، دەرسلىك مەزمۇنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا
ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقتىن بىر قەدەر
كۈچلۈك قاراتمىلىققا ۋە جانلىقلىققا ئىگە.

ئىدىيۋى - ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئالىي مەك-
تەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئەھمىيىتى ناھايىتى
زور. بۇ دەرس ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى دۆلەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا توغرا چۈ-
شەنچىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك
ئېڭىنى كۈچەيتكىلى، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى
ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قا-
نۇنىي ئاڭنى يېتەكچى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ ھەر-
قايسى دەۋر ۋە تارىخىي ۋەزىپىلەرنى چۈشەندۈرۈش
ئارقىلىق تۇرمۇش تەربىيىسى ئېلىپ بارغىلى بو-
لىدۇ؛ ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش-
نىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى
ئىلمىي، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە غايى-
سىنى تىكلەشكە يېتەكلىگىلى بولىدۇ؛ ئەخلاق
تەربىيىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئىنسانپەرۋەر-
لىك ۋە سوتسىيالىستىك خىزمەت ئەخلاقى، مۇھەب-
بەت، نىكاھ ، ئائىلە ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ رولىغا
نىسبەتەن توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئورتاق
نىشان ئاساسىدا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن،
دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، ئىدىيۋى - ئەخلاق تەربىيە-
سىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ئىدىيۋى -ئەخلاق تەربىيىسى خىزمىتى پۈت-
كۈل ئالىي مائارىپ تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم
تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىيا-
سىي ساپاسى ۋە ئىدىيۋى ئەخلاق ساپاسى بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سوتسىيا-
لىستىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ما-
ئارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىش،
ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە ئو-
مۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك قۇ-
رۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرى ۋە ھۆرغۇچى-
لىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش جەھەتتە مۇھىم رول
ئوينايدۇ.

ئەخلاق تەربىيىسى — سىياسىي - ئىدىيۋى
خىزمەتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى
سىياسىي - ئىدىيۋى خىزمەت بىلەن ئەخلاق تەربى-
يىسىنى پۈتكۈل جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ
بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىدىيۋى - سىياسىي -
ئەخلاق تەربىيىسى دەرسى «ۋەزىيەت ۋە سىياسەت
تەربىيىسى» ، «قانۇن ئاساسلىرى تەربىيىسى» ،
«ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيۋى -
ئەخلاق تەربىيىسى» ، «كەسپىي ئەخلاق تەربىيە-
سى» قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
«ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى» ئارقىلىق ئو-
قۇغۇچىلارنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە، پەن -
مەدەنىيەت قاتارلىق چوڭ ئىشلار، پارتىيىنىڭ
لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت - تەدبىرلىرى، ئىق-
تىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى-
دىكى ئەھۋاللار ۋە يۈزلىنىشلەر توغرىسىدا ئېنىق،
سىستېمىلىق ھەم توغرا تونۇشقا ئىگە قىلغىلى بو-
لىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەن-
پەرۋەرلىك ئېڭى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مە-
سىلىلەرنى توغرا ئانالىز قىلىش، پەرقلەندۈرۈش
ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تىرىشىپ ئۆگىنىش-
تىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى كۈچەيتكىلى،
سىياسىي - نەزەرىيە ساھەسىدىكى چوڭقۇر قاتلام-
لىق، قىيىن، چىگىش مەسىلىلەرنى توغرا ھەل
قىلىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيۋى ئېڭىنى

بىرلىككە كەلتۈرگىلى ۋە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. «قانۇن ئاساسلىرى» تەربىيىسى دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرى، ئاساسىي قانۇن ۋە مەخسۇس قانۇنلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە بەلگىلىمىلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە نۇقتىئىنەزەرىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى» دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭى، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، غايە، ئېتىقاد، ئەخلاق، ھەرىكەت ۋە پەزىلەت قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلىشىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. «كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى» دەرسى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز كەسپى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سوتسىيالىستىك كەسپىي ئەخلاقنىڭ تۈپ پرىنسىپى، مۇھىم ئۆلچەملىرىنى ئېنىقلىۋېلىشىدا، كەسىپ تاللاشتىكى توغرا پوزىتسىيىنى تىكلىشىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق جەھەتتە يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يۇكسەك كەسپىي ئەخلاققا ئىگە مەخسۇس كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەشتە، شۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئوڭۇشلۇق ھالدا مەكتەپتىن جەمئىيەتكە يېتەكلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە دەرسىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەھمىيىتى كۆپ بولۇپ، بۇ خىل تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەردىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسىنى كۈچەيتكىلى، مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا يول ئېچىپ، مائارىپنىڭ «3 كە يۈزلىنىش» خىزمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى - ئەخلاق ۋە ئىنتىزام تەربىيىسى، توغرا بولغان دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەربىيىسى، ئىنقىلابىي ئەنئەنە، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ۋە ئىنتىزام تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھى تەربىيىسى، پەن - مەدەنىيەتنى، كەسىپنى سۆيۈش، ھەم قىزىللىشىش ھەم ئىختىساسلىشىش تەربىيىسى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكىلەر ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچقا كىرىپ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يادرو قىلغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تەدرىجىي مۇستەھكەملىنىۋاتقان، مائارىپ ئىسلاھاتىمۇ كۈنسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان شارائىتتا ئىدىيىۋى — ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋەزىيەتتە ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يادروسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، ئومۇمەن پارتىيىمىز ئىدىيىۋى - ئەخلاق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەن چاغلاردا خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ئىنتايىن ياخشى بولدى. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنمىگەن چاغلاردا بولسا، خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلدى. بىر ئەۋلاد سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە يارامىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەڭ مۇھىمى «ۋەزىيەت ۋە سىياسەت» دەرسى، «قانۇن ئاساسلىرى» دەرسى، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشى» دەرسى، «كەسپىي ئەخلاق» دەرسى قاتارلىقلارنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق كۈچلۈك

ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەش، دۆلەتنىڭ ئامانلىقى، مۇقىملىقى، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداش ئېڭىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ ھەم ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى، راست بىلەن يالغاننى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ، توغرا ۋەزىيەت قارىشى ۋە سىياسىي قاراشنى تىكلىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ۋەتەننى سۆيۈش، جۇڭخوا مىللەتلىرىنى سۆيۈش، سوتسىيالىزم ئېڭىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ۋەتىنىمىز ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت، بىز ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخى مەركىزى مەزمۇن قىلىنغان يېقىنقى زامان تارىخى تەربىيىسى ۋە دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىكنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىزمغا بولغان چۈشەنچىسىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتلەرنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. شەخسنىڭ تەقدىرى بىلەن ۋەتەننىڭ تەقدىرىنىڭ ئايرىلماس بىر گەۋدە ئىكەنلىكى، ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئاساسىدا بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىش ستودىنتلارنىڭ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاڭغا ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئالىي مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىغا چىققاندىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، دۇنيا قارىشى جەھەتلەردە زور ئىلگىرىلەشلەر ھەم بۆرۈلۈشلار بولۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، نىچىدە ئىلىم ئىگىلەش ئىدىيىسىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش ئېڭىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق توغرا بولغان دېموكراتىيە قارىشى ۋە قانۇن - تۈزۈم قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەر خىل قانۇن بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى توغرا تونۇشقا، جەمئىيەتتىكى قانۇنىي ئورنىنى توغرا تونۇپ، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ھەر قانداق ئىختىساس ئىگىسى قانۇن بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولمىسا، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ. نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپلەردە قانۇن ئاساسلىرى دەرسىنى ئوقۇتۇشتا چوقۇم دەرسلىكنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ھەم ئۇسۇلىدا چوقۇم دۆلىتىمىز قانۇنچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ زامانىۋىلىشىش ھەم خەلقئارالىشىش تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ماسلىشىش كېرەك. ئەمەلىيەتچانلىق «قانۇن ئاساسلىرى» دەرسلىكىنىڭ ماھىيىتى بولۇپ، ئەمەلىيەتكە سادىق بولۇپ، كىتابىبازلىق، شوئارۋازلىقتىن خالىي ھالدا ئەمەلىي تەربىيە ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇن- تۈزۈم بىلىملىرىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە «قانۇن ئاساسلىرى» دەرسلىكى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم ئىدىيىسى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈمى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇناسىۋەتلىك قانۇن - تۈزۈملەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلار ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كەڭ ھەم چوڭقۇر تەش-

ۋىق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئايلانغاندىلا ئاندىن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھەقىقىي ھالدىكى قانۇن - تۈزۈم ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئىلىم - پەننى تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىدىيىسىنى ئۈستۈرۈش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كەسپىي بىلىم ئىگىلەش بولۇپ، توغرا بولغان ئۆگىنىش قارىشى ھەم ئۇسۇلىنى تىكلەپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاددىي - ساددا بولۇش ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى مەكتەپ ھاياتى جاپالىق بولىدۇ، جاپالىق شارائىتتا قىسمەن ئوقۇغۇچىلار ئىرادىسىزلىك قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالىماس بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق ئۇلاردا ئىلغار بولغان ئىلىم پەن قارىشى، توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلى، قىيىن شارائىتقا باش ئەگمەس روھ تۇرغۇزۇش ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئۆگىنىش جەريانىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى قوللاش ھەم ئىلگىرى سۈرۈش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى، ئىسلاھات روھى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پىشقەدەملەر باشلاپ بەرگەن ئىسلاھات ئىشلىرىنى قوللاش، ئاكتىپ ئىسلاھاتچىلاردىن بولۇش ئېڭىنى ئۈستۈرۈشىمىز، كەلگۈسىدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ئىز باسارلىرىدىن بولۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىشىمىز كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ھەم كەلگۈسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلاردا توغرا، ئىلمىي پوزىتسىيە ھەم ئىدىيە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش ئىستىكىنى قوزغاش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، دۆلەت مەنپەئەتى، كوللېكتىپ مەنپەئەتى ۋە شەخسىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا غەربنىڭ بەزى چىرىك ئىدىيىلىرى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كىرىپ شەخسىيەتچىلىك، پۇلپەرەستلىك ئىدىيىلىرى يامراپ قالدى. بىز ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق كوممۇنىستىك ئەخلاقنى تەكىتلەپ، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان، شەخسىي مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرىدىغان ئېسىل ئەنئەنە تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز، ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل زەھەرلىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىدىن ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە ئارقىلىق مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ماركسىزم ئاساسىي نەزەرىيىسى دەرسلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىسى دەرسى پۈتكۈل ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئالاھىدە سىستېمىغا، جانلىقلىققا، ئالاھىدە مەزمۇنغا ھەم تەلەپكە ئىگە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان پۈتكۈل ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتى جەريانىدا ئۇلار ھەل قىلالمىغان چوڭقۇر ئىدىيىۋى، سىياسىي، نەزەرىيە قاتلىمىدىكى چىگىش مەسىلىلەرنى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۇنى ئۆزى ئەمەلىيەتتە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئىدىيىۋى - سىياسىي

خىزمەت ئارقىلىق ئۇلارنى يېڭى مەسىلە، يېڭى ئەھۋاللارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنى ئىلمىي، نەزەرىيىۋى قائىدىلەر ئارقىلىق قايىل قىلىپ پۈتكۈل ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. بۇ تەربىيە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تۆتكە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خادىملىرى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالايمىز ھەم ئۇلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان سىياسىي نىشاننى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرەلەيمىز. كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ئىگە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ھىمايە قىلىدىغان، ماركسىزمنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، خەلق ئۈچۈن جان دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھى، بۇرچ تۇيغۇسىغا ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلىيەلەيمىز. ئەنە شۇنداق ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ۋە ساغلام پسىخىك ساپاغا، قىتىرقىنىپ ئۆگىنىدىغان، تىرىشىپ ئىزدىنىدىغان، زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تولۇق ئىگىلىگەن، كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە، ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولغاندىلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى تېخىمۇ پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ ھەم تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2 -، 3 - توم.

2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14 - نۆۋەتلىك 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا» قارار.

3. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە دەرسىنى تەسىس قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار.

4. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - ئەخلاق تەربىيىسى. پەن - تېخنىكا ماقالە توپلاملىرى نەشرىياتى. 1988 - يىلى نەشرى.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى
# تىل گۈزەللىكى ھەققىدە

مۇختار ئەبەيدۇللا

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، تىل گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم. بۇ ماقالىدە كۈندىلىك خىزمەتتە، ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا، ئاممىۋى سورۇنلاردا ۋە ئائىلىدە تىل گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：在强调加强精神文明建设的今天，重视语言美具有十分重要意义。本文简要论述在日常工作、教学工作、公共场所和家庭重视语言美教育的必要性。

**Abstract**: The emphasis on strengthening of spiritual and cultural progress, at present days, has a great significance. This article explains the importance of language beauty in daily work, teaching, public occasion and family.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا ئالاقە قىلىش قورالى. تىل ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى، ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيىتى تىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىل ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، تىل بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇستەقىل تىل قۇرۇلمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن مىللەتلەر بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، بىر - بىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەشۋىق قىلىپ باشقىلارغا تونۇشتۇرىدۇ. شۇڭا تىل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بايلىقى بولغان ئالاقە قىلىش قورالى. تىلنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن قارىغاندا، تىل - ئىنسانلارنىڭ نۇتقىدىن ساپلاشتۇرۇۋېلىنغان، ئابستراكتلاشتۇرۇلغان نۇسخە؛ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، لېكسىكا ۋە گراماتىكىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما؛ رولىدىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قىلىش قورالى ۋە تەپەككۇر قورالى. ھەرقانداق بىر تىل شەخسكە تەۋە بولغان شەخسىي ھادىسە ئەمەس. ئۇ شەخسنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرمەيدۇ، شەخسمۇ تىلنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئەمما شەخسنىڭ يەنى تىلشۇناسلارنىڭ تىل تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن مۇئەييەن تەسىرى بولىدۇ، شۇڭا تىل ئۇستقۇرۇلمىغا، ئىقتىسادىي بازىسقا تەۋە بولمىغان، سىنىپىيلىقىمۇ ئىگە بولمىغان ئالاھىدە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادى-

• مۇختار ئەبەيدۇللا: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى.

سىدۇر. بىز بۇ يەردە دېمەكچى بولغان تىل گۈزەللىكى كونكرېت بىر مىللەتنىڭ تىلىنىڭ گۈزەل بولۇشىغا قارىتىلغان ئەمەس. چۈنكى قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇ ئۆز تىلىدا سۆزلەشكەنىكەن، شۇ تىل ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ گۈزەلدۇر. ئۇنداقتا تىل گۈزەللىكى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ تىل گۈزەللىكى دېگىنىمىز — كىشىلەرنىڭ تىلدىن توغرا پايدىلىنىپ، ئۆز مۇددىئاسىنى گۈزەل، نەپىس تىل بىلەن ئېنىق ئىپادىلىشىگە قارىتىلغان. تىل گۈزەللىكى ئىنسانلارنىڭ نۇتقىدىن ساپلاشتۇرۇۋېلىنغان، ئابستراكتلاشتۇرۇلغان نۇسخە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەمەلىيەتتە نۇتۇق گۈزەللىكى ياكى سۆز گۈزەللىكى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. تىل گۈزەللىكى تىل سەنئىتى مەسىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تىلنىڭ گۈزوەل بولۇشى، ساپ بولۇشى، نەپىس سۆزلەرنى، ئەدەپلىك سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سىلىق - سىپايە بولۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تىل گۈزەللىكى سوتسىيالىستىك يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى. ھازىرقى تىل گۈزەللىكى تەربىيىسى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت قىلغان ھەربىر كىشى ئۈچۈن، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش ئۆلچىمىگە يېتىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە كۈندىلىك خىزمەت، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا، ئائىلىدە ئەر بىلەن ئايال، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردە تىل گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى بەزى ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىش ئۈستىدە ئازىراق توختالماقچىمىز.

## 1. كۈندىلىك خىزمەتتىكى تىل گۈزەللىكى

كىشىلەرنىڭ مىجەز خۇلقى، خاراكتېرى، كەسپى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان مۇئامىلىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كىشىلەر ئۆزئارا مۇئامىلىدە ياكى خىزمەت ئۈستىدە مۇقەررەر تىل مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مۇناسىۋەتتە تىلنىڭ گۈزەل بولۇش بولماسلىقى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىدە ئىنتايىن مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر ھاجەتمەن ئىش بېجىرىش ئۈچۈن مەلۇم بىر خادىمنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە قېتىم بارغان بولسىمۇ، ئۇ خادىم بىر قېتىمدا ھەل بولىدىغان ئىشنى قەستەن كېيىنگە سۈرگەن ۋە: «تولا بېشىمنى ئاغرىتماي تۇرۇپ تۇرمامسەن! كىشىنى بىزار قىلىپ كۆندە كېلەمسەن! سېنىڭ ئىشىڭ ھەل بولمايدۇ، ئاۋارە بولما! بىزدە بۇ كەسىپ يوق، باشقا يەردىن ئىش تاپ …» دېگەندەك قوپال سۆزلەر بىلەن ئۇ كىشىگە قاتتىق تەككەن. بۇنداق گەپ - سۆزلەر يالغۇز تىل گۈزەللىكى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ئەخلاق جەھەتتىمۇ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ئەمەس. بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ياكى كىچىك بولۇشى، ئەر ياكى ئايال بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. مانا مۇشۇنداق كىچىكلەر چوڭلارنى، ئەرلەر ئاياللارنى، باشلىقلار پۇقرالارنى ئورۇنسىز ئەيىبلەيدىغان ناچار ئىللەتلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ھال گۈزەل بولمىغان تىل ئارقىلىق باشقىلارغا ئازار بېرىش، دىلىنى رەنجىتىش بولۇپ، كىشىلەرگە بولۇپمۇ ھاجەتمەنلەرگە ھېچقانداق مەنىۋى ئوزۇق، تەسەللى ۋە ئىستېتىك زوق بەخش ئېتەلمەيدۇ. ئەگەر ھەل بولۇش ئىمكانىيىتى بار ئىش بولسا، ئۇلارغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن سەۋر - تاقەت قىلىش ھەققىدە نەسىھەت بېرىپ، ئۇلارنى

خاتىرجەم قىلىش، ھەل بولۇش ئىمكانىيىتى يوق بولسا، گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق قايىل قىلىش كېرەك. بىزدە «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ»، «ئادەم قۇلاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن سەمرىيدۇ» دېگەن ماقال - تەمسىل بار. بۇ دەل تىلنىڭ گۈزەل بولۇشىنى، سۆزلىگەندە سۆزگە دىققەت قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. سىز بىر دۆلەت خادىمى ئىكەنسىز، خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەنسىز ھاجەتمەن كىشى سىزنىڭ گۈزەل سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ تەسىرلەنسە، سىزدىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا سۆزدە گۈزەل بولۇش ھەققىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قويىدۇ. ئۇنىڭ تونۇشى چوڭقۇرلىشىپ قەلبىدە گۈزەللىك تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ. سىز تىل گۈزەللىكى ئارقىلىق باشقىلارغا ئىستېتىك زوق ۋە ئىلھام بېرەلىسىڭىز ئۇلارنى كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق خىزمەت كەيپىياتىغا ئىگە قىلالايسىز.

## 2. ئوقۇ - ئوقۇتۇشتىكى تىل گۈزەللىكى

تىل ئۆگىتىش، ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش كۆپىنچە مەكتەپ تەربىيىسىدىن باشلىنىدۇ. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا كىچىكىدىنلا ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى، ۋەتەننى سۆيۈش تەربىيىسى، ئىنسانپەرۋەرلىك تەربىيىسى قاتارلىق تەربىيىلەرنى ئېلىپ بارىدىغان مەدەنىيەت تارقىتىش بازىسى. مەكتەپتىكى گۈزەللىك تەربىيىسى تىل گۈزەللىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش گۈزەللىكى، سەنئەت گۈزەللىكى، قەلب گۈزەللىكى قاتارلىق كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تىل گۈزەللىكى ياش ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان زېھنىي - قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئوقۇتقۇچى بولسا ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەيدىغان، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەيدىغان روھىي ئىنژېنېر. شۇنداق بولغانىكەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇش خىزمىتىدە تىل گۈزەللىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بەزى ئوقۇتقۇچىلار باركى، ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئازراق سەۋەنلىكىنى كۆرسە، قوپال گەپ - سۆزلەر بىلەن تەنقىت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدۇ، غۇرۇرىغا تېگىدۇ. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوبرازىنىمۇ خۇنۈكلەشتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىدىن دەرس سورىغاندا جاۋاب بېرەلمىسە، دۆت، كالۋا، كالىدەك گۆشۈيۈپ تۇرغىنىنى! دەرس ئوقۇماي نېمە ئىش قىلدىڭ!؟ ئولتۇر! دېگەندەك قوپال گەپ - سۆزلەر بىلەن ئوقۇغۇچىنى ئەيىبلەيدۇ. يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ تەنتەربىيە دەرسىدە ياكى گىمناستىكا ئوينىغاندا بىرەر ھەرىكەتنى توغرا ئورۇنلىيالمىغانلىقىنى كۆرسە، ھەي لەقۋا! تۈز تۇرمامسەن! گۆشىيىپ قاراپ تۇرىسەنغۇ! توپنى ئۇرمامسەن! دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچى ئىشخانىسىدىكى بىرقانچە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدىلا بىر ئوقۇغۇچىنى 4 سائەت دەرس قالدۇردى دېگەن سەۋەب بىلەن، ھەي گۇي! ئوقىساڭ تۈزۈك ئوقۇ! ئوقىمىساڭ كۆتۈڭگە تېپىپ ھەيدىۋېتىمىز! ... دېگەن. ئوقۇغۇچى ناھايىتى سالماقلىق بىلەن مۇئەللىم مەن ئالدىنقى ئىككى سائەتتە ئاپامنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بارغانىدىم، كېيىنكى ئىككى سائەت خەنزۇ تىل دەرسىگە قاتناشتىم، 4 سائەت دەرس قالدۇرمىدىم، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئوقۇتقۇچىنىڭ تەكشۈرمەي تۇرۇپ ئوقۇغۇچىنى قوپال گەپلەر بىلەن ئەيىبلىگەنلىكى تىل گۈزەللىكىگە ئۇيغۇن بولمايلا قالماستىن، بەلكى پېداگوگىكا قائىدىسىگىمۇ ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىگىمۇ ئۇيغۇن بولمىغان. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىنى يۇقىرىقىدەك گەپلەر بىلەن ئەيىبلىشى، قارىماققا ئوقۇغۇچىلارغا

قارىتا باشقۇرۇش جەھەتتە، تەربىيىلەش جەھەتتە قاتتىق تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم قويغانلىق بولسىمۇ، ئەخلاق ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن، تىل گۈزەللىكى جەھەتتىن قارىغاندا، بىر خىل ناچار خاھىش ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا بۇنداق قوپال گەپ-سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن پايدىسىز. چۈنكى ئوقۇغۇچى دائىم بۇنداق گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاۋەرسە، بىر خىل قاتمال ھالەتكە كېلىۋېلىپ گەپ تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن باشقىلار ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىدىن خىجالەت بولۇپ، روھىي-ھالىتىدە بىر خىل چۈشكۈنلىشىش كەيپىياتى تۇغۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى كۆرگەن ھامان ئۇلارغا قوپال تېگىش ئەمەس، بەلكى سەۋرچانلىق بىلەن سىلىق-سىپايە سۆزلەرنى قىلىش، ئۇلارنى ماختاش، ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساش، تەسەللىي بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تىل گۈزەللىكى بىلەن تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى، ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلاردا تىرىشىپ ئۆگىنىش، روھىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. مەكتەپ گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم بازا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا تىل گۈزەللىكى ئارقىلىق ھېسسىياتقا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلارغا خۇشاللىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بەخش ئېتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىگە مۇراجىئەت قىلىپ، تەپەككۇر يولى ئارقىلىق تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتىش، گۈزەللىك ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈش كېرەك.

## 3. ئاممىۋى سورۇنلاردىكى تىل گۈزەللىكى

توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ سورۇنلىرى، يىغىن زالى، تىياتىر-كىنوخانىلار، ئاپتوبۇسلار، كوچا-كويلاردا ئۆزئارا تونۇشىدىغانلارمۇ ۋە تونۇشمايدىغانلارمۇ بولىدۇ. بۇنداق سورۇنلاردا ئۆزئارا كۆرۈشكەندە، سالاملاشقاندا كۆرۈشۈش ئۇسۇلى، سالاملىشىش قائىدىسىگە دىققەت قىلىش كېرەك. بەزىلەر ئۆزئارا سالاملىشىپ كۆرۈشكەندە ئۆزئارا يېقىنچىلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى قوپال گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ بىر-بىرىنىڭ لەقىمىنى تىلغا ئېلىپ كۆرۈشىدۇ، بۇنداق سالاملىشىش قارىماققا ئاغىنىدارچىلىقنى ۋە يېقىنچىلىقنى بارلىقىنى بىلدۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باشقىلار ئالدىدا بىراۋنىڭ ئېيىبىنى ئېچىپ خىجالەتكە قويغانلىق بولىدۇ. يەنە بەزىلەر باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، پوچىلىق قىلىپ، بۇ دېگەن بىزنىڭ خوتۇن، دېگەندەك خاتا گەپلەرنى قىلىدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا بۇنداق گەپ-سۆزلەرنى ئىشلىتىش تولىمۇ ئەدەبسىزلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سۆزىدە قىلچىمۇ تىل گۈزەللىكى دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ. كىنوخانىلاردا، تىياتىرخانىلاردا يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراش، باشقىلارنى تىللاپ چاقىرىش، ئىسقىرتىش، ئاپتوبۇسلاردا، سودا-سېتىق ئىشلىرىدا يوقىلاڭ باھانە-سەۋەبلەر بىلەن باشقىلارنى ھاقارەتلەش، ھەتتا بىر-بىرىگە تەھدىت سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەخلاق ئۆلچىمىگە خىلاپ قىلمىشلار بولۇپ، تىل گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا باشقىلارنى ھاقارەتلەش قارىماققا باشقىلارنىڭ ئەددىپىنى بەردىم، پۇخادىن چىقتىم دەپ ئۆزىنى قالتىس چاغلىغانلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باشقىلارغا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ، ناچار ئىللەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغانلىق بولىدۇ. ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ھېچقانداق ئىنساپەرۋەرلىككە ئىگە بولمىغان، تىل گۈزەللىكى تەربىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى دائىملىق ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلاندۇرمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت.

## 4. ئائىلىدىكى تىل گۈزەللىكى

ئىناق ئائىلە بەختلىك تۇرمۇشنىڭ كاپالىتى. ئائىلىدە ئەر بىلەن ئايالنىڭ، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ ئىناق ئۆتىشى، تۇرمۇشنىڭ كۆڭۈللۈك، خىزمەتنىڭ ئۇتۇقلۇق، پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام، ئەقىللىق چوڭ بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ساغلام تەربىيىلەش ئاتا - ئانىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ئائىلىدە ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا، پىكىر بىردەك بولمىغان مەسىلىلەردە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغاندا، ئۆزئارا مەسلىھەتلەشكەندە، پەرزەنتلەرگە ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بارغاندا تىل گۈزەللىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئائىلىدە ئۆزئارا يول قويۇش، بىر - بىرىنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەتلەش ئائىلىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ. ئەكسىچە بىر - بىرىنى ھاقارەتلەش، بىر- بىرىنى كەمسىتىش، بىر - بىرىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىش ئائىلىدە كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىپ ئىناق ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئائىلىلەردە ئايالنىڭ ئازراق سەۋەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەرنىڭ ئۇنى ھەي گۆي! ساراڭ، تېتىقسىز، ... دېيىشلىرى، ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنى ھاقارەتلەپ بەڭگى، تىكپەس، ... دېيىشلىرى، ھەتتا ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ساراڭ، ماڭقا، لەقۋا، بىزەڭ ... دېگەندەك يامان سۆزلەر بىلەن تىللاشلىرى ئائىلىدىكى تىل گۈزەللىكى ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكىگە ئېتىبار بەرمەسلىككە ياتىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى ئائىلىدە ئىشلىتىۋەرسە ئەر - ئايالنىڭ ئائىلىدىكى مۇناسىۋىتى، ئورنى، كىشىلىك ئىززەت - ئابرويىغا تەسىر كۆرسىتىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئەخلاقلىق تەربىيىلىنىشىگە پايدىسىز. تىل گۈزەللىكىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بۆشىكى ئائىلە. ھەرقانداق ئاتا- ئانا بولغۇچى ئائىلىدىكى تىل گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىشى، پەرزەنتلىرىگە قارىتا كىچىكىدىنلا ئېلىپ بېرىلىدىغان تىل گۈزەللىكى تەربىيىسىنى ۋە ئەخلاقىي تەربىيىنى كۈچەيتىشى، ئۇلارنىڭ ساغلام تەربىيىلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان يامان ئىللەتلەرنى ئائىلىدە قەتئىي چەكلىشى، بولۇپمۇ پەرزەنتلەر ئالدىدا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، بىر - بىرىنى ئاسرىشى، بىر- بىرىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ- سۆزلەردىن كېلىپ چىقىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى قەتئىي تۈگىتىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئەرلەر ئائىلىدە مېھمانلار بىلەن ئولتۇرغاندا پەرزەنتلەر ئالدىدا قالايمىقان چاقچاق قىلىدىغان، ئورۇنسىز ئىشلاردا ئايالىغا، پەرزەنتلىرىگە بۇيرۇقچىلىق قىلىپ جېدەللىشىدىغان خاھىشلارنى تۈگىتىشى كېرەك.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تىل گۈزەللىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى بولۇپ، تىل گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىك كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ئۇنۇملۇك، غەلىبىلىك بېجىرىشىگە، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق بولۇشىغا، ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەتلىك ئەخلاقلىق، ئەدەبلىك شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىدىن بولۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەممە كىشىنىڭ تىل گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىشى ناھايىتى زۆرۈر.

### پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

2. ئابدۇكېرىم باقى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1983 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

3. رەۋىيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن ساۋات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.

4. ماشۇلياڭنىڭ باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان» مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

5. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش» شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى 1988 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# مەشھۇر مائارىپچى مەمتىلى (تەۋپىق) ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ھەققىدە

## مەمتىلى ئەپەندى ۋاپاتىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

يالقۇن روزى*

قىسقىچە مەزمۇنى: مەشھۇر مائارىپچى، كومپوزىتور، ئوت يۈرەك شائىر ۋە قابىل تەشكىلاتچى مەمتىلى (تەۋپىق) ئەپەندىنىڭ قىسقا ئەمما قىسمەتكە باي ھاياتى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر تارىخ. ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر بايلىق. بۇ ماقالىدە، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە قوشقان تۆھپىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文介绍著名的教育家买买提力(泰吾比克)先生及其创作特点—纪念买买提艾力先生逝世 60 周年.

**Abstract**: The short but richly experienced life of Mameteli, who was a great educator, ardent poet and competent propogandist, is a touchable history. His creative works are precious wealth in Uighur cultural history. This article probes his social life, his contributions to Uighur education and his literary achievements.

### 1. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھايات پائالىيىتى

مەمتىلى ئەپەندى 1901 ـ يىلى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى توختاجى تىۋىپ بولۇپ، ئانىسى پاتەمخان تاشاخۇنۇمنىڭ ئاچىسى ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى مەكتەپ يېشىغا توشقاندا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. توققۇز ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ئاتۇش ئىكساقتىكى ھۈسەيىنىيە ... (تەرجىمە: ئاتۇش تىجەنلىك قوۋان ھاجىم ئاچقان پەننىي مەكتەپكە كىرىپ تۈركىيىلىك ئەھمەت كامالدىن يېڭىچە تەربىيە ئالغان. 1914 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ئەھمەت كامالنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ياندۇرۇپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇشسىز قالغان. بىر نەچچە يىل ئەھمەت كامالنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى

* يالقۇن روزى: «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى.

قوبۇل قىلغان مەمتىلى ئەپەندى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ باشقۇرۇشتەك رەزىل ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ۋە مىللەتنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى پەقەت مائارىپ ئارقىلىقلا ئۆزگەرتىش مۇمكىنلىكىنى چۈشەنگەن. شۇڭلاشقا بىلەن ئۇ مەھەللىسىدىكى مەكتەپ يېشىغا توشقان بالىلارنى يىغىپ، ئەھمەت كامالدىن ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى، ناخشا - مارشلىرىنى ئۆگەتكەن. ئۇ تەمبۇر چېلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا ماھىر بولۇپ، بالىلارنى «مەشرەپ»كە ئۇيۇشتۇرغان، تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان، ئۇلارنى مەشىكە دەسسەتكەن. شۇڭلاشقا بىلەن مەھەللىدىكى بالىلار مەمتىلى ئەپەندىگە رام بولۇپ قالغان. مەمتىلى ئەپەندىدىن سۆيۈنگەن كىشىلەر ئۇنى «بالا ئەپەندى» دەپ تەرىپلەشكەن. لېكىن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ قول چوماقى ۋە نادانلىقنىڭ ھامىيسى بولغان بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ مولللىلار، «توختاجىنىڭ بالىسى باللىرىمىزنى گۇمانسىز شەيتانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان بولدى» دېيىشىپ پىتنە - پاسات تارقىتىشقان. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى ھەجۋىيلەشتۈرىدىغان قوشاقلارنى توقۇپ، «ئوقۇغۇچىلىرى»غا ناخشا قىلىپ ئوقۇتقان. بۇنىڭ بىلەن جاھىل كۈچلەر ئاتۇشنىڭ بېگىگە ۋە يۇرت چوڭلىرىغا ئەرز - داد ئېيتىشقان. بالىسىدىن ئەنسىرەپ قالغان توختاجى 1920 - يىلى مەمتىلى ئەپەندىنى ئېلىپ تۇغقان يوقلاش باھانىسىدا شىمالىي شىنجاڭغا كەتكەن. ئۇلار بۆرتالا، غۇلجىلارنى ئايلىنىپ چۆچەككە كېلىپ ماكانلاشقان. بۇ يەردە توختاجى تېۋىپلىق دۇكىنى، مەمتىلى ئەپەندى سەتراچلىق دۇكىنى ئاچقان.

مەمتىلى ئەپەندى ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، پىكرى ئۆتكۈر، گەپ - سۆزى ئورۇنلۇق، سەنئەتخۇمار بولغاچقا ئۇزاق ئۆتمەيلا چۆچەك ياشلىرى ئارىسىدا ئىناۋەتلىك كىشى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ چۆچەكتىكى تاتارلاردىن چىققان مەشھۇر زات مۇرات ئەپەندى بىلەن بولغان چوڭقۇر مۇناسىۋىتى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

1924 - يىلى قەشقەردە داڭلىق ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندى بۇ مۇدھىش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، مەشھۇر شېئىرى «ئوقۇدى، ئاشتى» نى يېزىپ، سەتراچخانىسىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويغان ھەم كېيىنچە ئاھاڭغا سېلىپ تەمبۇر بىلەن ناخشا قىلىپ ئوقۇغان.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چۆچەكتىكى تەسىرىنىڭ زورىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا دىققەت - نەزىرىنى تىككەن. شۇڭلاشقا بىلەن چۆچەكتە تۇرۇۋېرىشنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان مەمتىلى ئەپەندى ئۇستازى مۇرات ئەپەندى ۋە دادىسى توختاجى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1926- يىلى ئەتراپىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ۋە تاشكەنتكە ماكانلاشقان. تاشكەنتكە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ ئاشخانىدا ئىشلىگەن. كېيىن ئاتۇشلۇق خەللاق دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن تاشكەنتتىكى بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە تۇرمۇشتا قاتتىق قىيىلغان. شۇڭلاشقا بىلەن تۈركىيىگە چىقىپ ئوقۇش مەقسىتىدە تەخمىنەن 1929 - يىلى باھاردا قارا دېڭىز بويىدىكى قىرىم يېرىم ئارىلىغا يېتىپ كەلگەن. مەمتىلى ئەپەندى قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى سېۋاستوپول پورتىدا تىرىكچىلىك قىلغاچ، تۈركىيىگە چىقىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىگەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈركىيىلىك بىر پاراخوت خىزمەتچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان ۋە ئۇ كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىستانبۇلغا بارغان. ئۇ ئىستانبۇلغا بارغان دەسلەپكى كۈنلەردە تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بىر بېلىقچىغا ياردەملىشىپ ئىشلىگەن. بارا - بارا دوست يارەنلىرى كۆپىيىپ، يۇرتداشلىرى بىلەن تېپىشىپ شۇلارنىڭ ياردىمىدە ئىستانبۇلدىكى بىر سىفەن مەكتىپىگە قارا خىزمەتچىلىككە ئورۇنلاشقان. ئۇ بۇ مەكتەپتە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن داڭلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لېكسىيىسىنى گاھىدا ئىشىك تېشىدا، گاھىدا دەرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ ئاڭلىغان. كېيىنچە، مەكتەپ مۇدىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ رەسمىي ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇش ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلانغان مەمتىلى ئەپەندى مەكتەپتە

زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگەنگەن، مەكتەپ ھاياتى ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن.

مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىل يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مۇستاپا كامالنىڭ رەھبەرلىكىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەلىرىدە زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقان دەۋر بولغاچقا، مەمتىلى ئەپەندى بۇ خىل ئىسلاھات ئۆزگىرىشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىستانبولدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1931 - يىلى قۇمۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى يىلدىن يىلغا ئۇلغىيىپ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. شىڭ شىسەي، خوجىنىياز ھاجى ۋە ماجوڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي تىركىشىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن، بۇ خەۋەرلەر ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىيە گېزىتلىرىدە خەۋەر قىلىنىپ تۇرغان، ھەج سەپىرىگە ماڭغانلار ئۇ چاغدا روسىيە - تۈركىيە يولى ئارقىلىق ماڭىدىغان بولغاچقا، يېڭى خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرغان. ۋۇجۇدىدا ۋەتەن، مىللەت ئىشقى كۆيۈۋاتقان مەمتىلى ئەپەندى بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، ئوتنىڭ ئىچىدا كۆيگىچە ئىچىدە كۆيۈش كېرەك دەپ قاراپ، 1933 - يىلى كۈزدە قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. 1934 - يىلى يازدا شىنجاڭ ۋەزىيىتى تىنجىپ، خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس، مەھمۇت مۇھىتى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىگەن مەمتىلى ئەپەندى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، مىللەتنى نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، زامانغا لايىق يېڭى ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش دەپ قاراپ ئانا يۇرتى ئاتۇشتا مەكتەپ ئېچىپ، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشقا ئىرادە باغلىغان.

مەمتىلى ئەپەندى 1934 - يىلى ياز ئايلىرىدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئاستىن ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە بىرلا ۋاقىتتا 24 مەكتەپ ئېچىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھېچانداق ئىقتىسادى بولمىغان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇنداق زور پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشىغا كىشىلەر ئىشەنمەيدۇ. مەمتىلى ئەپەندى تەشكىللەش جەھەتتە ئالاھىدە تالانتقا ئىگە بولغاچقا ھەم سۆزگە باي ناتىق بولغاچقا، ئۇ كىشىلەرنى بۇ پىلانىنى ئالتە ئاي ئىچىدە ئورۇنلاپ بولغىلى بولىدىغانلىقىغا قايىل قىلىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ مۇئەييەن بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولغان، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان ياشلاردىن 60 نەچچىنى تىزىملاپ، ئالتە ئايلىق «مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى» ئېچىپ بارلىق دەرسلەرنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ ئوقۇتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى»، «ئاتىلار ھەيئىتى» قاتارلىق چوڭ - كىچىك گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ، بايلاردىن ئىئانە توپلاش، مەبلەغ باشقۇرۇش، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاش قاتارلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ھەقىقەتەن ئالتە ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاستىن ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە يېپ - يېڭى مەكتەپلەر قەد كۆتۈرىدۇ. 10 مىڭغا يېقىن ئۆسمۈر مەكتەپ قويىنىغا كىرىدۇ. كۇرسنى تاماملىغان يېڭى ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنىپ دەرسنى باشلاپ كېتىدۇ. مەكتەپلەردە مەمتىلى ئەپەندى تۈزگەن ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە مەكتەپ ناخشىلىرى بىردەك ئومۇملىشىدۇ...

يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى غەلىبىلىك تاماملىغان مەمتىلى ئەپەندى تېخىمۇ ئۇلۇغ پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىدۇ.

1937 - يىلى «مەھمۇت شىجاڭ ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ

باشلىقى قادىرھاجى شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەمتىلى ئەپەندىنى قولغا ئېلىپ، قەشقەر باۋاغ تۈرمىسىگە قامايدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قەشقەرگە پاردەمگە كىرگەن قىرغىز ئاتلىق پولكىنىڭ باشلىقى مەۋلانوپ قادىرھاجى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۈرمىدىكى مەمتىلى ئەپەندىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسنى تۈرمە ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ پىلىمۇتقا تۇتۇپ بولۇپ، بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئوت يۈرەك ئوغلى 36 يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ.

## 2. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى مەمتىلى ئەپەندى تەتقىقاتىدىكى بىر چوڭ تېما. بۇ ماقالىدە بۇجەھەتتىكى تەتقىقاتىمىزنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئالتە ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاستىن ئاتۇشتا مەكتەپ ئېچىپ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ 10 مىڭغا يېقىن ئوسمۈرنى مەكتەپ قوينىغا كىرگۈزگەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. جاي- جايلاردىن مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلار ئاتۇشقا كېلىپ مەمتىلى ئەپەندىدىن مەكتەپ ئېچىپ يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن، مەمتىلى ئەپەندى تۈزگەن دەرسلىك پروگراممىسىنى، مەمتىلى ئەپەندى يولغا قويغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى، مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان مەكتەپ ناخشىلىرىنى ئۆگەنگەن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى تېخىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان، ھەتتا مەمتىلى ئەپەندى «مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋاقىتتا، ئاتۇش كوچە- لىرىدا مەش دەستىسىپ ئېيتقان تۆۋەندىكى «مەرىپەت مارشى» ھەرقايسى يۇرتلاردا ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتلار بىلەن ئومۇملاشقان.

بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.
تالاي يىللار زۇلمەتتە تىنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم ـ ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.
خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بىسلىغان ئۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 20 ـ قىسمىدا ئېلان قىلىنغان، روزى ئىبراھىم يازغان «شايار ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ تارىخىدىن قىسقىچە ئەسلىمە» دېگەن ماقالىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «مەدەنىي ـ مائارىپ دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، 1935 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىغىچە ناھىيىنىڭ گۈلباغ، تويبولدى، يېڭى مەھەللە، مازار غوجا، يۇلتۇزباغ، نۇرباغ قاتارلىق 16 يېزىسىدا خەلق ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىدىن مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىشقا كىرىشتى. ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدا لاياقەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن 40 نەپەرنى تاللىۋېلىپ ئۆيۈشما بىناسى ئىچىدە بىر سىنىپلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلدى ... كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 1936 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇتقۇچىلىق كۇرسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. بۇ يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ئوقۇتقۇچىلارنى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەرقايسى ئورۇننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىدى ... ئۇلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان:

مۇئەللىم بىز يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
ئىلىم ـ بىلىم نۇرلىرىنى خەلققە چاچىمىز.
ھارماي ـ تالماي ئىشلەش بۇ ئىرادىمىز،
ۋەتىنىمىز، مىللىتىمىزنىڭ سادىق ئوغلى بىز.
ياشا ۋەتەن، ياشا خەلق،
يوقالسۇن، تۈگىسۇن خورلۇق ـ نادانلىق!

دېگەن ئوقۇتقۇچىلار مارشىنى جاراڭلىق ئوقۇپ، يېزا قىشلاقلاردىكى ياش ئۆسمۈرلەرنى يېڭىچە پەن ـ مائارىپ بىلەن تەربىيىلەشكە باشلىدى».

بۇ بايانلاردىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرىنىڭ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ۋە ناخشا ـ مارشلىرىنىڭ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شايار ناھىيىسىدە ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان بۇ «مەرىپەت مارشى» نىڭ «شايار ۋارىيانتى» دىن باشقا يەنە «كەلپىن ۋارىيانتى» «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 32 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، ئابدۇساتتار ھامىدىن تەييارلىغان ماقالىدە تۆۋەندىكىدەك بېرىلگەن:

«مۇئەللىم بىز يۇرتلاردا مەكتوپ ئاچىمىز،
مىللەتنىڭ باشىغا نۇرلار چاچۇرمىز.
ماڭغان يولىمىز بىزلەرنىڭ سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭى ئېچىلغان قىپقىزىل گۈلى،
ئىنشائاللا بۇزۇلماس ياشار، مىڭ ياشار،
يۇرتىمىزدا مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلغان گۈلى.»

مەمتىلى ئەپەندى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك ئۇلۇغ غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولغاچقا، 1935 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى ئابدۇرەھمان شائىر قاتارلىق ئونغا يېقىن كىشىنى يېڭى مائارىپنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتكەن. ئۇلار ئاقسۇنىڭ ئىگەرچى يېزىسىدىكى مېھرى خېنىمنىڭ بېغىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۇ مائارىپىنىڭ مەسئۇللىرى مۇھەممەت ھاجى، مەھمۇد ئەپەندى، مەمتىمىن سوپىزادە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر

بولىدۇ. ئابدۇرەھمان شائىر ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئاقسۇدا قىسقا مۇددەت تۇرۇپ مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان «مەرىپەت مارشى»، «ئىزچىلار مارشى»، «ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن»، «قوتۇلۇش يولىدا»، «ئىرپان كۆنلىرى» قاتارلىق قوزغىتىش ۋە ئويغىتىش كۈچىگە ئىگە ناخشا - مارشلارنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىپ ئاقسۇنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلار يەنە مەمتىلى ئەپەندى يولغا قويغان ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى، گىمناستىكا شەكىللىرىنى ۋە «ئىزچىلار ئەترىتى» قۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ ۋە تونۇشتۇرىدۇ. بىز بۇنى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 24 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، ئابدۇرەھمان مامۇت دىيار يازغان «ئاقسۇ كونا شەھەر مائارىپ تەزكىرىسى» دېگەن ماقالىدىكى بايانلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ماقالىدە: «‹ئىزچىلار ئەترىتى› ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، خەنزۇچە (تۇڭ زىجۈن) دېيىلەتتى. ئۇلار ئاساسەن تەرتىپ ساقلاشقا مەسئۇل بولاتتى. بۇلار يىغىن، بايراملارنىڭ تەرتىپىنى، كوچىلارنىڭ تەرتىپ ئامانلىقىنى ساقلايتتى ... بۇ تەشكىلات 1935 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، باشلىقى نەزم قاسىم ئىدى.

‹ئىزچىلار ئەترىتى› 1940 - يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئاقسۇ كونا شەھەردىكى ‹ئىزچى ئەترىتى› خېلى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. ھۆكۈمەت ساقچىلىرىدىن تەپ تارتمىغان كىشىلەر ‹ئىزچى ئەترىتى›دىن ئەيمىنەتتى. ئەمەلدارلارمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان ‹ئىزچىلار مارشى› بار ئىدى. بۇ مارشقا ئىلىم - پەننىڭ، مەرىپەتنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەنىدى...... ‹ئىزچىلار مارشى›نىڭ ئىجاد قىلغۇچىسى ۋە ‹ئىزچى ئەترىتى›نى تەشكىل قىلغۇچى — مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق ئەپەندى) ئىدى.»

مەمتىلى ئەپەندى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى يۇرتلاردا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ جايلاردىمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرى يولغا قويۇلغان. بۇنى بىز «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، ئوسمان قاسىم بىلەن غەيرەتجان ئوسمان يازغان «قازىرىق سەنئەت كۆرۈكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ بايانلاردىن كۆرۈۋالالايمىز: «پەننىي ئوقۇتۇش مۇئەللىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمى مۇنداق باشلانغان: 1935 - يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بەشكېرەم شۆبىسى بەشكېرەم بەگلىكى تەۋەسىدىكى پەننىي، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان يېشى چوڭ، دەرستە ياخشى، ساغلام باللاردىن 100 دىن ئارتۇقراقىنى قازىرىق مەكتەپكە يىغىپ، ياتاقلاشتۇرۇپ، كۇرسقا تەشكىللەيدۇ. كۇرسنىڭ ۋاقتى ئىككى ئاي قىلىپ بەلگىلەنگەن... ئۇ كۇرسقا ئاستىن ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ دولقۇنىنى قوزغاپ، قەشقەر ئەتراپىدا چوڭ تەسىر پەيدا قىلىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندى مۇھەممەتئىمىن خەلپىتىم ۋە تەنتەربىيە، غەزەل ماھىرى ئابدۇناسىر ئىككەيلەننى ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئەۋەتكەن.»

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قەشقەر مائارىپىغا كۆرسەتكەن ئەڭ زور تەسىرى 1936 - يىلى كۈزدە ئېلىپ بارغان يېڭى مائارىپ تەرغىبات ھەرىكىتىدىن ئىبارەت.

مەمتىلى ئەپەندى 1936 - يىلى كۈزدە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى تەرغىپ قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە ئۆزى بىۋاستە تەربىيىلىگەن 40 نەپەر ئىزچىنى تەشكىللەپ، پىيادە بىر ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ پەيزىۋات، يېڭىسار، تاشمىلىق، ئوپال، توققۇزاق، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بارغان. «ئىزچىلار ئەترىتى» بارغانلا يېرىدە مەمتىلى ئەپەندى ئۆگەتكەن مەرىپەت روھىغا ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ناخشا - مارشلارنى ئوقۇپ، كىچىك تىپتىكى كومېدىيىلەرنى ئورۇنداپ، تەشۋىقات تېكىستلىرىنى سۆزلەپ كىشىلەرنى مەكتەپ ئېچىشقا دەۋەت قىلىپ، يېڭى مائارىپنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلغان. «ئىزچىلار ئەترىتى» يېزا - كەنتلەردىن ئۆتكەندە، ئۇچىسىغا ئاتۇشنىڭ تۆتلۈك ماتاسىدىن ماشرەڭ ئىزچىلار فورمىسى، پۇتىغا خۇروم ئاياغ كىيگەن، ئۆشنىسىگە پالتا قىستۇرۇلغان كىچىك چامىدان ئارتىۋالغان. قولىدا

قىزىل بويالغان ئىزچىلار كالتىكى تۇتۇۋالغان ھالدا نەي - بارابانلارنى چېلىپ، ناخشا - مارشلارنى ئېيتىپ، رەتلىك تىزىلىپ، تەكشى قەدەم بىلەن كېتىۋاتقان بۇ «قوشۇن»نى كۆرگەن مىڭلىغان ئاما، ھەيرانلىق ۋە ھەۋەس نەزىرى بىلەن قىزغىن تەنتەنە قىلىشىپ «ئىزچىلار ئەترىتى»نىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ قېلىشقان. مەمتىلى ئەپەندى باشلىق ئىزچىلارنىڭ بۇ سەپىرى بەكمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، ئۇلار سەپەر جەريانىدا نادانلىقنىڭ بۆشۈكىدە تەۋرىنىپ ياتقان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە يېڭى مائارىپنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىغا قوشقان يەنە بىر ئالاھىدە تۆھپىسى، ئايال ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، مىڭلىغان قىز ئۆسمۈرلەرنى مەكتەپ قوينىغا جەلىپ قىلىش بولغان. ئۇ 1935- يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەد، تېجەن كەنتلىرىدە «چوكانلار سىنىپى» تەسىس قىلىپ، بىر تۈركۈم ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. مەمتىلى ئەپەندى يەنە ئاستىن ئاتۇشتىكى ھەرقايسى كەنتلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەربىرىدە ئۈچتىن بەشكىچە كەچكۈرس سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىپ، 1935 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، ئاتۇش تەۋەسىدىكى ساۋات چىقىرىشقا تېگىشلىك ئاھالىنىڭ %70تىن ئارتۇقراقىنى ساۋاتلىق قىلىپ بولغان.

مەمتىلى ئەپەندى خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي مەكتەپلەر ئۈچۈن 40 پارچىدىن ئارتۇق ناخشا ئىجاد قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ۋەتەن، مىللەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، مىللەتنى مائارىپ ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇش يولىدا بارلىقىنى بېغىشلايدىغان، توسقۇنلۇقلارغا باش ئەگمەيدىغان، جاھىل، مۇتەئەسسىپ روھانىي كۈچلەر بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىدىغان، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان، ئىلغارلىق ۋە تەرەققىيات يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىدىغان، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان «تەۋپىق روھى»نى نامايان قىلغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا «تەۋپىق روھى» - مۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىغا قوشقان يەنە بىر ئۇلۇغ تۆھپىسى.

## 3. مەمتىلى ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

مەمتىلى ئەپەندى ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، تېما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. كىچىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، پىكىر قاتلاملىرى ۋە شەكىل ئامىللىرى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تارىخىي دەۋر ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىممەت قارىشى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن مۇھىم ئامىل. بىزنىڭ بۇ يەردە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىممەت قارىشىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىمىزدىكى سەۋەب سەنئەتكارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا كۆرسىتىدىغان ئاكتىپ تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەگەر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى نوقۇل ئوبيېكتىپ رېئاللىق تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دەپ قارىلىدىغان بولسا، 1920 - ۋە 1930 - يىللىرى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تالاي قەلەمكەشلىرىمىز ئىچىدە، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىدىلا ئىنسانكارلىق، ئەركىنلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك ئىپادىلەنمىگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى روشەن ئەكس ئەتمىگەن بولاتتى.

مەمتىلى ئەپەندى دۇنيا قاراش جەھەتتە مىللەتنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، 1920-

يىلى 19 ياش ۋاقتىدا ئانا ۋەتەننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي تەقدىرى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقى يۈكسەك دەرىجىدە سىمۋوللاشتۇرۇلغان مەشھۇر ھەم تونجى شېئىرى «سايرام كۆلى»نى يېزىپ چىققان.

سايرام كۆلى ئۈزۈلۈك كىچىك، دەردىڭ تولا،
داۋالغۇيسەن ساھىللاردىن تاشالمايسەن.
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغاچ ئېگىز تاغلار،
ئىنتىلسەن داۋانلاردىن ئاشالمايسەن.

مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى ۋە پىكىر قاتلاملىرى، كىشىلەرنى نادانلىقتىن، قاششاقلىقتىن ۋە مەنىۋى قۇللۇقتىن قول ئۈزۈپ، ئەركىنلىك، تەرەققىيات ۋە مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دالالەت قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئويغان خەلق» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

ئويغان خەلق يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراق ياقىپ نۇر تولدۇر.

يوقسۇن ئەمدى زۇلمەت دەۋرى ئىستىبدات،
شۇم تەقدىردىن، قارا كۈندىن بول ئازات!

سائادىتىڭ ئۈچۈن تىرىش ھىممەت قىل،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشقا خىزمەت قىل!

دەس تۇر ئەمدى، ئاتلان خىزمەت يولىغا،
ھوماقۇشى قونسۇن ئەۋلاد قولىغا!

بىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دۇنيا قارىشىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئىدىيىسىنى ئەينى زاماندىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ ناھايىتى زور ئىلغارلىقى ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.
مەمتىلى ئەپەندى پائالىيەت ئېلىپ بارغان 1930 - يىللاردا، شىنجاڭدا بىرقاتار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلابلار يۈز بېرىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر كۈچەيگەن، خەلقنىڭ ئۆز ئۆزىنى بىلىش ئېڭى ئويغىنىۋاتقان، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، ئەركىنلىك بىلەن قۇللۇق، يېڭىلىق بىلەن كونىلىق، ئادالەت بىلەن زالالەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن بىر دەۋر ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا مەمتىلى ئەپەندى مەردانىلىق بىلەن مۇنداق يازغان:

ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن، بىزمۇ شادىمان بولىنىڭ،
ئىلمۇ ئىرپان يولى ئۈچۈن ئەمدى قۇربان بولىنىڭ.
نەچچە يىللاپ ئۇخلىدۇق، كۈندۈز ئىدى قاراڭغۇلۇق،
ئېچىلىپ ئىرپان يولى قاراڭغۇلۇق بولدى يورۇق.
تۇتىشىپ قوللارغا قول شادۇ - خەندان بولىنىڭ،

ئەي ۋەتەن ئەۋلادى ئەمدى ئۇيقىدىن كۆزۈڭنى ئاچ،
ئىلمۇ ئىرپان نۇرىنى ئال، مىللىتىڭ باشىغا ساچ،
ئۆزگىدەك ئۆز يۇرتىمىزغا بىزمۇ سۇلتان بولىنىڭ!

ئاخبارات، نەشرىيات ۋە مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىدىن ئىبغىز ئىبچىش قىيىن بولغان ئۇ زامانلاردا مەمتىلى ئەپەندى ئۆز ساداسىنى خەلققە ئۇنۇملۇك يەتكۈزۈش ئۈچۈن بارلىق شېئىرلىرىغا ئۆزى ئاھاڭ ئىجاد قىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىپ، زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغان.
سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم ئەۋجىگە چىققان، مىللىي كەمسىتىش ئومۇمىي رېئاللىق بولۇپ قالغان، مىللىي ئازادلىق، تەڭلىك - ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئىنسانىي ھوقۇق، تەرەققىيات ۋە ئىلىم - مەرىپەتكە ئىبرىشىش ھەمدە جاھالەت، خۇراپاتلىق، قالاقلىق، نادانلىق ۋە قاششاقلىقتىن قۇتۇلۇش تەلەپلىرى كۈنسايىن ئۆلغىيىۋاتقان بىر تارىخىي دەۋردە ياشىغان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەركىنلىك ۋە مەرىپەت غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مۇددىئاسى بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇنىڭ مىللەتپەر- ۋەر، مەرىپەتپەرۋەر روھىنى ۋە جەڭچىگە خاس قەيسەر خاراكتېرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.
مەمتىلى ئەپەندى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە كەڭ كۆلەملىك مائارىپ ھەرىكىتى قوزغىغان بولسا، يەنە شۇ مائارىپ ھەرىكىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ تارىخىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، مانا بۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىنقىلاب قىلىش ئۇسۇلى.
مەمتىلى ئەپەندى ئۆز زامانىسىدىلا شېئىر ئىجادىيىتىدە زاماندىش شائىرلاردىن پەرقلىق ھالدا، خۇددى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخشاش تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ۋە خەلق شېئىرىيىتى (قوشاق، بېيىت، داستان) ئۇسلۇبىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان، مانا بۇ مەمتىلى ئەپەندى ئەسەرلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى بىر خاس ئالاھىدىلىكى.
ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا شېئىرىيەتتىن قورال سۈپىتىدە پايدىلانغان مەمتىلى ئەپەندى، ئۆز مۇددىئاسىنى نادانلىقنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ ئىڭراۋاتقان خەلققە ئېنىق بىلدۈرۈش، ئۇلارنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش، مەرىپەت يولىغا دالالەت قىلىش ئۈچۈن تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە خەلققە يېقىن بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان.

بىز ئۇيغۇرنىڭ بالىلىرى كۆڭلىمىز نۇرلۇق،
بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق ھايات يولىمىز ئۇلۇغ.

كۆپ زامانلار سەرسان بولدۇق زالىم قولىدا،
دەريا - دەريا قانلار تۆكتۇق ئەرك يولىدا.

بىزگە گويا دوزاخ بولدى بۇ ئانا ماكان،
ئەسىر بولدۇق، تۇتقۇن بولدۇق ھالىمىز يامان.

كۈرەش بىلەن ئۆتتى ئەسىر شانىمىز ئۇلۇغ،
بىزگە ئەمدى ياراشمايدۇ خارلىق ۋە قۇللۇق.

بۇ شېئىرنىڭ تىل ۋە ئۇسلۇبىدىن بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - ۋە 30 - يىللىرى شېئىر ئىجادىيىتى

بىلەن شۇغۇللانغان نۇرغۇن شائىرلىرىمىزدا ئۇچرىمايدىغان ئۆزگىچىلىكلەرنى بايقايمىز. مانا بۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى، ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ۋە كۈرەش ئىرادىسىنى ئىپادىلەشتە قوللانغان شەكىل ئالاھىدىلىكى.

مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىك شۇكى، شائىر شېئىرلىرىنى چوڭقۇر ئىجتىمائىيلىق تۇيغۇسىغا، تارىخ تۇيغۇسىغا ۋە چىنلىق تۇيغۇسىغا ئىگە قىلغان. بۇ خىل ئالاھىدەلىك ئۆز نۆۋىتىدە مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان. مەسىلەن، مەمتىلى ئەپەندى «ئوقۇدى، ئاشتى»، «قۇتۇلدۇق»، «ئەي، ئانا يەر»، «ئەي ۋەتەن، خەلق» قاتارلىق شېئىرلىرىدا گاھىدا تارىخىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك سەھىپىلىرىدىن ئىپتىخارلىنىپ سېغىنىش ھېسلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، گاھىدا ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزنىڭ ھەسرەتلىك كۆرۈنۈشىدىن قاقشاپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە چۇقان سالغان.

مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تالانتلىق مۇزىكانت ۋە كومپوزىتور بولغاچقا، شېئىرلىرىنىڭ قۇرۇلما ۋە ئاھاڭدارلىقىنى ناخشا تېكىستلىرىگە قويۇلىدىغان ئېستېتىك تەلەپكە يېقىنلاشتۇرغان. شۇڭلاشقا 40 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىنىڭ ھەممىسى مەكتەپ ناخشىلىرى ۋە مەكتەپ مارشلىرى سۈپىتىدە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ مىقياسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ھەم 50 - يىللارغىچە داۋاملاشقان.

مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان ناخشا ۋە مارشلارنىڭ جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىشى ۋە كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشىدا يەنە مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان مۇزىكىلارنىڭ مېلودىيىسىنىڭ جۇشقۇن ۋە جەڭگىۋار بولۇشى ئالاھىدە رول ئوينىغان. خەلقىمىز جۇشقۇن ۋە جەڭگىۋار روھقا بەكمۇ مۇھتاج بولۇۋاتقان ئەينى زاماندا مۇشۇنداق روھتىكى ناخشا - مارشلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى شۈبھىسىزكى، تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى بولغان.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 - يىللىق 3 - سان.
2. سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۈمۈر داستانى» 1 - قىسىم، 1990 - يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى.
3. لىيۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (2 - قىسىم)، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى. 1996 - يىل نەشرى.
4. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 17-، 20-، 24-، 32- قىسىملىرى.
5. «مەشئەل» 1995 - يىلى بېسىلغان نۇسخىسى. ئاتۇش.
6. «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - كىتاب. قەشقەر.


(پوچتا نومۇرى: 830001)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئوسمان مۇھەممەت*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە «ئەركىن كارخانا تۈزۈمى» نىڭ ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ رىقابەت خاراكتېرلىق بازار مېخانىزمىنىڭ رولىغا مۇھتاج بولىدىغانلىقى، ئەركىن كارخانا تۈزۈمىنىڭ رىقابەت خاراكتېرلىك بازار مېخانىزمىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：本文主要阐明"自由企业制度"是社会化在生产高度发展的产物，社会主义市场经济体制需要竞争性的市场杠杆作用，自由企业制度反映了竞争市场经济杠杆的客观要求。

**Abstract**: The article briefly analyses the "free enterprise system" is the result of highly development of socialized production and social marketing system needs the competitive market function. It furtherly points out that free enterprise system reflects the objective claims of competitive market function.

نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئېلىمىز ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىسى قىلىندى. كارخانا ئىسلاھاتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، تىجارەتنى كۆتۈرگە بېرىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھەسسىدارلىق تۈزۈمىنى سىناق قىلىش يولىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇچۇن ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھاياتى كۈچكە ئىگە ئىقتىسادنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھاياتى كۈچكە ئىگە نۇرغۇنلىغان كارخانىلار بولۇشى كېرەك. چۈنكى، كارخانا ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنىڭ سۇبيېكتى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭمۇ سۇبيېكتى. كارخانا تۈزۈمىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە كارخانا تەشكىلاتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئەنئەنىۋى ئىقتىسادتىن زامانىۋى ئىقتىسادقا ئۆتۈشنىڭ ئاساسىي ئىپادىسىدۇر.

• ئوسمان مۇھەممەت: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىش - قىلالماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى بايلىقلارنى يەنى ماددىي بايلىق ۋە ئادەم كۈچى بايلىقلىرىنى ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش - پايدىلىنالماسلىقتا، بازاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئەڭ يۇقىرى قىممەتنى ئىشقا ئاشۇرالىغان - ئاشۇرالمىغانلىقىغا باغلىق، كارخانا بايلىقلارنى تەقسىم قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىكى بىر خىل تەشكىلىي شەكىل، تۈرلۈك ماددىي بايلىق ۋە ئادەم كۈچى بايلىقلىرىنى تەشكىللەپ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئېلىپ بارىدىغان ئىقتىسادىي تەشكىلىي شەكىل. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە، ئۇدا، مۇقىم راۋاجلىنىش - راۋاجلىنالماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى شۇ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ راۋاجلىنىش ھاياتى كۈچىگە ئىگە بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق.

XIX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە غەرب ئەللىرىدە تۆمۈر يول ترانسپورت تېخنىكىسى ۋە ئالاقىلىشىش تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كارخانا تۈزۈمىدە بىر قېتىملىق مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلىق بارلىققا كەلدى، يەنى مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن تىجارەت ھوقۇقى ئايرىۋېتىلگەن ھەسسىدارلىق شىركىتىنى بەلگە قىلغان ئەركىن كارخانا تۈزۈمى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، يېقىنقى زاماندىن بۇيان چىڭ سۇلالىسى ۋە شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە جۇڭگو ئىقتىسادى ئۇزاق مۇددەت راۋاجلانماي بىر ئىزدا توختاپ قالدى. كارخانا تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇزاقتىن بۇيان جۇڭگونىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي شارائىتى ھاياتى كۈچكە ئىگە بولغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا توسالغۇ بولۇپ، نەتىجىدە رىقابەت خاراكتېرلىك بازار ئىگىلىكىدىكى ئەركىن كارخانا تۈزۈمى شەكىللەنمىدى. ئەجنەبىچىلىك ھەرىكىتىدىن كېيىن، جۇڭگودا پەيدىن - پەي بيوروكراتلار ھەمدە ھۆكۈمەت تىجارەت قىلىدىغان بىر خىل ئۆلۈك كارخانا ئەنئەنىسى شەكىللەندى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، بيوروكرات مونوپول تىجارەت يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ھوقۇق يۈكسەك دەرىجىدە مونوپول قىلىنغان بيوروكرات ئىقتىساد شەكىللەندى. رىقابەت خاراكتېرلىك بازار مېخانىزمى ۋە ئەركىن كارخانا تۈزۈمى باشتىن - ئاخىر جۇڭگودا يىلتىز تارتالمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھوقۇق يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى قوللىنىلغانلىقتىن، كارخانا تامامەن مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. روشەنكى، رىقابەت خاراكتېرلىك بازار مېخانىزمى بولمىسا، ئەركىن كارخانا تۈزۈمىمۇ بولمايدۇ. ئەركىن كارخانا تۈزۈمى بولمىسا، رىقابەت خاراكتېرلىك بازار مېخانىزمىمۇ بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ كونا تۈزۈلمە ئاستىدىكى كارخانا تۈزۈمى، ئاساسەن بىر خىل ئۆزىنى ئۆزى راۋاجلاندۇرىدىغان ھاياتى كۈچكە ئىگە بولمىغان مەمۇرىي بېقىندا بويۇم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى كارخانا ئەمەس ئىدى. ھەقىقىي كارخانا بازار ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە بازارنى ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەمدە پايدىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش ۋە ئۇزاق مۇددەت مۇقىم راۋاجلىنىشنى نىشان قىلغان ئىقتىسادىي تەشكىلدۇر. كونا تۈزۈلمە ئاستىدىكى ئۆلۈك كارخانا تۈزۈمى ئارقىلىق ئېلىمىز سانائىتىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىقتىسادنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلىمۇ بولمايدۇ.

3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ كارخانا تۈزۈمىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بولۇپمۇ غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى يەنى يېزا بازار كارخانىلىرى، ئۈچ تەرەپ مەبلەغ سالغان كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانا تۈزۈمى يەنىلا ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە

كىتى (چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە هەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى) دىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ خىل كارخانا تەشكىلاتىغا تەدبىقلىنىدىغان قانۇننىڭ تامامەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن، لېكىن كارخانا بەرپا قىلىشتا تايىنىدىغان قانۇن كارخانا بەرپا قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان هەر بىر ئادەم ئۈچۈن باراۋەر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەركىن كارخانا تۈزۈمىدە كارخانىنى بەرپا قىلىش قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ. ئەكسىچە مەلۇم بىر مەمۇرىي ئورگان ياكى مەمۇرىي باشلىقنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولمايدۇ. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان «ئەركىن» دېگەن سۆز قانۇن مەنىسىدىكى تاللاشنىڭ پۈتۈنلەي ئەركىن بولىدىغانلىقىنى يەنى كارخانا بەرپا قىلىش ياكى قىلماسلىق، قانداق كارخانا بەرپا قىلىشنىڭ ئەركىن تاللىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، تىجارەت پائالىيىتىدە كارخانىنىڭ قانۇن يول قويغان دائىرىدىكى بارلىق تىجارەت ئۇسۇللىرىنى تاللاش هوقۇقى بولىدۇ. بۇ هوقۇق تىجارەت دائىرىسى، خادىملارنى ئىشلىتىش، ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش، مۇئاش تۈزۈمىنى بېكىتىش، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشنى بەلگىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت قانۇندا چەكلەنگەن بولمىسىلا، كارخانا بارلىق تىجارەت ۋاسىتىلىرىنى ئەركىن تاللىسا بولىدۇ. ئەركىن كارخانا تۈزۈمىدە هەرقانداق ئادەمنىڭ خالىغانچە كارخانىنىڭ هوقۇقىنى بەلگىلىشىگە ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا بولمايدۇ. قانۇن تۈزۈمىنىڭ كاپالىتى ئاستىدا، ئەركىن هالدا تىجارەت ئېلىپ بېرىش، ئەركىن كارخانا تۈزۈمىنىڭ ماهىيەتلىك بەلگىسى، شۇنداقلا ئەركىن كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئەڭ مۇهىم مەزمۇنى يۇكسەك دەرىجىدە هوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن مەمۇرىي خاراكتېرلىك پىلان ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدە، كارخانىنىڭ تەقدىرى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، كارخانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، راۋاجلىنىش، گۈللىنىپ روناق تېپىشى خېلى زور دەرىجىدە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى ياكى مەمۇرىي باشقۇرغۇچىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن ئادەم ئىدارە قىلىش ئەركىن كارخانا تۈزۈمى بىلەن پىلانلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى كارخانا تۈزۈمىنىڭ تۈپ پەرقىدۇر.

تۆتىنچى، ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ئاستىدا، كارخانىنىڭ نىشانى بازارنى تاۋار ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش هەمدە پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ، كارخانا باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش كارخانىدىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي تەشكىلىنىڭ ئاساسىي نىشانى، شۇنداقلا كارخانىنى باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇهىم بەلگە بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئەگەر پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش نىشانىدىن چەتلەپ كېتىلىدىكەن، ئۇنداقتا كارخانىمۇ هەقىقىي كارخانا بولالمايدۇ.

ئەركىن كارخانا تۈزۈمى هەرگىزمۇ هەر بىر كارخانىنىڭ پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا، هەممە كارخانىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش ۋە ئۇزاق مۇددەت مۇقىم راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، رىقابەت جەريانىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، ئەلالىرى غەلىبە قىلىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىش ئەركىن كارخانا تۈزۈمىدىكى كارخانىلار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى. گۈللىنىپ راۋاجلانغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى بىلەن زىيان تارتىپ ۋەيران بولغان كارخانىلارنىڭ زىيىنى هەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ. ئالدىنقىسى مۇقەررەر هالدا كېيىنكىسىدىن زور دەرىجىدە هالقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن رىقابەت خاراكتېرلىك بازار ئىگىلىكىدە، زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇش خەۋپى هەر بىر كارخانىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە راۋاجلىنىش پۇرسىتى ئىزدەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېخنىكا راۋاجلاندۇرۇش، تېخنىكا يېڭىلاش ئارقىلىق مەهسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېهتىياجىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قاندۇرۇپ، بازار رىقابىتىدىكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت

ئىسلاھاتىدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلە بولۇپ تۇرۇۋا-
تىدۇ. كارخانىلاردىكى زىيان تارتىش ھالىتى ۋە
ئۇنۇم تۆۋەن بولۇش قاتارلىقلار جۇڭگو ئىقتىسادى-
نىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە كاشىلا بولماقتا.
قىسقىسى، ئېلىمىزنىڭ كارخانا تۈزۈمىنىڭ
رىقابەت خاراكتېرلىك بازار مېخانىزمىدىكى ئەر-
كىن كارخانا تۈزۈمى بىلەن بولغان ئارىلىقى تېخى
خېلى يىراق. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈ-
زۈلمىسى، رىقابەت خاراكتېرلىك بازار مېخانىزمى-
نىڭ بايلىقلارنى تەقسىملەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلى-
نىش جەھەتتە ئاساسلىق رول ئوينىشىنى تەلەپ
قىلىدۇ. بۇ ئېلىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كار-
خانا تۈزۈمىنىڭ ئەركىن كارخانا تۈزۈمى تەرەپكە
قاراپ راۋاجلىنىشىنى مۇقەررەر ھالدا تەلەپ قىلى-
دۇ. شۇنداقلا كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىسى رى-
قابەت خاراكتېرلىك بازار مېخانىزمىدىكى ئەركىن
كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەكلىكىنى چۈ-
شەندۈرىدۇ.

ئەركىن كارخانا تۈزۈمى دېگەن زادى نېمە؟
بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئاۋۋال سوتسى-
يالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى كارخانى-
نىڭ تەشكىلىي فورماتسىيىسى ۋە ھەرىكەت شەك-
لىنى ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ئۇقۇمى بىلەن ئىپا-
دىلەش زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدۇ: ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھازىرقى زامان
كارخانا تۈزۈمى ئالدى بىلەن خۇسۇسىي مۈلۈك
ھوقۇقى ئاساسىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئاستىدا
پەيدا بولۇپ راۋاجلانغان. لېكىن كارخانا تەشكىلا-
تىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىدىن شۇ نەرسىنى بىلەلەي-
مىزكى، ئەركىن كارخانا تۈزۈمى رىقابەت خاراك-
تېرلىك بازار مېخانىزمىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى
ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى تەرەققى-
ياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. زامانىۋى ئىقتىسا-
دىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي بەلگىسى. بازار ئىگىلى-
كىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن رىقابەت خاراكتېرى-
دىكى بازار مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك با-
زار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەركىن كارخانا تۈزۈمى-
نى ئورنىتىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، كارخانى-
نىڭ تىجارەت ھەرىكىتى ۋە كارخانىنىڭ خوجايىن-
لىق ھوقۇقى كارخانىنىڭ بازار رىقابىتىدىكى كۆپ
خىل ئىقتىسادىي ھەرىكىتى ۋە كۆپلىگەن تەرەپلەر-
دىكى ھوقۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ،
ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىر پۈتۈن ئۇقۇم.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تۇتاش ھالدا ئەركىن كارخانا
تۈزۈمى ئۇقۇمى بىلەن رىقابەت خاراكتېرلىك بازار
تۈزۈلمىسىدىكى كارخانا تۈزۈمى يەنى كارخانىنىڭ
تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، ھەرىكەت شەكلى، ئىقتى-
سادىي ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەش ئەڭ مۇ-
ۋاپىق ئۇسۇل.

ئەركىن كارخانا تۈزۈمى بازار ئىگىلىكىدە
كارخانىلار قانۇن بويىچە قۇرۇلىدىغان، قانۇن بو-
يىچە تىجارەت ۋاستىلىرىنى ئەركىن تاللاپ، كار-
خانىنىڭ تىجارەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بىر
خىل كارخانا تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. ئەركىن كار-
خانا تۈزۈمىنىڭ تۆۋەندىكىدەك مەنىلىرىنى كۆرسى-
تىش مۇمكىن:

بىرىنچى، پەقەت بازار ئىگىلىكىدىكى رىقابەت
خاراكتېرلىك بازار تۈزۈلمىسىدىلا، ئەركىن كار-
خانا تۈزۈمى مەۋجۇتبولۇپتۇرىدۇ. ھوقۇق يۇك-
سەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن مەمۇرىي خا-
راكتېرلىك پىلان ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئەركىن
كارخانا تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەر-
كىن كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى تو-
لۇق رىقابەتكە تولغان بازاردا تىجارەت قىلىش بولى-
دۇ. ئەكسىچە، مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھوقۇق
مونوپولىيىسىگە تايىنىپ بازار كۈچلىرىنى ئىدارە
قىلغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئەركىن كارخانا تۈزۈمىدىكى
كارخانا قانۇن بويىچە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئەكسىچە
مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ئورگانلار ياكى مەمۇرىي باش-
لىقنىڭ تەستىقى بىلەن ۋە ياكى ئۇنىڭ رۇخسىتى
بىلەن قۇرۇلمايدۇ. بازار ئىگىلىكىدە، ئۈچ خىل
ئاساسىي كارخانا تەشكىلىي بولىدۇ يەنى يەككە ئا-
دەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانا، شېرىكچى-
لىك تۈزۈمىدىكى كارخانا ۋە ھەسسىدارلىق شىر-

كىتى (چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى) دىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ خىل كارخانا تەشكىلاتىغا تەدبىقلىنىدىغان قانۇننىڭ تامامەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن، لېكىن كارخانا بەرپا قىلىشتا تايىنىدىغان قانۇن كارخانا بەرپا قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن باراۋەر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەركىن كارخانا تۈزۈمىدە كارخانىنى بەرپا قىلىش قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ. ئەكسىچە مەلۇم بىر مەمۇرىي ئورگان ياكى مەمۇرىي باشلىقنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولمايدۇ. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان «ئەركىن» دېگەن سۆز قانۇن مەنىسىدىكى تاللاشنىڭ پۈتۈنلەي ئەركىن بولىدىغانلىقىنى يەنى كارخانا بەرپا قىلىش ياكى قىلماسلىق، قانداق كارخانا بەرپا قىلىشنىڭ ئەركىن تاللىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، تىجارەت پائالىيىتىدە كارخانىنىڭ قانۇن يول قويغان دائىرىدىكى بارلىق تىجارەت ئۇسۇللىرىنى تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ ھوقۇق تىجارەت دائىرىسى، خادىملارنى ئىشلىتىش، ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش، مۇئاش تۈزۈمىنى بېكىتىش، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى بەلگىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت قانۇندا چەكلەنگەن بولمىسىلا، كارخانا بارلىق تىجارەت ۋاسىتىلىرىنى ئەركىن تاللىسا بولىدۇ. ئەركىن كارخانا تۈزۈمىدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ خالىغانچە كارخانىنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلىشىگە ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا بولمايدۇ. قانۇن تۈزۈمىنىڭ كاپالىتى ئاستىدا، ئەركىن ھالدا تىجارەت ئېلىپ بېرىش، ئەركىن كارخانا تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى، شۇنداقلا ئەركىن كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى. يۇكسەك دەرىجىدە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن مەمۇرىي خاراكتېرلىك پىلان ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدە، كارخانىنىڭ تەقدىرى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ قولىدا بولۇپ، كارخانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، راۋاجلىنىشى، گۈللىنىپ روناق تېپىشى خېلى زور دەرىجىدە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى ياكى مەمۇرىي باشقۇرغۇچىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن ئادەم ئىدارە قىلىش ئەركىن كارخانا تۈزۈمى بىلەن پىلانلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى كارخانا تۈزۈمىنىڭ تۈپ پەرقىدۇر.

تۆتىنچى، ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ئاستىدا، كارخانىنىڭ نىشانى بازارنى تاۋار ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ھەمدە پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ، كارخانا باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. لېكىن پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش كارخانىدىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي تەشكىلنىڭ ئاساسىي نىشانى، شۇنداقلا كارخانىنى باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش نىشانىدىن چەتلەپ كېتىلىدىكەن، ئۇنداقتا كارخانىمۇ ھەقىقىي كارخانا بولالمايدۇ.

ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ھەرگىزمۇ ھەر بىر كارخانىنىڭ پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا، ھەممە كارخانىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش ۋە ئۇزاق مۇددەت مۇقىم راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئەكسىچە، رىقابەت جەريانىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى، ئەلالىرى غەلىبە قىلىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىش ئەركىن كارخانا تۈزۈمىدىكى كارخانىلار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى. گۈللىنىپ راۋاجلانغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى بىلەن زىيان تارتىپ ۋەيران بولغان كارخانىلارنىڭ زىيىنى ھەرگىز ئوخشاش بولمايدۇ. ئالدىنقىسى مۇقەررەر ھالدا كېيىنكىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن رىقابەت خاراكتېرلىك بازار ئىگىلىكىدە، زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇش خەۋپى ھەر بىر كارخانىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە راۋاجلىنىش پۇرسىتى ئىزدەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تېخنىكا راۋاجلاندۇرۇش، تېخنىكا يېڭىلاش ئارقىلىق مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قاندۇرۇپ، بازار رىقابىتىدىكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت

بايلىقلارنى ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا قىممىتى تېخىمۇ زور بولغان جايلارغا ئىشلىتىشكە تۈرتكە بولىدۇ. مانا بۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئەركىن كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا مۇنداق ئىككى ئىدارە قىلغۇچى شەرتنى ھازىرلاش كېرەك. بىرىنچى، مۈلۈك ھوقۇقى چەكلەش كۈچى شەرتى. بۇ ئادەتتە كارخانىدىكى تۈرلۈك بايلىقلارغا بولغان مۈلۈك ھوقۇقىنى ئەقىلغا مۇۋاپىق، ئېنىق، قاتتىق ئايرىپ ۋە ئىشەنچىلىك قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، كارخانىنىڭ بايلىقىنى ئىدارە قىلىپ ئىشلىتىش، ئېنىق مەسئۇل سۇبيېكت بولۇش، ھەرىكەت سۇبيېكتى بولۇش ۋە مەنپەئەت سۇبيېكتى بولۇش، مەسئۇلىيەت- ھوقۇق - مەنپەئەت ئۆزئارا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي چەكلەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى، رىقابەت چەكلەش كۈچى شەرتى، بۇ ئادەتتە تولۇق رىقابەتكە تولغان بازار مېخانىزمىنىڭ كارخانىنىڭ تىجارىتىنى ئوبيېكتىپ ئۆلچەش مىزانى بىلەن تەمىن ئېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، تولۇق رىقابەتكە تولغان مەھسۇلات بازىرى، مەبلەغ بازىرى، ئەمگەك كۈچى بازىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ كونا تۈزۈلمە ئاستىدىكى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانا تۈزۈمىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەركىن كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت نەتىجىسى بىلەن ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ئاستىدىكى ھەرىكەت ئۇسۇلى ھەم ھەرىكەت نەتىجىسىنىڭ پەرقى ئىنتايىن زور. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا تۈزۈمى ئاستىدا، كارخانا ھوقۇقى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن مەمۇرىي خاراكتېرلىك ماسلاشتۇرۇلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىچىدە يۈرۈشىدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي مەمۇرىي ھوقۇق ئورگىنىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالغان بولىدۇ. بۇنداق تۈزۈلمە ئاستىدا كارخانىنى بەرپا قىلىش پۈتۈنلەي مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ تىجارەت ھەرىكىتى مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى كونتروللۇقى ۋە باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. كارخانىنىڭ نىشانى بازارنى توۋار ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش بولماستىن، ئەكسىچە يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقىنى ئورۇنلاش بولىدۇ. پايدىنى يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش بولماستىن، ئەكسىچە مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش بولىدۇ. كارخانىدا رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش، ئەلالىرى غەلىبە قىلىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىدىغان مېخانىزم بولمايدۇ. ئەكسىچە، تىجارىتى ياخشى بولمىغان كارخانىلار زىيان تارتىپ ۋەيران بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدۇ. تىجارىتى ياخشى بولغان كارخانىلار ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن پايدىسىغا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، تولۇق رىقابەت مېخانىزمى بولمىغان شارائىت ئاستىدا تىجارىتى ياخشى بولۇش بىلەن تىجارىتى ياخشى بولماسلىقنى ئۆلچەيدىغان ئوبيېكتىپ ئۆلچەممۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ سۇبيېكتى بولغان كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور دەرىجىدە بوغۇپ قويىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

(1) «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993- يىلى 12 - ئاي نەشرى.

(2) «جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993 - يىلى 3 - ئاي نەشرى.

(3) «شىنخۇا ئايلىق گېزىتى» 1992 - يىلى 7 - سانى.

(4) «دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىسى نەزەرىيىسى»، خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى 11 - ئاي 2 - نەشرى.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئابدۇغېنى ئوبۇلھەسەن*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى بازار ئىگىلىكى بىلەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنىپ، مەملىكىتىمىزدە بازاردىن ئىبارەت غايەت زور ئىقتىسادىي پىشاڭدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文论述社会主义市场经济与资本主义市场经济的异同，在我国进一步利用市场经济这一巨大经济杠杆必要性。

**Abstract**: This article expounds the similarities and differences between socialist market economy and capitalistic market economy as well as the necessity of making further use of tremendous economic levers—socialist market economy in our country.

بازار ئىگىلىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىش شەكلى بولۇپ، ئۇ بايلىقنى سەرخىل ئورۇنلاشتۇرۇش، بايلىقنى تېجەش، ئىقتىسادىي ئۇچۇر تارقىتىش، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى بىۋاسىتە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشىلىرىنى مۇكاپاتلاش، ناچارلىرىنى شاللاش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ، شۇڭلاشقا، بازار ئىگىلىكى ـ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى.

بازار ئىگىلىكى تاۋار سودا بازىرى، ئەمگەك كۈچى بازىرى، تېخنىكا بازىرى، ئۆي ـ جاي بازىرى، پاي چېكى بازىرى، ئۇچۇر ـ مۇلازىملىق بازىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن تەكشۈرۈشكە بولىدۇ. بىرى، ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ تەكشۈرۈپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئورتاقلىقىنى تەتقىق قىلىش لازىم؛ يەنە بىرى، بازار ئىگىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ خاسلىقىنى تەتقىق قىلىش لازىم. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئورتاقلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكى قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بازار سۇبيېكتىنىڭ مۇستەقىللىقى، بازار مۇناسىۋىتىنىڭ باراۋەرلىكى، بازار پائالىيىتىنىڭ رىقابەتچانلىقى، بازار تەرەققىياتىنىڭ ئېچىۋېتىلىشچانلىقى، مۇكەممەل بول-

* ئابدۇغېنى ئوبۇلھەسەن: شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ لېكتورى.

غان قانۇن سىستېمىسى ۋە نازارەت سىستېمىسىغا ئىگە بولۇش، ھۆكۈمەت بازارنىڭ ئايلىنىشىنى ۋاستىلىق تىزگىنلەش ۋە تەڭشەش قاتارلىق ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر بازار ئىگىلىكى بولغانلىكى ئىجتىمائىي تۈزۈملەردە ئوخشاشلا رول ئوينايدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكى مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي تۈپ تۈزۈمى بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولىدۇ.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز، بولۇپمۇ بازارنى يۈزلىنىش قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مەخسەت ۋە مەزمۇن قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەم ئورتاقلىقىقا ئىگە، ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى قىممەت قانۇنىيىتى، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتى، باھا سىگنالى، رىقابەت مېخانىزمى، بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىقنى تەقسىم قىلىشتىكى رولى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى ئاساسەن، بازار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ چەكلىمىسىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى كېڭەيگەن، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە كەسىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلەشكەن، تەرەققىيات نىشانى نورماللاشقان، كۆپ خىللاشقان، ئىگىلىك خەلقئاراغا يۈزلەنگەن ئەھۋالدا، بايلىقنى تەقسىم قىلىشتا مەمۇرىي ۋاستە ئاساس قىلىنغان پىلانلىق ئىگىلىك ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بايلىقنى بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلغان بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكى شۇنداق ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەنلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەڭشەش رولىدىن قارىغاندا «بىز بەرپا قىلىدىغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلىشى، تەڭشىشى ئاستىدا، بازاردىكى بايلىقنى تەقسىم قىلىشتا ئاساسىي رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئويغۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدا باھا پىشاڭى ۋە رىقابەت مېخانىزمىنىڭ رولى ئارقىلىق بايلىق ئۇنۇمى ياخشىراق ھالقىلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ ۋە كارخانىلارغا بېسىم، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ياخشىلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىنىپ، ناچارلىرى قاتاردىن چىقىرىلىدۇ؛ بازارنىڭ ھەر خىل ئىقتىسادىي سىگناللارغا بىر قەدەر تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياجنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ». بۇ، دۆلەت پىلانىنى چەتكە قاقمايدۇ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىكنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشىشى، تىزگىنلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «ئىقتىسادىمىزدا قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى داۋاملىق كۈچەيتىش لازىم. ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە تونۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىزدىن ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەندى. بۇ، 14 يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىپ خۇلاسىلىغاندىن كېيىن چىقىرىلغان توغرا يەكۈن.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى - ئىقتىسا-

دىي مەسىلە، شۇنداقلا ئۇ يەنە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى مەسىلە. مەيلى قايسى نۇقتىدىن قارىمايلى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتى مۇقەررەرلىكىنىڭ ئىنكاسى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ۋە تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن.

ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا ئاساسلانغاندا، شەيئىلەر تەرەققىياتى جەريانىدا زىددىيەت ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەم ئومۇملۇقتا، ھەم ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەرقانداق بىر زىددىيەت ئومۇملۇق بىلەن ئالاھىدىلىكنىڭ، ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىن ئىبارەت، ئىككىسى ھەم باغلىنىشلىق، ھەم پەرقلىق بولىدۇ. سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزممۇ ھەم باغلىنىشلىق ھەم پەرقلىق بولىدۇ. شۇڭا بىز بىر تەرەپتىن مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈپ پەرقلەرنى قەتئىي ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاسلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ توغرا تونۇشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچكى باغلىنىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ سوتسىيالىزمنىڭ خاسلىقىنى توغرا جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بۇ ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ ئاساسىي تەلىپى.

خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىلگىرى بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشىمىزدا ئېغىر بىر تەرەپلىمىلىك، يۈزەكىلىك مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا «پىلان بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش بۇ مەسىلىنىڭ يادروسى، ئەنئەنىۋى كۆز قاراش بويىچە، بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا خاس نەرسە پىلانلىق ئىگىلىكلا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى دەپ ھېسابلانغانىدى» دەپ كۆرسەتتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە «پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمغا باراۋەر ئەمەس، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەس، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ. پىلانمۇ، بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاستە، پىلاننىڭ كۆپرەك بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپرەك بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. بۇ مۇپەسسەل ھۆكۈم پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى تۈپ ئىجتىمائىي تۈزۈم كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ دەپ قارايدىغان ئىدىيىۋى ئاسارەتنى تۈپ ئاساسىدىن تۈگەتتى.

كاپىتالىزم بازار مېخانىزمىنى تەكىتلەپلا قالماستىن يەنە ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تەڭشىشىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. سوتسىيالىزممۇ ماكرولۇق تەڭشەش، كونترول قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بازار مېخانىزمىنىڭ تەڭشەش رولىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىجتىمائىيلاشقان سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پىلان ۋە بازاردىن ئىبارەت بۇ ئىككىسى ئورتاقلىققا ئىگە نەرسە، لېكىن ئىلگىرى بىلىش جەھەتتىكى سەۋەبلىك تۈپەيلىدىن، ئورتاقلىققا ئىگە نەرسىنى خاسلىققا ئىگە قىلىپ قويۇپ، ئۇزۇن مەزگىل بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى رولى رەت قىلىنغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى زور توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە كەڭ قوللىنىلغان بازار ئىگىلىكى ۋاستىسىنى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشان ئەندىزىسى قىلىپ، ئېلىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى قىيىن ئەھۋالدىن توغرا بولغان تەرەققىيات يولىغا ئېرىشتۈرۈپ، كەڭ يول ئېچىپ بەردى. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ زور تارىخىي تۆھپىسى.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ نۇقتىئىنەزەرى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدا توغرا تەھلىل يۈرگۈزۈش، توغرا چۈشىنىش ھەمدە توغرا نىشان بويلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى.

كاپىتالىستىك دۆلەت بولسۇن ياكى سوتسىيالىستىك دۆلەت بولسۇن، بازار ئىگىلىكىنى تەرەق-

قىي قىلدۇرغاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، نەزەرىيىۋى جەھەتتىمۇ، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتىمۇ پەرقلەر بولىدۇ. لېكىن بازارنى يېتەكچى قىلىش، بازار رىقابىتى، بازارنى ئېچىۋېتىش، بازار تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاقلىق بولىدۇ. بۇ ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما مۈلۈكچىلىك شەكلى تەقسىمات تۈزۈمى ۋە ماددىي، سىياسىي، ئاممىۋى ئاساس قاتارلىق جەھەتلەردە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. بۇ ئالاھىدىلىكنىڭ كونكرېت ئىنكاسى. شۇڭا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ستراتېگىيىلىك نىشاننى تۇرغۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش تەرەپ بىلەن ئوخشىمىغان تەرەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز لازىم. پەقەت ئۇلاردىكى ئوخشاشلىقنى كۆرگەندىلا، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى بەزى ئىجابىي تەجرىبىلەر ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى يۈرەكلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا باب كېلىدىغان جەۋھەرنى تاللىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلاردىكى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەرنى كۆرگەندىلا، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تۈزۈم - ئۇسۇل ۋە چىرىك نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تېز ساغلام راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز پەقەت دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممە نەرسىسىنى چەتكە قاقماسلىقىمىز، شۇنداقلا يەنە پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ كەلمەسلىكىمىز، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ئۇلاردىكى ئىلغار پەن- تېخنىكا، ياخشى تەجرىبە ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيىمىز «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىش، چەت ئەلنىڭ ياردىمىنى قوشۇمچە قىلىش» تىن ئىبارەت تۈپ يېتەكچى فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا چوقۇم ئۆزىنى تولۇق بىلىش، ئۆزىنى ئاساس قىلىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە قولايلىق يارىتىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەندى. تارىخىي تەجرىبىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي يېڭى ئىش، بۇرۇنقىلار ئىشلەپ باقمىغان بىر تۈرلۈك مۇشكۈل ۋەزىپە. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيمىز دەيدىكەنمىز، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىش، چەت ئەلنىڭ مەبلىغى ۋە ئىلغار تېخنىكىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن جەلپ قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى «دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بولۇپمۇ چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، كارخانىلارنى بازارغا ئىتتىرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، بۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ تۈگۈنى» بۇ بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، «مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز

ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي تاپقۇزىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەپ تۇرىدىغان قانۇنىي ئىگىلىك ئەمەلىي گەۋدىگە ۋە بازار رىقابىتىدىكى ئاساسىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە دۆلەت مال-مۈلۈكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم».

شۇڭا كارخانىلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقچى بولىدىكەن، ئىچكى، تاشقى سەۋەبلەرنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ئىچكى مېخانىزىم بىلەن تاشقى شارائىتنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، كارخانىلار كۈچلۈك بازار رىقابىتىگە قاتنىشىپ تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، ئاساسىي زىددىيەت، ئاساسىي بولمىغان زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋەت قائىدىسى— سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توپ پرىنسىپ، شۇڭلاشقا ئاساسىي كۈچنى تۇتۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇش ھەمدە ئۆز نۆۋىتىدە غەيرىي ئاساسىي زىددىيەتنىمۇ ئەستايىدىل ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بۇ پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ ستراتېگىيىلىك تاكتىكا مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىشتىكى پەلسەپىۋى ئاساس، شۇنداقلا ئىلمىي بولغان رەھبەرلىك ئۇسۇلى. چۈنكى ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتقاندىلا، خىزمەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى ياخشى بەلگىلەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىلىق بولغان ئىلمىي خىزمەت تەرتىپىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرگىلا ئەھمىيەت بېرىپ يەنە بىرى بىلەن كارىمىز بولمايدىغان، قىسمەنلىكنى كۆرۈپ، ئومۇملۇقنى كۆرمەيدىغان ياكى كۆز ئالدىنىلا كۆرۈپ، يىراقنى كۆرمەيدىغان خاھىشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

قانۇنىيەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ۋە بىلىشنىڭ پا-

ئالىيەتچانلىقى ماركسىزملىق پەلسەپە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر. ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇشنى ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

بازار ئىگىلىكى — قىممەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش ئاساسىدا بازاردىكى تەمىنلەش، تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، بايلىقنى ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تەڭشىلىپ تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم، ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

قىممەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك — بازار مېخانىزمى ئايلىنىشىنىڭ ئىچكى ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىنى چىقىش قىلماي، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلغاندىلا، ئۆزگىرىۋاتقان بازارنى قولدىن بەرمەي، ئۇنىڭ تەڭشەش فۇنكسىيىسىدىن توغرا پايدىلىنىپ، بايلىقنى سەرخىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا يۈزلەنگىلى بولىدۇ. ئەكسىچە قىممەت قانۇنىيىتىدىن ئايرىلغاندا، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى نەچچە يۈز يىللىق تارىخنى بېشىدىن كەچۈردى. ئورغۇنلىغان تەجرىبىلەر بىزنىڭ ئەيىنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. لېكىن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبىدىن بىز ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلسەك بولمايدۇ. بىزنىڭ قۇرماقچى بولغىنىمىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان كار-

خانىلار سۈبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، چۈنكى رىقابەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان شۇنداقلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەرنىڭ بىرى. بازار ئىگىلىكىنىڭ يادروسى بولسا — ئادىل رىقابەتلىشىشتىن ئىبارەت. كارخانىلارنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشىنىڭ ماھىيىتى — ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا سۈبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت. بىز دەۋاتقان رىقابەت ئېڭى — سۈبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇشتۇر. ھەربىر كارخانا ئەگەر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بازار تىجارىتى ۋە بازار ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە سۈبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرسا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتسە، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەكسىچە رىقابەت ئېڭى كەمچىل بولۇپ، ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەرمىسە ۋەيران بولىدۇ. دېمەك، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش بىلەن مەغلۇپ بولۇش — رىقابەت قانۇنىيىتىدۇر.

ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى شەيئىلەرگە بولغان بىلىش بىراقلا ئورۇنلانمايدۇ، بەلكى كۆپ قېتىم تەكرارلىنىدىغان، ئاكتىپ، پائالىيەتچان ئىنكاس جەريانىدۇر دەپ قارايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى بىخ ھالىتىدىن بەرپا قىلىنىپ بولغىچە نۇرغۇنلىغان ئەگرى-توقايلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. 18 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئەمەلىيەت - بىلىش - يەنە ئەمەلىيەت - يەنە بىلىش جەريانىدۇر. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس قىلىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بازارنىڭ تەڭشەش مېخانىزمى قايتىدىن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا ئېلىپ كىرىلدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشقا يول ئېچىپ، خۇشاللىنارلىق بىرىنچى قەدەم بېسىلدى.

پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدا، تاۋار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان باسقۇچى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدۇر دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ يېڭى ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا نەزەرىيەۋى جەھەتتىكى بۆسۈشنى بارلىققا كەلتۈردى.

پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈزۈلمىسى پىلان بىلەن بازار ئىچكى جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن تۈزۈلمە بولۇشى كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بازارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى يولغا قويۇش ھەرگىزمۇ كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەس. نەچچە يىللىق نەزەرىيىۋى تەتقىقات ۋە ئىسلاھات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئاخىر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش پارتىيىنىڭ14- قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكى چىقىشالمايدۇ دەيدىغان توساق ئۈزۈل - كېسىل بۇزۇپ تاشلىنىپ، سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ئەمەلىيەت جەريانىدا سەكرەش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئاكتىپ بولۇش ھەم سالماق بولۇش، ئۇزۇن مەزگىلنى كۆرۈش ھەم جىددىيلىك تۇيغۇسى بولۇش ھەم

بىرلىككە كەلگەن پىلان بولۇش، ھەم ئوخشىمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەك. بىر قېتىمدىلا ئورۇنلاپ بولىمەن دەيدىغان خىيال بىلىش دىئالېكتىكىسىغا ئۇيغۇن ئەمەس. بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەتكە قاتنىشىپ يەنە بىر تەرەپتىن بىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.

قىسقىسى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدە پائال ئىزدەنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، خۇددى پارتىيىنىڭ 14- قۇرۇلتىيىدا كۆرسىتىلگىنىدەك «سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەربىكىتى كاپىتالىزم شارائىتىدىكى بازار ئىگىلىكىنىڭكىدىن تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ» . شۇڭا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى داۋاملىق كۈچەيتىش لازىم. بازارنىڭ رولىنى كېڭەيتىش بىلەن بىللە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي سىياسەت، ئىقتىسادىي قانۇن ـ نىزاملارنى، پىلانلىق يېتەكچىلىك ۋە زۆرۈر مەمۇرىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازارنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئاجىزلىق ۋە پاسسىپ تەرەپلەرنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ ۋە ئىزىغا سېلىپ، بازارنى ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا باشلىشىمىز كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3- توم.
2. جياڭ زېمىننىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتى» .
3. «14 ـ قۇرۇلتاي 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» .
4. «پەلسەپە قائىدىلىرى» ناملىق ئايلىق ژۇرنال، 1994 ـ يىللىق 2 ـ سان.



(پوچتا نومۇرى: 830054)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى

ئابدۇكېرىم رەھمان•

**قىسقىچە مەزمۇنى:** فولكلور خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە يارات- قان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى يالدامىسى، مەنىۋى مەدەنىيەت گۈلىستانىنىڭ سولماس ھەيكىلى، ئاۋام ئىدىئولوگىيىسى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلار- نىڭ ئىپتىنىك مۇجەسسەمى.

مەزكۇر ماقالىدە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى فولكلورىدا بىر قەدەر ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە مۇقەددەس سانلار كاتېگورىيىسى ئىچىدىكى «7»، «9»، «40» قاتارلىق سانلارنىڭ ئىپادىلىگەن سىمۋوللۇق مەنالىرى ۋە شەكىللىنىش سەۋەبلىرى، بۇ سانلارنىڭ خاسىيەتلىك تۈسكە كىرىشىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار، بۇ مۇقەددەس سانلارنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە تۇتقان ئورنى ۋە رولى قاتارلىقلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要**：民俗是一个民族在世代代所创造的物质和精神文化传统的载体，是精神文化殿堂中不朽的雕像，是一方之民哲学思想观念民族学集结。本文简要阐述操突厥语族诸语言的各民族古代民俗“七”、“九”、“四十”等数字的象征意义及其成因，造成这些数字的吉祥色彩的内部因素和外部因素以及这些数字在上述各民族的文化圈中所处的地位等。

**Abstract**: Folklore is peoples' traditional embodiment of material and spiritual culture which has been created in centuries and it is an immortal statue in the flower garden of spirifual culture, ethnic concentration of people's ideology and their philosophical concept. This article expounds the symbolic meaning and the cause of formation of "7", "9", "40" in the category of sacred numbers which have magical power and are relatively universal in ancient folklore of Turkish-speaking peoples. It also probes the internal and external factors that gave magic colour to these numbers, and their position and function in the cultural circle of Turkish speaking peoples.

## 1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن: «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش دۇ. دەرۋەقە، خۇددى ئا. ن. گىرتسىن ئېيتقان- — ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى- دەك: «ئۆتمۈشنى تولاراق ئاڭلاپ، ھازىرقى زا-

• ئابدۇكېرىم رەھمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

مانىي ئىنقىلاپ ئالىمىز؛ ئۆتكەنلەرنىڭ مەنىسىگە چوڭقۇرراق چۈشىنىپ، كېلەچەكنىڭ مەنىسىنى ئاچىمىز؛ ئارقىغا قاراپ، ئالغا قەدەم تاشلايمىز...» تارىختىكى ھەرقانداق مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئۆگىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىشتىكى مەقسەت ـ نىشانىمىز ئەنە شۇ.

ئۇيغۇرلارنى گەۋدە قىلغان (بۇ پىكرىمىز قەدىمكى دەۋر ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنى نىشانلايدۇ) بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ فولكلورى ئىنتايىن باي، پۈتمەس ـ تۈگىمەس خەزىنىدۇر. بۇ خەزىنىدىن خەلقىمىزنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىنى چۈشىنىش ـ تونۇش يولىدىكى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئانىمىزمىلىق① قاراشلار نېگىزىدە بىخلىنىپ، تەدرىجىي يېتىلىۋاتقان ئىستېتىك تۇيغۇلىرىنى، ئۆزىگە خاس مىللىي پسىخىك ئېڭىنىڭ ئىنكاسى بولغان ئۆلمەس ئۇدۇملىرىنى، ئاجايىپ سېھرىي تۈسكە ئىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئاغزاكى تىل سەنئەتلىرىنى كۆرەلەيمىز، مۇشۇ مەنىدە فولكلورنى مەنىۋى مەدەنىيەت گۈلىستانىنىڭ سولماس ھەيكىلى، ئاۋام خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى ۋە ئىشق ناۋاسى، ئىپتىدائىي ئاڭ ۋە پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ ئېتنىك مۇجەسسەمى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

بىز مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچى بولغان مۇقەددەس سانلار كاتېگورىيىسىمۇ خۇددى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى، توتېم ئېڭى، روھناتلارغا چوقۇنۇش ئېڭى، ئاتىلار روھىغا تېۋىنىش ئېڭى، كۆكتەڭرى ئېتىقادى قاتارلىق ئىپتىدائىي ئاڭ سىستېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان بىر خىل يەرلىك، مىللىي مەدەنىيەت ھادىسىدۇر. بۇمۇ باشقا تىپتىكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى ئېڭى بىلەن زىچ باغلانغان، يەنە بىر تەرەپتىن تېخى لوگىكىلىق قۇرۇلمىغا كىرمىگەن ئوبيېكتىپچانلىقتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېڭى② بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سانلار تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشىدا ھەم ئېستېتىك قىممەتكە ھەم بىلىش قىممىتىگە ئىگە.

تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ فولكلورىدىكى سىرلىق ۋە خاسىيەتلىك مەنىگە ئىگە بولغان يەككە سانلار مەزمۇن خاراكتېرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى جەھەتتىن مۇشۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى ھەممە خەلقلەرگە ئورتاق ھادىسىدۇر. بۇ ھال ئېتنىك جەھەتتىن مۇشۇ خەلقلەرنىڭ مەنبەداش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئومۇملۇق جەھەتتىن ئالغاندا، مۇقەددەس سانلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پەيدا بولۇش جەھەتتىن مۇئەييەن دىنىي ئېتىقادقا باغلىنىپ، ئۆزىنىڭ نىسپىي تۇراقلىق ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنداقلا دىنىي ئېتىقاد، ياشاش شارائىتى (جۇغراپىيىلىك شارائىت) ۋە فىزىئونومىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك پەرقلەر تۈپەيلى مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن سانلار كاتېگورىيىسىمۇ خاسلىقتا ۋە ئورگىناللىقتا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، بىز شەرھلىمەكچى بولغان «7»، «9»، «40» قاتارلىق يەككە سانلارنىڭ سىرلىق مەنىگە ئىگە بولۇشى پەقەت تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەئەللۇق بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېر، مەنبەسىنى مۇشۇ خەلقلەر تۈپى ئارىسىدىن تېپىشقا بولىدۇ. لېكىن بۇمۇ مۇتلەق ھادىسە ئەمەس. خۇددى بىر تىپلىق مەدەنىيەت قاتلىمى ئىچىدىكى بەزى ھادىسىلەر دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە بولغىنىدەك، ئاشۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى بەزى يەككە سانلار باشقا رايون، باشقا مەدەنىيەت تىپلىرىدىمۇ خاسىيەتلىك سانلار قاتارىدا ئۇلۇغلانغان ۋە سىرلىقلاشتۇرۇلغان، مۇقەددەس سانلار تېماتىكىسىنىڭ ھەرقايسى مىللەت ۋە قەۋملەر ئارىسىدىكى بۇنداق ئوخشاشلىق ئىككى تۈرلۈك سەۋەبتىن بولىدۇ، ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئىككى سەۋەب ئىككى خىل ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان. ئۇلار تارقىلىش تەلىماتى ۋە پاراللېل تەرەققىيات نەزەرىيىسىدۇر.

تارقىلىش تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى دەۋر نۇقتىسىدىن ئالغا كەتكەن بەزى مەرىپەت مەنـ

بەلىرىدە ئىجاد قىلىنىپ، ئاندىن تاشقى ئامىللار (كۆچۈش، سودا - تىجارەت ئالاقىسى، ئۇرۇش - جېدەللەر ۋاستىسى …) ئارقىلىق دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان. ھەقىقەتەن بەزى ئەھۋاللار بۇ نەزەرىيىنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ فولكلورىدىكى مۇقەددەس سانلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەب، ئىران، ھىندى ھەتتا خىرىستىيان مەدەنىيەت تىپلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇنداق قىسمەنلىك ئارقىلىق بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى بىر ياكى بىرقانچە مەنبەدە پەيدا بولۇپ، ئاندىن باشقا يەرلەرگە تارقىلىدۇ (تارقىلىش تەلىماتىنىڭ قارىشى) دەپ مۇتلەق ھۆكۈم قىلىش ئەقىلگە تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئالايلۇق، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن مۇقەددەس سانلارنىڭ باشقا مەنبەلەردىمۇ ئۇچرايدىغانلىقىنى نوقۇل ھالدا يۇقىرىقى نەزەرىيە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق مەدەنىيەت ھادىسىسى (جۈملىدىن مۇقەددەس سانلار) بولسا ئىنساننىڭ ئۆز مەقسىتى ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتىگە قارىتا تەبىئىي ھالدا پەيدا بولغان، مول تەسەۋۋۇر شەكلىنى ئالغان بەدىئىي ئىپادە. ئىنسان جىسمانىيىتى ۋە روھىي قۇۋۋىتى پۈتۈن يەر يۈزىدە ھەتتاكى ئەڭ قەدىم دەۋرلەردىن بېرى ئوخشاش روھىي ۋە ئەقلىي پائالىيەت باسقۇچلىرى، گۈزەللىك ئېڭى ۋە تۇيغۇ ئالەم قاراشلىرى، تەبىئەت ئاتا قىلىدىغان تەبىئىي تەسىراتلىرى ئاساسەن بىردەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچلىرى نىسبەتەن ئىلگىرى - ئاخىر بولسىمۇ، بىراق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تەرەققىيات شەكىللىرىدە چوڭ پەرق يوق دېيەرلىك. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەگەر ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى ھەقىقەتەن ئىنسان روھىيىتى ۋە قەلبىنىڭ ئىپادىسى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئەڭ مۇھىم بولغان ئىپادىلەر ھامان ھەربىر ماكاندا پەيدا بولىۋېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق قاراشلار ئاساسىدا ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا پاراللېل تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى زۆرۈر ۋە ئېھتىياجلىقتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى بىر خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا تارقىلىشىدا ئەمەس، بەلكى شۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ئۆزلىرى تارقىلىپ يەتكەن ماكاندىكى خەلق ياكى مىللەتنىڭ مىللىي ئېڭىدىكى مەلۇم ھېس - تۇيغۇلىرىنى قوزغىتىش ۋە رىغبەت بېرىش رولىدا. شۇڭا مۇشۇ مەنىدە سىرلىق مەنىگە ئىگە خاسىيەتلىك سانلار ئىنسان مەنىۋىيىتىدىكى تۈپ تەلەپكە ماس ھالدا بارلىق مەدەنىيەت تىپلىرى ئۈچۈن ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ماقالىمىزدىكى مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى ۋە مۇلاھىزىمىزنىڭ نۇقتىسى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ فولكلورىدىكى مۇقەددەس سانلار چۈشەنچىسى ۋە بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت.

## 2. فولكلورىمىزدا مۇقەددەس سانلارنىڭ ئىپادىلىرى

«مۇقەددەس سان» ئۇقۇمى خەلقىمىزنىڭ پسىخىك ئېڭىدا سىرلىق ۋە سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان، مۇئەييەن دەرىجىدە قېلىپلىشىپ ئۇدۇملۇق تۈس ياراتقان (پەرھىزلىك تۈس ئالغان) ھەمدە چەكلەش ياكى رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، خۇشاللىق ياكى قايغۇغا بىشارەت بولىدىغان يەككە سانلار كاتېگورىيىسىگە قارىتىلغان. بۇنداق سانلارنىڭ دائىرىسى چەكلىك بولۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ فولكلورىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئۇچرايدىغانلىرى 1، 3، 7، 9، 30، 40، 360 قاتارلىق سانلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەر خىل مۇراسىملىرى ۋە

ئۆرپ - ئادەتلىرىدە، دىنىي ئەقىدىلىرى ۋە ئې-
شەنچلىرىدە بۇ سانلار ناھايىتى زور سىرلىق مەنىگە
ئىگە. ئائىلىۋى، ئۇيغۇرلاردا تۇغۇتنىڭ بىرىنچى
كۈنى كىندىك ئانىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ تۇغۇتلۇق
ئائىلىنىڭ يېنىغا كىرىشىگە بولمايدۇ، ھامىلە دۇنيا-
غا كۆز ئېچىپ يەتتە كۈندىن كېيىن بۇ يېڭى جانغا
ئىسىم قويۇلىدۇ ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئى-
سىم قويۇش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈلىدۇ، 40 - كۈ-
نى بوۋاقنىڭ «قىرىق سۇيى مۇراسىمى» (بۆشۈككە
سېلىش مۇراسىمى) بولىدۇ، ھەمدە «قىرىق سۇ-
يى» گە ئېلىشنىڭ ئالدىدا قولى يەڭگىل، ئۇدۇم-
لۇق ساتراش تەكلىپ قىلىنىپ بالىنىڭ «قىرىق
چېچى» ئالدۇرۇلىدۇ. بۇ چاچ سېھرىي خۇسۇسى-
يەتكە ئىگە دەپ قارىلىپ، ئۇنى تۈگۈچ قىلىپ
ئەتىۋارلىق ئورۇندا ساقلاپ قويۇلىدۇ. بالا يەتتە
ياشقا كىرگەندە ئالاھىدە خەتنە توي مۇراسىمى ئۆت-
كۈزۈلىدۇ. يېڭىدىن توي قىلغان قىز - يىگىتلەر
ھوجرىسىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئىشىك ئالدىغا يې-
قىلغان گۈلخان ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىدۇ.
يېڭى تۇغۇتلۇق ئايال 40 كۈنگىچە تالا - تۈزگە
چىقمايدۇ ۋە ئىددەت تۇتىدۇ (ئېرىگە يېقىنلاشماي-
دۇ). قىزبالا يەتتە ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ياتلىق
بولغىچە چېچىنى 40 تال ئۆرۈيدۇ، توي قىلىپ
30 ياشقا كىرگەندە «جۇۋان توي» ئۆتكۈزۈپ،
ئۆزىنىڭ ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ ھەقىقىي ئەزاسى
بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ، توي مۇراسىمىدىن كې-
يىن يىگىت قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ ئۈچ قېتىم تازىم قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى-
نىڭ مەلۇماتىچە، ياغمىلار «ئوتتۇز» سۆزىنى
«ئۈچ» دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن، شۇڭا ئۇلار ئۈ-
زۈم شارابىنى «ئۈچ قېتىم ئېچەيلى» دېيىشنىڭ
ئورنىغا «ئوتتۇز ئىچەيلى»③ دەيدۇ. ئۇيغۇر مەش-
رەپلىرىگە قانچە كىشى قاتنىشىشىدىن قەتئىينە-
زەر، ئۇنىڭ ئومۇمىي نامى «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرە-
پى» دەپ ئاتىلىدۇ. خەلق ئىچىدە گۇۋاھلىق تەلەپ
قىلىنسا، «ئوتتۇز ئوغۇل» گۇۋاھلىققا چاقىرىلى-
دۇ، لېكىن گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ نەق ئوتتۇز
بولۇشى ناتايىن. يۇقىرىقىدەك سىرلىق مەنىگە ئى-
گە مۇقەددەس سانلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆلگەن ئادەم-
نىڭ روھى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن باغلى-
نىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام مۇھىتىدا
كىشى ئۆلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن «ئۈچ نەزىرىسى»
بېرىلىدۇ («روھ ئۆلمەيدۇ» قارىشى بويىچە، ئا-
دەم ئۆلگەندىن كېيىن تەندىن ئايرىلغان روھ ئۈچ
كۈنگىچە ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلماسمىش)،
ئۆلۈمگە يەتتە كۈن بولغاندا «يەتتە نەزىر» ئۆتكۈ-
زۈلىدۇ (روھ يەتتىنچى كۈنى ئۆيىدىن چىقىپ ھوي-
لىدا بولارمىش)؛ قىرىق كۈنگە توشقاندا «قىرىق
نەزىرىسى» (چۈنكى، قىرىق كۈنگە توشقاندا ئۆل-
گۈچىنىڭ روھى ئۆي بىلەن قەبرىگاھ ئارىلىقىدا
ئايلىنىپ يۈرەرمىش)؛ بىر يىل (360 كۈن)
توشقاندا «يىل نەزىرىسى» (چۈنكى بىر يىل ئۆت-
كەندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ روھى يەتتىنچى ئاس-
مانغا چىقىپ، تەڭرى بىلەن ۋە بارلىق روھلار
بىلەن بىللە ياشارمىش) ئۆتكۈزۈلىدۇ.

دېمەك، ئۆلگۈچىگە ئاتاپ قىلىنىدىغان يۇقى-
رىقى نەزىرلەر ئىسلام دىنىنىڭ قاراشلىرى بىلەن
زىچ باغلانغان بولسىمۇ، بۇ خاتىرە كۈنلەرگە ئۆل-
چەم قىلىنغان سان كاتېگورىيىلىرى خەلقنىڭ ئې-
ڭىدا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئاللىقاچان سىرلىق
مەنىگە كىرىپ خاسىيەتلىك تۈسكە ئىگە بولغان.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلگەندىن كېيىن تەندە يۈز بېرى-
دىغان قەرەللىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ كۈن تەرتىپىنى
ئاشۇ سانلار بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنىمۇ چەتكە قاق-
قىلى بولمايدۇ.

بىز ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركىي خەلقلەر-
نىڭ فولكلورىغا نەزەر تاشلىساق، بۇ سانلارنىڭ
مۇقەددەسلىك خاراكتېرىنىڭ كونكرېت ئىپادىلەن-
گەنلىكىنى كۆرىمىز. بىز بۇ سانلارنىڭ ئىچىدە
بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن ۋە تىپىك ئەھ-
مىيەتكە ئىگە بولغان «7»، «9»، «40» سانلىرى-
نىڭ تارىخىي مىراسلىرىمىز ۋە ئۆدۈملىرىمىزدى-
كى ئىزلىرىنى كۆرۈپ ئۆتسەك كۇپايە قىلىدۇ.

قەدىمكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ
تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ ئانا تېمىسى
(مۇتىفى) بولغان «ئوغۇزنامە» دە «توققۇز كۈندىن
كېيىن ئوغۇزخاننىڭ ئايغىرىنى ھازىر قىلدى»،
«قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى»، «قىرىق

شىرە قىرىق بەندىلىڭ ياساتتى» ، «قىرىق كۈندىن
كېيىن، مۇز تاغ دېگەن تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ
باردى» ، «… (ئولۇڭ تەرىپىگە) قىرىق غولاچلىق
ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى» ، «قىرىق كېچە
- كۈندۈز توي قىلدى»④ ، دېگەنگە ئوخشاش جۈمە-
لىلەر ئۇچرايدۇ. «گۆر ئوغلى پەرىزات ۋە ئادىمە-
زاتتىن بولۇپ ئارقا - ئارقىدىن توققۇز خوتۇن
ئالدى» ، «توققۇز قات شاھ كىيىم كىيدى» ،
«مىنگەن ئېتى توققۇز كۆكنى كۆزلەيدۇ» ، «ئولۇڭ
يېنىدا توققۇز تۇمارى بار»⑤ ، «كۆلتېگىن ئىل-
گىرى- كېيىن توققۇز قېتىم باشقا - باشقا ئاتقا
مىنىپ جەڭگە كىردى» ، «توققۇز ئەسكەرنى نەيـ-
زىلىدى» ، «توققۇز ئەسكەرنى ئايلاندۇرۇپ سال-
دى» ⑥ ، «خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر
ھەرقانچە كۆپىيىپ ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈلسىمۇ، تۈغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ، چۈنكى
توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ»⑦ ، «خان
كۈنگە قاراپ ئۈلارنى توققۇز قېتىم ئايلىنىدۇ»⑧
، «توققۇز ئۇيغۇر» ⑨ ، «توققۇز ئوغۇز» ⑩
«ئىچكى توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسى» ⑪ ، «تاشقى
توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىسى» ⑫ ، «خاقاننىڭ ھەربىي
قوشۇنىدا توققۇز قىزىل تۇغ بار ئىدى» ⑬ ، «ئۇيـ-
غۇرلارنىڭ سانغۇن، بۇيرۇق - تۇتۇقلىرىدىن توق-
قۇز كىشى يېڭى خاقاننى ئاق كىگىز ئۈستىگە ئې-
لىپ كۆتۈرۈپ سارايىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چە-
قىپ ئاندىن تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ» ⑭ ، «توققۇز
ئوغۇل بىر قىزلىق بولغايسىز» ⑮ ، «تۇرخۇننى
ئۆز ۋاقتىدا ئاچقايسىز، كۈندىن بۇرۇن تۇرغايـ-
سىز، توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغايسىز» ⑯
، «غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز، ھەممىنى تەڭ
راسلىدۇق» ⑰ ، «يىگىت تەرەپ قىزنى كۆچۈرۈپ
كېلىش ئۈچۈن توققۇز قېتىم تازىمغا بارىدۇ…
قىزنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر قولايلىق جايدا
ئارغامچا ياكى گۈلخان يېقىپ، يول توسۇپ، قىز-
نىڭ كۆركىنى قىلىدۇ. يىگىت تەرەپ توققۇز غې-
رىچلىق قوي بەرگەندىلا، ئاندىن يول ئېچىلىدۇ…
قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، يىگىتلەر
قىزنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۈچ يەرگە يې-
قىلغان ئوت ئۈستىدىن توققۇز قېتىم چۆرگىلىتە-
دۇ… ، تويىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ
قىز تەرەپكە سالامغا بارىدۇ…» ⑱ ، «… ئوغۇل
تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن توققۇز كېيىملىك رەخت،
توققۇز تۇياق قوي، توققۇز كۆرە بۇغداي، توققۇز
شىلىڭ گۈرۈچ، توققۇز جىڭ ياغ، توققۇز شىرە
مېۋە - چېۋە قاتارلىق توققۇز خىل نەرسىنى ھارۋى-
لارغا سېلىپ، قىز تەرەپكە داغدۇغا بىلەن ئاپىرىپ
بېرىدۇ» ⑲ ، «تېرىسى ئوتتۇز گەردىشكە داپ بول-
دى» ، «مۈڭگۈزى توققۇز كەتمەنگە ساپ بولدى»
⑳ ، «تويغان يەرگە توققۇز تازىم» ، «توققۇز قىز-
نىڭ تولغىقى بىر كۈندە تۇتۇپتۇ» ، «مەن قىلارمەن
ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز» ، «توققۇزى تەل»
، «توققۇز ئاي توققۇز كۈندە كۆزى يورۇپتۇ» ،
«توققۇز ئەلنىڭ تىلىنى بىلگەن، ئوتتۇز ئەلگە
ئۆگۈنچى» ، «توققۇز ئۇيغۇر تالاستا، بەگزادىسى
پانتىكىن» ، «ئەييام ئاجۇز - يەتتە كۈن، سەكىل-
دىسە سەككىز كۈن، بەك تارتىشسا توققۇز كۈن،
بولالمايدۇ ئوتتۇز كۈن» ، «يەتتە قاراقچى — يولغا
ماراقچى» ، «يەتكەن يولتۇزى يەتتە ئايلانسىمۇ
ئالتۇن قوزۇق ئورنىدا» ، «يەتتە باشلىق يالما-
ۋۇز» ، «يەتتە يۇلتۇز» ، «قىرىق كېچە - كۈندۈز
توي قىلدى» ، «قىرىق كېچە - كۈندۈز يول يۈر-
دى، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈردى» ، «قىرىق غۇلا-
چ نەيزە بىلەن شۇنداق ئۇردىلەركى…» ، «يەتتە
قات ئاسمان، …» قاتارلىق مۇقەددەس سانلار بىلەن
بىۋاسىتە باغلىنىدىغان ئۇقۇملار ۋە ئىدىيوم، ماقال
- تەمسىللەر ئۇيغۇر فولكلورىدا ناھايىتى كۆپ
ئۇچرايدۇ.

قىرغىز مىللىتىنىڭ تارىخىي قامۇسى ھېساب-
لانغان دۇنياغا مەشھۇر «ماناس» ئېپوسىدىمۇ
سىرلىق ۋە خاسىيەتلىك مەنىگە ئىگە بولغان يۇقى-
رىقى سان كاتېگورىيىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھا-
زىرچە بىز ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغان «ماناس بۆلۈ-
مى» نىڭ بىرىنچى كىتابى، ئۇيغۇرچە نەشرىي يەش-
مىسىدە «7» سانى 13 جايدا، «9» سانى 32 جاي-
دا، «40» سانى 35 جايدا تىلغا ئېلىنغان؛ «يەتتە
تۆگىگە قاپ - قاپ قورۇت، ماي ئارتتى» (شۇ
كىتاب 57 - بەت) ، «ئاق بوز بىيىدىن يەتتىنى
تاللاپ» (83 - بەت) ، «يەتتە يىللىق قىسىرقال-

غان بىيە» (83 ـ بەت) ، «يەتتە يىلقىنىڭ ھەممىسىنى سۆيدۈرۈپ» (83 ـ بەت) ، «يەتتە سابا (چاناچ) قىمىز» (84 ـ بەت) ، «يەتتە غېرىچ قىسقىرىغان» (146 ـ بەت) ، «غىلاپنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتتە غېرىچ» (155 ـ بەت) ، «ئاق سېرىق ئاتنىڭ ياپلىسىدىن يەتتە تال قىل يۇلۇۋالدى» (195 ـ بەت) ، «يەتتە ئۆكۈز» (266 ـ بەت) ، «تۆگمەننىڭ يەتتە تېشىنى بىر قىلىپ» (286 ـ بەت) ، «ھەر يەتتە كۈندە بىر نەزىر بەردى» (374 ـ بەت) ، «ئارىدىن توققۇز ئاي ئۆتكەندە چىپىردىنىڭ بويى تولۇپ» (37 ـ بەت) ، «كۆك تۇلۇم ئىچىدىن توققۇز ياشقا كىرگەن بالىدەك يوغان بىر بالا چىقتى» (41 ـ بەت) ، «زەر باسقان توققۇز تون، ئىگەر توقۇملۇق توققۇز ئات» (61 ـ بەت) ، «توققۇز قەۋەت دوبۇلغا» (149 ـ بەت) ، «توققۇز ياشلىق چوباق باتۇر» (176 ـ بەت) ، «توققۇز كۈن توي بولدى» (193 ـ بەت) ، «توققۇز يامبۇ، توققۇز قىزىل كىمخاپ، توققۇز قارا كىمخاپ، توققۇز قوندۇز، توققۇز سۆلەيسۇن، توققۇز سۆسەر، توققۇز بولغۇن» (194 ـ بەت) ، «توققۇز ياشلىق ھاجىباي» (209 ـ بەت) ، «توغرىسىغا كەلسە، توققۇزنى يىقىتىپ ماڭدى» (286 ـ بەت) ، «ھەر ئۆيدە توققۇز يىگىت، توققۇزدىن قىز خىزمەت قىلاتتى» (370 ـ بەت) ، «ئاتتىن توققۇزنى، قىزدىن توققۇزنى ئېلىپ بارىمىز» (405 ـ بەت) ، «قارا ئۆكۈزگە قىرىق يېرىدىن تېشىلىپ كەتكەن بىر قارا ئۆينى يۈكلەپ، پىيادە ھەيدەپ ماڭدى» (22 ـ بەت) ، «قىرىق بىيە» (37 ـ بەت) ، «قىرىق مىڭ ئەرنىڭ جېنى بار» (44ـبەت) ، «ماناسنىڭ قىرىق باتۇرى» (51 ـ بەت) ، «قىرىق تۆگىگە ئاپئاق بۇغدايدان ئارتتى» (57 ـ بەت) ، «قىرىق بايتالنى دو تىكتى» (97 ـ بەت) ، «قىرىق ئوغۇل قىل قىيات چېلىشتى» (109 ـ بەت) ، «قىرىق قاچا قىمىز ئىچتى» (126 ـ بەت) ، «قىرىق نۆكەر» (129 ـ بەت) ، «قىرىق ئات» (133 ـ بەت) ، «قىرىق چورا» (134 ـ بەت) ، قىرىق ئەرشىندەك ئۇزۇرايدىغان» (146 ـ بەت) ، «قىرىق پىداكار قىرىق ئارغىماق مىنىپ» (238 ـ بەت) ، «قىرىق چوراسى جەم بولدى» (197 ـ بەت) ، «قىرىق كۈندىن كېيىن قىزىنى ئۇزاتتى» (370 ـ بەت) ، «قىرىق خورجۇن» (422 ـ بەت) ، «قىرىق ئارسلان» (453 ـ بەت) ، «قىرىق يولۋاس» (425 ـ بەت) ㉑ ، ... ۋەھاكازالار، «قىرغىزلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەپسانىدىمۇ «قىرىق ئاچا ـ سىڭىل سىرلىق سۇ ئىچىپ ھامىلدار بولۇپ قالىدۇ ۋە قىرىق ئوغۇل ـ قىز تۇغىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا نىكاھلىنىپ ئەۋلاد قالدۇرۇپ ھازىرقى قىرغىز قوۋمىنى شەكىللەندۈرىدۇ» دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ. «قىرغىز» دېگەن نامنىڭ ئېتنىك مەنىسى ھەققىدىكى يەنە بەزى رىۋايەتلەردە «قىرغىز» — «قىرىق قىز» دېمەكتۇر، دېگەن قاراشلارمۇ بار. قازاقلار ئارىسىدىكى «جاساغاننىڭ ئالەمنى يارىتىشى» ناملىق مەشھۇر ئەپسانىدە، ئاسمان ئىلاھى جاساغان دەسلەپ لايدىن قىرىق ئادەم ياسىغان ۋە شۇنىڭدىن دۇنيادا ئىنسانلار پەيدا بولغان» دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ.

دەرۋەقە، يۇقىرىقى سانلارغا سىرلىق تۈس بەرگەن بۇنداق نەقىللەر فولكلورىمىزدا، كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدە، شۇنداقلا بىر پۈتۈن ئېتىقاد ئېڭىمىزدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ ۋە ئىزچىل گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ماقالىمىزنىڭ چەكلىك سەھىپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان يەنە باشقا قوۋم مىللەتلەرنىڭ فولكلورىدىمۇ ئورتاق گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ مۇقەددەس سانلاردىن مىسال كەلتۈرمىدۇق.

ئۇنداق بولسا بۇ خىل ئورتاق مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولغان ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار زادى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىمىزنىڭ تۈپ نۇقتىسى دەل مۇشۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەشتىن ئىبارەت.

## 3. مۇقەددەس سانلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلار

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ماتېرىياللاردا ۋە تارىخىي مەنبەلەردە بۇ سانلارنىڭ سىرلىق ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇقەددەس سان تۇسىگە ئىگە بولۇشتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساسلار (ئېتنىك مەنبەسى) ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. شۇڭا بۇ سوئالغا ئىشەنچلىك جاۋاب تېپىشمۇ بىر قىيىن مەسىلە، ئەلۋەتتە مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشى بويىچە تۆۋەندىكى قاراشلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ مۇلاھىزىسىگە سۇنىدۇ. مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى شۇ خىل مەدەنىيەتكە ئىگىدارچىلىق قىلغان خەلقنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى كوللېكتىپ ئېڭىدىن ئىبارەت ئىچكى ئامىل بىلەن، ئۇنىڭغا قوشنا باشقا مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت (تاشقى ئامىل) ئىككى ئامىلغا باغلىق بولىدۇ. جۈملىدىن سانلارنىڭ مۇقەددەسلىك تۈسكە ئىگە بولۇشىمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ رېئال ھاياتىدا ئىزنى يوقاتمىغان يۇقىرىقى سانلارنىڭ خاسىيەتلىكلىكى، ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ئىنسانىيەت توپلىرىنىڭ ئوبيېكتىپچانلىقتىن ئىبارەت كوللېكتىپ ئېڭى ۋە ئانىمىزملىق ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەنا جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قانداقتۇر ئابستراكت ئاڭ يېتەكچىلىكىدىكى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە پەيدا بولغان ماتېماتىكىلىق سان قىممىتىنى ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدىكى مەۋھۇم ھادىسىلەرنىڭ كونكرېت سىمۋولى (بەلگىسى) بولۇش رولىنى ئوينىغان، مانا مۇشۇ ئاساستا بارغانسېرى قېلىپلىشىپ ۋە مۇقەددەسلىشىپ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە، ئىشەنچ - ئېتىقادلىرىدا، پسىخىك ئۇدۇملىرىدا، ئەم - ئىرىملىرىدە، ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىدە، ئېستېتىك تۇيغۇلىرىدا ۋە مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئۆز ئارا ئىپادىسىنى تاپقان.

### مۇقەددەس سان — «7»

«7» نىڭ ئەڭ دەسلەپ خاسىيەتلىك سان تۈسىگە كىرىش ئاساسىنى يەنىلا قەدىمكى ئالتاي قەۋملىرىنىڭ كۆككە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىك ئېڭىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. قەدىمكى ئالتاي ئەپسانىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۈيۈك تەڭرىسى «كۈن» (قۇياش) بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتاي تىلىدا يەنە «ئۈلۈگون تەڭرى» (ulūgūn) دەپ مەخسۇس ئىسمىمۇ بولغان، A. ئانوخىن تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان بۇ ھەقتىكى ئەپسانىگە قارىغاندا، «ئۈلۈگۈن»، (ئۈلگىن، ئۈلكۈن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۈركىي تىلدا «بۈيۈك «ئۇلۇغ»، «چوڭ» مەنىلىرىنى بېرىدۇ) قۇياش بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدا ياشارمىش، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىدىغان يولدا يەتتە توسۇق بارمىش (يەتتە قات ئاسمان. ئا)، بۇ توسۇقلار ئەركەك قام كەلگەندە ئېچىلارمىش. يەتتىنچى توسۇق تۆمۈر قوزۇق (قۇتۇپ يۇلتۇزى) قا تۇتىشىدىكەن. «ئۈلۈگۈن» نىڭ يەتتە ئوغلى، توققۇز قىزى بار ئىكەن، ئوغۇللىرىنىڭ نامى قاراشىت، بوغراخان، يېشىلخان، بۆرچاخان، قاراقۇش (قارتال)، بەختىخان، ئەركانىم دەپ ئاتىلىدىكەن㉒.

بۇ ئەپسانىدە تىلغا ئېلىنغان يەتتە ئوغۇلنىڭ نامى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادى زاكاۋىتى سانالغان «يەتتە يۇلتۇز» (يەتتە سەييارە) ئېتىقادىنى ئىنكاس قىلامدۇ قانداق؟ بىزنىڭچە شۇنداق دەپ قارايمىز، كۆك ئاسماننى يېپىنچا، قارا تۇپراقنى سېلىنچا قىلىپ ئۇزاق مۇددەت ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز كەڭ تەبىئەت بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە ئەڭ بۇرۇن يەتتە سەييارىنى بايقاپ، ئۇنى «ئالەمنىڭ نېگىزى» دەپ تونۇپ،

ئىلاھلاشتۇردى. تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىستىكىدىن بارلىققا كەلگەن بۇ «يەتتە ئىلاھ» [23] قارىشى تېخىمۇ سىرلىقلىشىپ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا «7» نى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئېتىقادىنى پەيدا قىلدى.

سىرلىق مەنىگە ئىگە «7» نىڭ تېخىمۇ مۇقىم مۇقەددەس سان تۈسىگە كىرىشىنى يەنە بىر تەرەپتىن پارسلارنىڭ زارۇ ئاستىر دىنى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى پارسلاردىكى مۇقەددەس سان — «7» چۈشەنچىسى دەۋر جەھەتتىن نىسبەتەن قەدىمىي بولۇپ، زارۇ ئاستىرىزم دەۋرىدىكى ئىران مىفولوگىيە سىستېمىسىدا بارلىققا كەلگەن يەتتە ئىلاھ (قۇياش ۋە يورۇقلۇق خۇداسى — مىترا، شاد - خۇراملىق ۋە پاراۋانلىق خۇداسى — ناخىت، بەخت ۋە دۆلەت خۇداسى — ھوما، سۇ خۇداسى — ئاناخىتا ۋە خوببى، ئۇرۇش ۋە غەلىبە خۇداسى — مىرىخ، ياخشىلىق ۋە ئەزگۈلۈك خۇداسى — كيۇمارس، باتۇرلۇق خۇداسى — يىما (جەمشە) قا بولغان يۈكسەك ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

ھىندى مەدەنىيىتىدىمۇ «7» سانى خېلى بۇرۇنلا مۇقەددەس سان خاراكتېرىگە ئىگە سىرلىق سان كاتېگورىيىسىگە كىرگەن. ھىندى مەدەنىيىتىدىكى بۇ چۈشەنچە مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ، I ئەسىرلەردە ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرى ئېتىكىدىن دېھلى دەريا ۋادىلىرىغا سىلجىپ 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق (ھىندىستان) نى ئىشغال قىلغان ئارىيان قەۋملىرىنىڭ «يەتتە قۇتۇپ يۇلتۇز» چۈشەنچىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، كېيىنچە «7» نىڭ خاسىيەتلىك تۈسى ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىدە تېخىمۇ تاكامۇللاشتى. تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن بىللە بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بۈگۈنكىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

## مۇقەددەس سان — «9»

«9» نىڭ مۇقەددەسلىك خاراكتېرى «7» گە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر تارىخىي ئاساسقا ۋە يىراق يەرلىك ئەنئەنىۋى مەنبەگە ئىگە بولغان بىر خىل مىللىي ئېتىقاد ھادىسىسىدۇر. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى شۇكى، «9» نىڭ مۇقەددەس سان سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىشى قەدىمكى ئالتاي قەۋملىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنى — شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزگە مەلۇمكى، شامان ئېتىقادىدا كائىنات ئۈچكە (كۆك، پانىي ئالەم، باقىي ئالەم) بۆلۈنگەن. كۆك — ئىلاھلار ۋە پەرىشتىلەر ماكانى، پانى ئالەم — بەندىلەر ماكانى، باقىي ئالەم (جەھەننەم) — يامان روھلار (جىن - شەيتانلار) ماكانى دەپ قارالغان. «ئىلاھلار ماكانى» دەپ تەۋسىپ قىلىنغان كۆك (ئاسمان يەنە يەتتە سەييارە يەتتە پەلەك ئېتىقادىغا كېڭىيىپ، كۆكنىڭ مەنىسى «يەتتە ئىلاھ» (يەتتە سەييارە — يەتتە پەلەك) نىڭ سۈپىتىگە ئالماشقان ياكى تەڭلەشكەن، شۇنىڭ بىلەن شامانىزم ئېتىقادىدىكى پانىي ئالەم، باقىي ئالەم ۋە كۆكنىڭ كونكرېت سۈپىتى بولغان يەتتە پەلەك (يەتتە قات ئاسمان قوشۇلۇپ، ئالەم ئەنە شۇ توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن تەركىب تاپقان، دېگەن ئىپتىدائىي قاراش بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئالتاي شامانىستلىرىنىڭ ئالەم قارىشى «9» غا مۇجەسسەملەشكەن. نەتىجىدە «9» نى مۇقەددەس بىلىش ئېتىقادى كېلىپ چىققان.

يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېخى ماتېماتىكىلىق فورمىغا كىرمىگەن ساددا ھېسابلاش كۆز قارىشىدا تەكرارلانماس سانلار ئىچىدە «9» ئەڭ چوڭ ساننىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارالغان، ھەمدە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا چەكسىزلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا بۇ سان تەسۋىرىي ئېتىقاد جەھەتتىن «كۈچلۈكلۈك»، «ئۇلۇغلۇق»، «بۈيۈكلۈك»، «چەكسىزلىك» مەنىسىگە سىمۋول قىلىنغان، ئەنە شۇنداق ئوبيېكتىپ تەسەۋۋۇرنىڭ كونكرېت بەلگىسى سۈپىتىدە «9» مۇقەددەس سان خاراكتېرىگە ئىگە بولغان.

## مۇقەددەس سان — «40»

مۇقەددەس سان — «40» چۈشەنچىسى بىرەر دىنىي ئېتىقاد بىلەن باغلانمايدۇ. شۇنداقلا سىرتتىن ئېقىپ كىرگەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ تۈركىي تىل ئائىلىسىگە تەئەللۇق مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي مەدە-

نىيەت كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولغان بىر خىل ھادىسىدۇر. بۇ مۇقەددەس سان ئۆز نۆۋىتىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «7» ۋە «9» گە خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىمىغان ھالدا «ئەڭ كۆپ»، «چەكسىز» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان كۆپلۈك سان خاراكتېرىگە ئىگە. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئەڭ يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا سان (رەقەم) نىڭ ماتېماتىكىلىق مەنىسى ئېنىق بولمىغان. چۈنكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىن مۇستەسنا ھالدا، پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە كوللېكتىپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەنە شۇ قەدىمكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تېخى ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئېھتىياجى تۇغۇلمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر مەزگىل ئالەمنىڭ چېكىنى تەكرارلانمايدىغان ئەڭ چوڭ بىرلىك «9» بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاستا - ئاستا بىخلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئابستراكت تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشقا ۋە چوڭقۇرلىششقا باشلىدى. نەتىجىدە كىشىلەر ئەڭ دەسلەپ «بارمىقى بىلەن سانلىق ساناش»㉔نى بىلىۋالدى، يەنى ئىنسانلار ئىككى قولنى بىرلەشتۈرسە ئون (10) بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تەكرارچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئىككى قول بارماقلىرى (5+5) نىڭ قوشۇلۇشىدىن قۇرۇلغان ئون (10) دىن ئارتۇق ساننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئون سانلىرىنىڭ ئاخىرقى چېكى، ئەڭ كۆپ مەنىگە ئىگە دەپ قارىلىپ كەلدى. تۈركىي تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەردە «بىر ئون» (10)، «ئىككى ئون» (20)، «ئۈچ ئون» (30)، «بەش ئون» (50) ... دېگەنگە ئوخشاش ساناش ئادىتىنىڭ بارلىقىغا كېلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر. شۇنداق قىلىپ «40» سانى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەمنىڭ تۆت تەرىپى ھەققىدىكى سىرلىق چۈشەنچىسى بىلەن ئەڭ چوڭ ساننىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارالغان «10» نىڭ تەكرار قوشۇلمىسى ياكى تۆت تەرەپكە كۆپەيتىلىشى ئارقىلىق كېلىپ چىققان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن تۆت تەرەپنىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك»㉕ دېگەن قۇرلار بار. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «تۆت تەرەپ» پۈتۈن كائىنات (ئالەم) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئوغۇز خاقانىنىڭ زېمىنغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بۇ بىر جۈملە سۆزدىن تۆت تەرەپنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا بىر خىل سىرلىق ۋە ناھايىتى چوڭ مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمكى تۈركىي تىلدا شەرق «كۈنچىقىش تەرەپ»، غەرب «كۈنپېتىش تەرەپ»، شىمال «سول تەرەپ»، جەنۇب «ئوڭ تەرەپ» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ «تەرەپ» قارىشى ھېچقايسى تەرەپكە تەئەللۇق بولمىغان سىرلىق قۇياش (كۆكتەڭرى) نىڭ يورۇقلۇق تارقىتىشى ئاساسىدا تىكلەنگەن، شۇڭا ئۇلار ئۈچۈن بۇ تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ناھايىتى چوڭ، چەكسىز ۋە سىرلىق ئىدى. بۇ خىل قاراش قول بىلەن تەرەپ (قول ئىپادىلىگەن ئون بىلەن تۆت تەرەپ) ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىزچىللىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈردى، شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى چەك ۋە ئەڭ كۆپ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان (10) بىلەن تەرەپنى بىلدۈرىدىغان سىرلىق خاراكتېرگە ئىگە «تۆت تەرەپ» نىڭ تۆت قېتىم تەكرارلىنىشى (10+10+10+10=40 ياكى 4×10=40) ئارقىلىق ماكان ۋە زاماننىڭ چەكسىزلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «40» سانى شەكىللەنگەن، بۇنداق ھېسابلاش ئادىتى ھىندىلار ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت، يەنى ھىندى مەدەنىيىتىدە ماكان، زاماننىڭ چەكسىزلىكىنى ۋە سان جەھەتتە «ئەڭ كۆپ» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرمەكچى بولغاندا، ئۇلاردا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئومۇملاشقان خاسىيەتلىك سان «7» نىڭ كۋادراتى بولغان «49» نى مۇقەددەس سان دەپ قوبۇل قىلغان. «40» ساننى ئىشلەتمىگەن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بۇ ئىپتىدائىي سىرلىق سان چۈشەنچىسى كېيىنچە ئەرەب مەدەنىيىتىگىمۇ سىڭگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتىدىكى «40» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېكايە،

چۆچەكلەر ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆپلەپ تارقىلىپ، قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى «40» سان قارىشى بىلەن بىرلىشىپ، «40» نىڭ مۇقەددەس سانلىق خاراكتېرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ئەمەلىيەتتە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئابستراكت تەپەككۇرىدا خاسىيەتلىك «40» سان چۈشەنچىسى شەكىللىنىپ بولغان.

بىز ماقالىمىزدە بىر قەدەر تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارالغان ھەمدە مىللىي ئېتنىك مەنبەسى نىسبەتەن روشەن بولغان «7»، «9» ۋە «40» سانلىرىنىڭ ئىپادىلىگەن سىرلىق ۋە سېھىرلىك مەنىسى ھەققىدىلا توختالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «3»، «21»، «30»، «41» قاتارلىق بىرمۇنچە خاسىيەتلىك تۈسكە ئىگە سانلارمۇ بار. بۇ سانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، نوقۇل ھالدا قەدىمكى ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بۇ سانلار مىسىر، بابىلون، يۇنان، ھىندى، ئىران، ئەرەب، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قاتارلىق باشقا دۇنياۋى مەدەنىيەت تىپلىرىدىمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مۇقەددەس سانلار خاراكتېرىنى ئالغان، ئۇلار ھەققىدە يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## ئىزاھاتلار

① ئانىمىزم — تەبىئەتتىكى بارلىق شەيئىلەردە ئىنسان روھىغا ئوخشاش روھلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوبۇل قىلغان قاراشنىڭ نامى، ئانىمىزم پۈتۈنلەي دېگىدەك غەيرىي روھلارغا چوقۇنۇپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇشنى ئۆزىگە باش پرىنسىپ قىلغان.

② ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىككى خىل تەپەككۇر باسقۇچىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. بىرىنچى، تەپەككۇرنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، يەنى تېخى لوگىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان ئوبيېكتىپچانلىق (ھەممىنى كونكرېتلاشتۇرۇش) باسقۇچى. ئىككىنچىسى، لوگىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە بولغان ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش باسقۇچى.

③ مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I توم، 192 ـ بەت، 1981 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 54 ـ، 58 ـ بەتلەر.

⑤ «گور ئوغلى» داستانى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى.

⑥ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»گە قاراڭ.

⑦ مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى، II توم، 175 ـ، 176 ـ بەتلەر

⑧ «جۇنامە» 50 ـ جىلد

⑨ «توققۇز ئۇيغۇر» — پېرسىيىلىك تارىخشۇناس رەشىدىددىننىڭ «تارىخ توپلىمى» كىتابىنىڭ 3 ـ قىسمىدىكى «ئۇيغۇر قەبىلىلىرى» دېگەن ئابزاستا: «ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىنتايىن بۈيۈك ئىككى تاغ بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى بوغراتۇ بوزلۇغ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئاسقۇنلۇق تەڭرىم دېيىلىدۇ. بوغراتۇ بوزلۇغ تېغىدىن ئون دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. مۇشۇ ئون دەريا بويىغا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان، بۇ ئون دەريا ئېقىنى ئومۇمىي نام بىلەن «ئون ـ ئارغۇن» دېيىلگەن. كېيىن «ئارغۇن» سۆزى «ئورخون» (鄂尔浑) غا ئۆزگەرگەن.

ئىككىنچى تاغدىن 9 دەريا ئېقىنى ھاسىل بولغان. بۇ توققۇز دەريا بويلىرىغا جايلاشقان ئۇي-

غۇرلار ئۆزلىرىنى «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئاتاشقان دېگەن رىۋايەت ئۇچرايدۇ.

« 新疆民族辞典 »شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1995 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 131 ـ، 133 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑩، ⑪، ⑫، 《新疆民族辞典》 شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 133 ـ بەتكە قاراڭ.

⑬ مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، Ⅱ توم، 199 ـ بەت.

⑭ د ئا. ئىسىيېۋ: «قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سېھرىي كۈچلەر»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىل 1 ـ سان، 69 ـ بەت.

⑮ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» ئالمائاتا. 1983 ـ يىل، 44 ـ بەت.

⑯ مالوف: «ئۇيغۇر تىلى» موسكىۋا ـ لېنىنگراد. 1954 ـ يىل، 23 ـ بەت.

⑰ «قۇمۇل نەزمىلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل) ناملىق كىتابتىكى «كۆك مەشرىپى» گە قاراڭ،

⑱ يۇقىرىقى كىتاب «يۈز ئاچقۇ بېيىتلىرى» قىسمىغا قاراڭ.

⑲ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانىدىن ئېلىندى.

⑳ «قۇمۇل نەزمىلىرى» دىن ئېلىندى.

㉑ «ماناس» («ماناس» ئېپوسى 1 ـ قىسمىنىڭ نەشرىي قىسمى) مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

㉒ ئا. ئىنان: «قەدىمكى تۈرك دىنىي تارىخى»، ئىستانبۇل، 1976 ـ يىل، تۈركچە نەشرى، 20 ـ، 22 ـ بەتلەر.

㉓ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى — «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» ناملىق 5 ـ بابىدا يەتتە يۇلتۇزنىڭ نامى ۋە بۇرجلۇق ئورنى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن، بۇ يۇلتۇزلار تۆۋەندىكىچە:

1. سەكەنتىر (ساتۇرىن، زۇھەل)
2. ئوگاي (يوپىتىر، مۇشتەرى)
3. كۇرۇد (مارس، مىررىخ)
4. قۇياس (كۈن، يەشىق، شەمس)
5. سەۋىت (زوھرا، چولپان، ۋېنىرا)
6. ئارزۇ (ئاتارۇد، مىركۇرى)
7. يالچىق (ئاي، قەمەر)

㉔ لېۋى ـ بولور (فرانسىيە) نىڭ «ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر» ناملىق ئەسىرى، خەنزۇچە نەشرى، 198 ـ بەت.

㉕ «ئوغۇزنامە»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 46 ـ بەت.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرى توغرىسىدا

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى•

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئوغۇزنامە داستانىنىڭ تۆت خىل ۋارىيانتى، بۇ تۆت خىل ۋارىيانت ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文介绍了《乌古斯汗传》这部长诗的四种不同的流传形式,说明它们之间的异同以及它们的主要内容。

**Abstract**: This article probes the four variations of "Oghuzhan ",the similarities and differences among them and their contents.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق داستانچىلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت. ئۇلار ياراتقان داستانلارنىڭ بەزىلىرىدە ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلار، تارىخىي شەخسلەر، قەھرىمانلار ئەكس ئەتتۈرۈلسە، بەزىلىرىدە دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ بۇرچى، ئەخلاقىي ئۆلچىمى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئەھمىيىتى، پەلسەپىۋى پىكىرلەر، پەندى - نەسىھەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . يەنە بەزىلىرىدە مۇھەببەت ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، خوتۇن- قىزلىرىمىزنىڭ فېئوداللىق كۆز قاراشلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانە كۈرەشلىرى ۋە ئىش- ئىزلىرى نامايان قىلىنىدۇ. بىز توختىلىۋاتقان «ئوغۇز داستانى» قەھرىمانلىق داستانى ھېسابلىنىدۇ. بۇ داستان خەلق ئارىسىغا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، تەسىرىمۇ خېلىلا چوڭقۇر.

بىز بۇ داستاننى تېخىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ داستان قەلەمگە ئېلىنغان دەۋردىكى ئالاھىدىلىكلىرى، بەزى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر، دىنىي ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك مۇراسىملار، ئېتنوگرافىيىگە ئائىت بىلىملەر كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ داستاننى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر قەدەر قەدىمىي بولغان قامۇس دېسەكمۇ ئارتۇقچە بولمايدۇ. بۇ داستاننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، قەلەمگە ئالغۇچىلارنىڭ ياشىغان زامانى ۋە ماكانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، داستاندىكى ئاساسىي قەھرىماننىڭ دىنىي ئېتىقادىدىمۇ زور پەرقلەر مەۋجۇت. ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان ئوغۇز داستانىنىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتى ھەم ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئۇلار «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، «نەزمى

• تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى : «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇھەررىرى، دوتسېنت.

ئوغۇزنامە»، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەرەكامە» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن «ئوغۇزخان رىۋايىتى»، پىرىسىيىلىك تارىخچى رەشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن «ئوغۇز داستانى» دىن ئىبارەت.

1. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە». بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان قەھرىمانلىق داستانى. بۇ داستان نەسرىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، نەزمىي ئۇسلۇبمۇ قىسمەن ئارىلاشقان. بۇ داستان «ئاشۇنداق بولسۇن دېيىشتى. ئۇنىڭ تۇرقى مانا مۇنداق:» دەپ باشلانغان ۋە «ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن...» دەپ ئاخىرلاشقان. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ داستاننىڭ باش ۋە ئاخىرى يوقالغان. شۇڭا داستاننىڭ كىم تەرىپىدىن قاچان قەلەمگە ئېلىنىپ، يېزىق ھالىتىگە كەلگەنلىكى تېخى نامەلۇم، شۇنداقلا داستاننىڭ باش قەھرىمانى ئوغۇزخاننىڭ تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىكى قايسى شەخس ئىكەنلىكىمۇ بىز ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. داستاندا، ئوغۇزنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى، چوڭ بولۇپ يېتىلگەنلىكى (خاقانلىق تەختىگە قانداق چىققانلىقى بايان قىلىنمىغان)، ئۆيلىنىپ پەرزەنتلىك بولغانلىقى، بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلىپ نۇرغۇن مەملىكەتلەرنى ئالغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بۇ جايلارنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. تارىختا ئۇيغۇرلار شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، نېستورىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دە بولسا، قىسمەن شامان دىنى ئادەتلىرى تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا ئوغۇز خاقاننىڭ بەگلەرگە ۋە ئەل جامائەتكە يارلىق چۈشۈرۈپ: «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان؛ تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان، كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران»[①] دېگەنلىكى ۋە بۆرىنىڭ يول باشلاپ ماڭغانلىقى، بۆرىنىڭ تىلغا كىرىپ ئوغۇزخان بىلەن ئادەمدەك سۆزلەشكەنلىكىگە دىققەت قىلساق، داستاندا پۈتۈنلەي تۇتېمچىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلاردىن قارىغاندا، بۇ داستاندا ناھايىتى يىراق قەدىمكى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن بىر شەخس ۋە شۇ دەۋردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان.

2. «نەزمىي ئوغۇزنامە». بۇ نۇسخا ئەسلىدە «تۈركىيات مەجمۇئەسى» نىڭ X Ⅷ تومىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇنى ئەراسلان نەشرگە تەييارلىغان. «ئۇزۇن كۆۋرۈك» نۇسخىسى دېيىلگەن بۇ نۇسخا ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق دىداكتىك داستانى بىلەن بىرگە تۈپلەنگەن. ھۈسەيىن نامىق ئورخۇن بۇ نۇسخىنىڭ تىلىنى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» بىلەن ئوخشاش دېگەن. كەمال ئەراسلان بۇ ئەسەرنىڭ بەزى تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ «كلاسسىك چاغاتاي يېزىق تىلىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرى بولغان XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدىغان ئۇيغۇرچە بىلەن يېزىلغان» دېگەن پەرىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ نۇسخىدا ئوغۇزخاننى تۇغۇلۇپلا ئاتىسى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنغا ئېتىقاد قىلماي، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دېيىلگەن. (بۇنىڭ ئۈچۈن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانىغا قارالسۇن). بۇ سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خان ئەۋلادى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئاتا بوۋىلىرىنىڭ «قاراخان» دېيىلىدىغانلىقى، ئوغۇزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلگەن ئاتىسىنىڭ ئوغۇزغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى، نەتىجىدە ئوغۇزنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ خانلىق تەختكە چىققانلىقى مىلادى 870 - 1211 - يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى ھەمدە ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئەسلىتىدۇ.

بۇ داستان ئىككى مىسرالىق، ئاخىرقى بوغۇمى قاپىيىداش، 104 بېيىت، 208 مىسرادىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنى مەن كەمال ئەراسلان تەييارلىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلىغان ئىدىم.

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» 46 - بەت.

«ئوغۇزنامە داستانىنىڭ نەزمىي نۇسخىسى» نىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» گە ئوخشايدىغان تەرەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئوغۇزخان تۇغۇلۇپلا ئانىسىنى ئەممەيدۇ (ئەمما بۇ ئىككى نۇسخىدا ئوغۇزخاننىڭ ئانىسىنى ئەممىگەنلىك سەۋەبى ئوخشاشمايدۇ. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخان خام گۆش، ئاش، مەي سورايدۇ. «نەزمىي ئوغۇزنامە » دە بولسا، ئوغۇزخان ئانىسىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.)

2. قەدىمكى مىللەتلەرگە نام بېرىش جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدۇ (گەرچە نام بېرىش جەريانى كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ).

3. ئوغۇزخان يۈرۈش قىلغان مەملىكەتلەرنىڭ نامى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان تەرىپى ئالدىنقىسى يىراق قەدىمكى دەۋردىكى قىسمەن شامانىزمنى، كۆپىنچە توتېمچىلىقنى ئەكس ئەتتۈرسە، كېيىنكىسى پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

4. ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تەرەكامە» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىر شەجەرىنى بېرىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام، شەيس، ئانۇش، كەنان، مەھلائىل (سۇس)، بەرد، ئەنوھ، ماتۇشالەھ، لەيمەك، نۇھ، يافەس، تۈرك، تۇتەك، ئامىلجاخان، دىب باقۇيخان، كۆك خان، ئالىنجاخان، موغۇلخان، قاراخان ۋە ئوغۇزخان.

بۇنىڭدىمۇ قاراخاننىڭ ئايالى كۆز يورۇپ، بالىسى ئانىسىنى ئەممەي، ئانىسىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئانىسى بالىسى ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ. شۇندىلا ئوغۇز ئانىسىنى ئېمىپ چوڭ بولىدۇ. بالىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلگەن قاراخان، ئوغۇلى ئوغۇزغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. ئوغۇز ئۇرۇشتا غالىب كېلىپ دادىسى قاراخاننى ئۆلتۈرىدۇ ۋە خان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مەملىكەتلەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، مەملىكەتلەرنى ۋە بايلىقلىرىنى بالىلىرىغا بۆلۈشتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئوغۇزخاننى تۇغۇلۇشىدىلا تۇغما مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتلەردىن «نەزمىي ئوغۇزنامە (ئوغۇزنامە داستانىنىڭ نەزمىي نۇسخىسى)» بىلەن خېلىلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

5. پىرسىيىلىك مەشھۇر تارىخچى رەشىدىددىن فەزلۇللاھ «جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق كىتابىغا «ئوغۇز داستانى» نى كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدا ئوغۇزخاننىڭ دادىسى قاراخان، قاراخاننىڭ دادىسى دىب ياۋقۇيخان، دىب ياۋقۇيخاننىڭ دادىسى يافەس، يافەسنىڭ دادىسى نۇھ قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدىمۇ خۇددى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەرەكامە » دېگەن كىتابىدا خاتىرىلەنگەندەك، ئوغۇزخان تۇغۇلۇپ ئۈچ كېچە، ئۈچ كۈندۈز ئانىسىنى ئەممىگەن ھەمدە ئانىسىنىڭ چۈشىدە: «ئەگەر سۈتىمنى ئەمسۇن دېسەڭ تەڭرىنىڭ بىرلىكىنى ئىقرار قىل ۋە ئېتىراپ قىل؛ قىلمىشقا تېگىشلىك ئىشىڭنى پەرز بىل» دەپ مەلۇم بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى مۇسۇلمان بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چوڭ بولۇپ تەخت ۋارىسى بولغان. كېيىن دادىسى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلانغان. بىراق ئوغۇز دادىسى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ دادىسىنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. رەشىدىددىن فەزلۇللاھ خاتىرىلىگەن «ئوغۇز داستانى» دىمۇ ئوغۇزخاننىڭ دادىسى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا ئېتىقاد قىلماي، تۇغۇلۇشىدىلا تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ تۇغۇلغانلىقى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دادىسى بىلەن ئوغۇز ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ، ئوغۇز دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، خانلىق تەختىگە چىقىپ ئوغۇزخان ئاتالغانلىقى، مىللەتلەرگە نام قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرى، ئوغۇزخاننىڭ يۈرۈش قىلىپ ئالغان مەملىكەتلىرى، ئوغۇزخاننىڭ بالىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى، ئوغۇزخان ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇش قىلىپ ئالغان زېمىن ۋە توپلىغان دۇنيالىرىنى تەقسىملەپ بەرگەنلىكى جەھەتتىن «شەجەرەئى تەرەكامە» گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئوخشاش-

مايدىغان يېرى بۇ داستان «شەجەرەئى تەرەكامە» دىكىگە قارىغاندا تەپسىلىراق بولۇپ، ھەجىم جەھەتتىنمۇ خېلىلا چوڭ.

بىز ئوغۇز داستانىنىڭ يۇقىرىقى تۆت خىل ۋارىيانتىدىن قارىغىنىمىزدا، خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» دە قىسمەن شامان دىنىنىڭ ئادەتلىرى تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا پۈتۈنلەي تۇتېمچىلىق دەۋرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «شەجەرەئى تەراكامە» ، «جامىئۇت تەۋارىخ» لاردا خاتىرىلەنگەن «ئوغۇز داستانى» لىرى بىلەن «ئوغۇز داستانىنىڭ نەزمىي نۇسخىسى» مەزمۇن جەھەتتىن خېلىلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنى ئوغۇز تۇغۇلۇشىدىنلا تەقۋادار مۇسۇلمان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئوغۇز داستانىنىڭ مۇشۇ ئۈچ خىل نۇسخىدىكى ئوغۇزنىڭ تۇغما، تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىدەك ئوخشاشلىقنى ھازىرچە نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، ئوغۇزنىڭ تۇغۇلۇپلا ئانىسىنى ئەممىگەنلىكى، چىرايلىق ھەم باتۇر بولۇپ يېتىشكەنلىكى، نەچچە قېتىم ئۆيلەنگەنلىكى، باللىرىغا قويغان ئىسىملىرى، ئادەملەرگە قانداق نام بەرگەنلىكى ۋە بۇ ناملارنىڭ كېيىنچە قانداق قىلىپ مىللەت نامى بولۇپ قالغانلىقى، ھەربىي يۈرۈشلىرى، يۈرۈشتىن قايتىپ كېلىپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگەنلىكى ھەممە ئالغان يۇرتلارنى ۋە مال - دۇنيالىرىنى باللىرىغا تەقسىملەپ بەرگەنلىكى جەھەتتىن قارىغىنىمىزدىمۇ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىدۇ. ئەمدى بۇ داستانلارنىڭ قەلەمگە ئېلىنغان دەۋرىنى سۈرۈشتۈرسەكمۇ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» بىر قەدەر بۇرۇن ھېسابلىنىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەفەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە، يازىچىزادە ئالىنىڭ «تارىخىي ئالى سەلجۇقىيە» ناملىق كىتابىدا، خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان «دەدەقورقۇت» داستانىدا ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ پىكرىدىن قارىغاندا «تارىخىي رەشىدى» ۋە «رەۋزەتۇس - سەفا» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ «ئوغۇزنامە» داستانى خاتىرىلەنگەنىكەن. بۇلاردىن بۇ داستاننىڭ خېلى كەڭ دائىرىدە تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، «ئوغۇز داستانى» خاتىرىلەنگەن ئەسەرلەر يەنە بولۇشى مۇمكىن. بىز ئوغۇزخان ھەققىدە ئاخىرقى يەكۈن چىقىرىمىز دەيدىكەنمىز، بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە توپلاپ، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، يەنىمۇ ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» . مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىلى 11 - ئاي.

2. كەمال ئەراسلان نەشرگە تەييارلىغان «تۈركىيان مەجمۇئەسى» نىڭ XVII تومىدا ئېلان قىلىنغان «ئوغۇزنامە داستانىنىڭ نەزمى نۇسخىسى» .

3. رەشىدىددىن فەزلۇللاھ يازغان «جامىئۇت تەۋارىخ» ، سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 1 - كىتاب 131 - بېتىدىن 142 - بېتىگىچە قارالسۇن.

4. رۇس تۈركولوگى ئا. ن . كونونوۋ تەرىپىدىن 1958 - يىلى نەشرگە تەييارلانغان نۇسخىسىغا ئاساسەن ، مۇھەررەم ئەرگىن تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «شەجەرەئى تەرەكامە» نىڭ تۈركچە نۇسخىسىغا قارالسۇن.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# گۆھەر زېمىن — شىنجاڭ

## 2. قاراماي شەھىرى

مۇھەممەت ئوسمان*

قىسقىچە مەزمۇنى: قاراماي مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسلىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى، ئۇ نېفىت سانائىتى ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان يەرلىك سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىكنى ئورگانىك بىرلەشتۈرگەن، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان نېفىت سانائەت شەھىرى. ماقالىدە قاراماي شەھىرىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىجتىمائىي شارائىتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ئەھۋالى بىر قەدەر سىستېمىلىق بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：克拉玛依是我国主要的石油生产基地之一它是一座直接为石油工业服务的，把地方工业和农业等多种经济有机地结合在一起的新兴石油工业城市，本文系统地论述克拉玛依市形成的历史、地理、环境、社会环境以及经济发展概况。

**Abstract**: Karamay is one of the main petroluem refining base in our country, It is a newly flourishing petroluem industrial city which has organic integration of local industry and agricilfture and serve the petrol industry. This articles explain the historical origin, geographical and social condition as well as economical developc— ment of Karamay city.

قاراماي شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر. ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېچىلغان چوڭ نېفىتلىك، شۇنىڭدەك يېڭىدىن گۈللەنگەن زامانىۋى نېفىت سانائىتى شەھىرى. قاراماي جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، جايىر تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى بولغان چىڭگىزخان تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكى ۋە قاراسۇ (كۈيتۇن) دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبى ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى شىخو ناھىيىسى بىلەن، غەربى تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 23 — 46 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 240 كىلومېتىر بولۇپ، يەر مەيدانى 9 مىڭ 500 كۇئادرات كىلومېتىر.

• مۇھەممەت ئوسمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى.

هازىر قاراماي شەھىرىگە تۆت رايون (قاراماي، جەرەنبۇلاق، مايتاغ ۋە ئورقۇ)، ئىككى يېزا (ئورقۇ، شۆگەي) ئالتە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى (تەڭرىتاغ يولى، غالىبىيەت يولى، «55» بازىرى، جىنلۇڭ بازىرى، ئاقبۇلاق، تاغئېتەك بازىرى)، ئۈچ چارۋىچىلىق فېرمىسى (مايتاغ فېرمىسى، شۆگەي فېرمىسى، قاراماي فېرمىسى) قارايدۇ.

قاراماي شەھىرى تەۋەسىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ 129 -، 130 -، 137- پولك مەيدانلىرى، يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسىنىڭ 136 - پولك مەيدانلىرى بار.

نېفىت سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى قاراماي شەھىرىنىڭ نوپۇسى تېز كۆپەيدى. نوپۇسنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسى ۋە نوپۇس سېلىشتۇرمە-سىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. هازىر قاراماي شەھىرىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىۋە، رۇس، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، مانجۇ، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بار. شەھەر تەۋەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ نوپۇسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قاراماي شەھىرىنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 233 مىڭ 934. بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 96.73% تىنى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 3.27% نى تەشكىل قىلىدۇ. پۈتۈن شەھەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە، ئۇيغۇرلار 35 مىڭ 225 بولۇپ، 15.06% نى، خەنزۇلار 177 مىڭ 390 بولۇپ، 75.83% نى، قازاقلار 9 مىڭ 287 بولۇپ، 3.92% نى، خۇيزۇلار 6 مىڭ 192 بولۇپ، 2.65% نى، باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر 5 مىڭ 840 بولۇپ، 2.49% نى تەشكىل قىلىدۇ.

قاراماي رايونى ئەسلىدە ماناس دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى، داربىتى دەرياسى ۋە ئاقتېرەك (بەيياڭخې) دەرياسىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ سۇ سىستېمىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى سۆكسۆك، يۇلغۇن قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى بىلەن قاپلانغان قۇرغاق دالا ئىدى. هازىرقى قاراماي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئاسفالىت دۆڭلۈكلەر بىلەن قورشالغان ماي بۇلاقلار جايلاشقان، بۇ بۇلاقلاردىن يىل بويى قېتىشچانلىقى تۆۋەن، قىممەتلىك نېفىت فونتانلار ئېقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا يەرلىك ئاھالىلەر بۇ يەرگە قاراماي دەپ نام بەرگەن ھەم ئۇزۇن مۇددەت ئۆز ئېھتىياجى بويىچە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. ئۇيغۇرلاردىن سېلىم بوۋاي تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغىچە بۇ يەردە گەمە كولاپ يېتىپ قويۇپ نېفىت يىغىپ، ئۇنى ئىشەككە ئارتىپ ئەتراپتىكى رايونلارغا ئاپىرىپ تورمۇش بۇيۇملىرىغا تېگىشىپ پايدىلانغان. گەرچە نېفىتنىڭ بارلىقى خېلى بۇرۇنلا مەلۇم بولغان بولسىمۇ، قاتناش، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ كېتەلمىگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى قاراماي شەھىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قاراماي شەھىرى قارمىقىدىكى مايتاغنىڭ تەرەققىياتى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) باشلانغانىدى. 1936 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كىچىك، رايون دائىرىسى پەقەت مايتاغ بىلەن چەكلەنگەن شىنجاڭنىڭ تۇنجى نېفىت سانائىتى بارلىققا كەلدى. 1951 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ھەمسىدارلىق شىركىتى كونا قاراماي — ماي بۇلاق ئەتراپىنى ئومۇمىيۈزلۈك گېئولوگىيىلىك تەكشۈردى، 1955- يىلى سەككىز مىللەتتىن تەركىب تاپقان مايتاغ «1219 ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتى» كونا قارامايىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئارىلىقى 5.5 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا تۇنجى بۇرغىلاش ماشىنىلىرىنى ئورنىتىپ، قاراماي 1 - قۇدۇقىدىن نېفىت ئالدى، شۇنىڭ بىلەن قاراماي نېفىتلىكى بايقالدى. شۇندىن ئېتىبارەن قاراماي رايونىدا نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە نېفىتلىك-نى ئېچىش ئىشى كەڭ كۆلەمدە باشلاندى. نېفىتلىكنىڭ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، نوپۇسى تېز كۆپەيدى، نېفىت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى زورايدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئىقتىسادىي

قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. نېفىتلىكنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قاراماي مەملىكىتىمىزنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم بازىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. 1958 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گوۋۇيۈەن قاراماي نېفىتلىكىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا مەركەزگە بىۋاسىتە قارايدىغان شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەستىقلىدى. ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن شەھەر- نىڭ نوپۇسى 50 مىڭدىن ئاشىدىغان، مايتاغ، قاراماي، ئورقۇدىن ئىبارەت جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئۇزۇنچاق خالتا شەكىللىك بۇ رايون دەل شىخو، تولى، قوبۇقسار ۋە ساۋەندىن ئىبارەت تۆت ناھىيىنىڭ پاسىل رايونى ئىدى. شۇڭا بۈگۈنكى قاراماي شەھىرى يۇقىرىدىكى تۆت ناھىيىدىن بۆلۈپ ئېلىنغان زېمىنلارنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن مەمۇرىي رايون سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن نېفىت سانائەت شەھىرى بولۇپ قالدى. بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان شەھەر مايبۇلاقنىڭ يەرلىك نامى «قاراماي» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. 1975 - يىلى قاراماي شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قارايدىغان كۈيتۇن (قاراسۇ) شەھىرى تەسىس قىلىنىپ، قاراماي شەھىرىنى شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋەتتى، لېكىن شەھەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇشىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. 1982 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قارامايىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر قىلىشنى تەستىقلىدى. قاراماي شەھىرى بىلەن نېفىت ئىدارىسىدا بىر پارتكوم (قىسقارتىپ شەھەر، ئىدارە پارتكوم دېيىلىدۇ، يەنى بىر يۈرۈش بەنزە بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا شەھەرلىك كومىتېت بىلەن نېفىت ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ئىككى خىل ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ) شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن نېفىت ئىدارىسىنىڭ ئاپپاراتى ئايرىم - ئايرىم تەسىس قىلىنغان. 40 يىلدىن بۇيانقى ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ئارقىلىق شەھەر دائىرىسى شەرقتە ماناس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى شۆگەيدىن غەربتە چىڭگىزخان تېغىنىڭ ئېتىكىگىچە، جەنۇبتا تەڭرىتېغىنىڭ قۇم رايون ئېتىكىدىكى مايتاغ كان رايونىدىن شىمالدا ئورقۇنى نېفىتلىكىگە كېڭىيىپ، قاراماي چارلاش، بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش، نېفىت ئاققۇزۇش، نېفىت ئايرىش، ئىلمىي تەتقىقات، بىناكارلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش، ترانسپورت، ماشىنىسازلىق قاتارلىق كەسىپلىرى بىر قەدەر تولۇق، نېفىت سانائىتى بازىسىغا ۋە سەھىيە، مەدەنىي مائارىپ، يېنىك سانائەت، سودا، جامائەت ئىشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يۈرۈشلەشكەن يېڭى تىپتىكى نېفىت سانائىتى شەھىرىگە ئايلاندى.

قاراماي شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان. غەربىي شىمال تەرىپىدە جايىر تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى بولغان چىڭگىزخان تېغى بار، جەنۇبىدا تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلەك تارماق تىزمىسى ئىلان قابىرغا تاغلىقىنىڭ قۇم داۋان تېغى بار. يەر ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، شەھەرنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن غەربىي شىمال قىسمى ئېگىز، شەرقىي شىمال قىسمى پەسرەك بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا، غەربتىن شەرققە تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەھەر تەۋەسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 270 مېتىردىن 550 مېتىرغىچە كېلىدۇ. جەنۇبىدىكى قۇم داۋان تېغى ئېتىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1283 مېتىرغا بارىدۇ، ئەڭ پەس جاي ھېسابلانغان ئايران كۆلى سۇ يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 279 مېتىر كېلىدۇ. قاراماي شەھىرى شەرقتە ماناس دەرياسى، غەربتە قارا سۇ دەرياسى، شىمالدا ئاقتېرەك ۋە موخورتاي دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، يەر ۋەزىيىتى تەكشى، يەر شەكلى تۈزۈلۈشى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، يەر شەكلى تىپى تۈزلەڭلىك، قۇملۇق ۋە قىسمەن دائىرىدىكى تاغلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. تاغلىق رايون ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 6.5% تىنى، ئېقىندى تىنما تۈزلەڭلىك 56.0% تىنى، قۇملۇق چۆل 37.5% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. تىنما تۈزلەڭلىك ئاساسەن ئۈچ دەريا ئەتراپىغا، قۇملۇقلار ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. قۇملۇقلىرىنىڭ كۆپى تۇراقلاشقان پەس بارخانلاردىن ئىبارەت.

قاراماي شەھىرى تەۋەسىدە ئاقتېرەك (بەيياڭخې) دەرياسى، موخورتاي دەرياسى، داربىيتى دەرياسى

ۋە ماناس دەرياسى بار، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پەسىل خاراكتېرىدىكى قەرەللىك دەريالار بولۇپ، سۈيى ئاز، ئېقىن يولى قىسقا، ئېقىن مىقدارىنىڭ پەسىللىك پەرقى ناھايىتى چوڭ. بۇ دەريالارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 170 مىليون كۇب مېتىر. بىراق بۇ دەريالار ئەتراپىدىكى قوشنا ناھىيىلەردىن ئېقىپ ئۆتكەچكە قاراماي شەھىرىگە بېرىدىغان سۈيى پەكلىك. ھازىر قاراماي شەھىرىنىڭ تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى ئېقىنلاردىن ئالىدىغان يىللىق سۈيىنىڭ مىقدارى 37 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستىدىن ئالىدىغان سۈيى 13 مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. شەھەر تەۋەسىدە سۈيىنى ئىچىشكە بولمايدىغان، لېكىن بېلىق بېقىشقا بولىدىغان ئاقتېرەك دەرياسىنى مەنبە قىلغان چوڭ - كىچىك ئايران كۆلى بار. بۇ تۇزلۇق كۆل قاراماي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، ئورنى پەس، ماناس كۆلى بىلەن بېقىشىپ تۇرىدۇ، ئومۇمىي مەيدانى 30 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە شەھەر تەۋەسىدە سۇ مەنبەلىرىنى نورمال تەڭشەپ بېرىدىغان چوڭ - كىچىك سۇ ئامبارلىرىدىن ئاقتېرەك سۇ ئامبىرى ۋە جەرەنبۇلاق سۇ ئامبارلىرى بار، ئومۇمىي سىغىمى 56 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. بۇ سۇ ئامبارلىرى قاراماي نېفىتلىكىنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاھالىلارنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى مايتاغ رايونى ئاساسەن قارا سۇ دەرياسى بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

قاراماي شەھىرىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ. كىلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى قۇرغاق، ھۆل - يېغىنى ئاز، تۆت پەسلى ئېنىق، ئەتىياز - كۈز پەسىللىرى كۆپ بورانلىق، ياز پەسلى ئىسسىق، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق، قىش بىلەن يازنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى چوڭ؛ ياز بىلەن قىش پەسىللىرىدە جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى روشەن پەرق قىلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 8.4℃، يانۋار ئېيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 12.7، ئەڭ تۆۋەن تېمپېرتۇرا 35.9-℃، ئىيۇل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېرا تۇرىسى 29.9℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 169 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2558 مىللىمېتىر، سەككىز بالدىن ئارتۇق بوران چىقىدىغان ۋاقىت 60 كۈندىن ئاشىدۇ، قىروسىز مەزگىلى 190 كۈنگە يېتىدۇ.

نېفىت قاراماي شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقى بولۇپ، زاپىسى كۆپ، ماي قەۋىتى تېيىز، نېفىتنىڭ سۈپىتى ياخشى، نېفىتتىن باشقا يەنە تەبىئىي ئاسفالىت، كۆمۈر، گەج، سېلىترا، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال ۋە سېرىق توپا، شېغىل، تاش قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كۆپ.

قاراماي يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان نېفىت سانائىتى شەھىرى، خەلق ئىگىلىكىدە، نېفىت سانائىتى ئاساسى ئورۇندا، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان يەرلىك سانائىتى ئىككىنچى ئورۇندا، يېزا ئىگىلىكى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر شەھەر تەۋەسىدە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن قاراماي شەھىرىگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرى 84 كە يېتىپ، ئۇلارنىڭ 1995 - يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %6.86 تىنى ئىگىلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يىرىك كارخانىلار يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرماقتا. 1995 - يىللىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، قاراماي شەھىرىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %99.39 كە يەتكەن. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1994 - يىلدىكىدىن %12.1 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇۋاتقان نېفىت سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 150 مىليون يۈەن بولۇپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %93.29 تىنى ئىگىلىدى. 1995 - يىلى قاراماي 7 مىليون 903 مىڭ توننا خام نېفىت ئېلىپ، مەملىكەت بويىچە 4 - نېفىتلىك قاتارىغا ئۆتتى. شۇ يىلى قارامايدا 4 مىليون 561 مىڭ توننا خام نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى. ئايرىپ ئېلىنغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ

تۈرى 160 خىلدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى خىلى مەملىكەت تەرىپىدىن ئالتۇن مېدالغا، ئالتە خىلى كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى، 44 خىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون ۋە نېفىت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن سۈپەتلىك مەھسۇلات قىلىپ باھالاندى، بەزىلىرى خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. 19 خىل نېفىت مەھسۇلاتى سەككىز دۆلەت ۋە رايونغا ئېكسپورت قىلىندى. دۆلەتنىڭ 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان مايتاغ 140 مىڭ توننىلىق ئېتىلىن قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 1995 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ نېفىت خىمىيە سانائىتىدىكى چوڭ بۆسۈش بولدى.

قاراماي شەھىرى سانائىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان نېفىت سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان يەرلىك سانائىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ھازىر ماشىنىسازلىق، كان قېزىش، خىمىيە سانائىتى، قاتناش ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە غەيرىي مېتال بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سۇلياۋ ئىشلەش، ئائىلە سايمانلىرىنى ئىشلەش، كىيىم تىكىش، توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك سىلوس (يەم - خەشەك تەييارلاش) كۆن - خۇرۇم ۋە يېمەكلىكلەر سانائىتىنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا - كىچىك تىپتىكى سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. يەرلىك سانائىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېنىك سانائەتتىن ئىبارەت. 1995 - يىلى يۇقىرىدىكى يەرلىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 373 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1994 - يىلدىكىدىن %16.1 ئاشتى. بۇ شۇ يىلدىكى قاراماي شەھىرىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %6.77 تىنى ئىگىلىدى.

قاراماي شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس، باقمىچىلىق كەسىپلىرىنى قوشۇمچە قىلغان كۆلىمى چەكلىك، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئاساسى ئاجىز، خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن سالمىقى بىرقەدەر كىچىك بولغان ئىگىلىك. 1995 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1994 - يىلدىكىدىن %3.7 ئاشقان. شۇ يىلى قاراماي شەھىرىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى %0.61 نى ئىگىللىگەن. گەرچە سانائەت ئىگىلىكىگە سېلىشتۇرغاندا، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سالمىقى ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شەھەر ئاھالىسىنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. قاراماي شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە، باقمىچىلىق كەسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مال - چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ سالمىقى بىرقەدەر يۇقىرى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى %67نى، دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى %33 نى تەشكىل قىلىدۇ. قارامايىنىڭ دېھقانچىلىقى بورانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سۇ، تۇپراق ۋە ئىسسىقلىق شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان، ماناس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى شۆگەي ۋە ئاقتېرەك دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئورقۇدىن ئىبارەت ئىككى يېزىغا مەركەزلەشكەن. سۇ بايلىقىنىڭ چەكلىك بولۇشى، يەرسۈپىتىنىڭ ناچارلىقى قاراماي شەھىرى دېھقانچىلىق كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇھىم ئامىل. شەھەر تەۋەسىدە دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېرى 6 مىڭ 650 گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شەھەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %0.7 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 2 مىڭ 334 گېكتار، ئەمەلىي تېرىقچىلىق يېرى 1 مىڭ 767 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يېرىنىڭ %75.7 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرىنىڭ زىرائەت قۇرۇلمىسى بويىچە ئالغاندا، ئاشلىق زىرائىتى %54.72 نى، ئىقتىسادىي زىرائەت قاتارلىقلار %45.28 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاشلىق زىرائىتى بۇغداي، كۆممە قوناقنى، ئىقتىسادىي زىرائىتى كېۋەز، مايلىق دان ۋە كۆكتات قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. زىرائەت قۇرۇلمىسىدا ئاشلىقتىن قالسا، كۆكتات ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاشلىقتا يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنى تەمىنلەشنى ئاساس قىلىدۇ. 1995 - يىلى بۇ ئىككى

دېھقانچىلىق يېزىسى 3 مىڭ 93 توننا ئاشلىق، 130 توننا مايلىق دان، 322 توننا پاختا ۋە 12 مىڭ 303 توننا كۆكتات ئىشلەپچىقارغان.

شەھەر تەۋەسىدە چارۋىچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەر پۈتۈن شەھەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %90.1 نى تەشكىل قىلىدۇ. تۇزلەڭلىكنى ئاساسى قىلغان تەبىئىي ئوتلىقى %12.29 نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ جۇڭغار ئوتلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، قۇرغاق ئوتلاققا كىرىدۇ. تەبىئىي ئوتلىقى ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتلاق 23 مىڭ گېكتار بولۇپ، %86.21 نى، چۆپ بېرىدىغان ئوتلاق 11 مىڭ گېكتار بولۇپ، %31.11 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتلاقلىرى ئاساسەن ماناس دەرياسى بىلەن شىمالىدىكى ئاقتېرەك دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارغا تارقالغان. لېكىن ئوتلاق بايلىقى چەكلىك بولغاچقا ئوتلاق چارۋىچىلىقىنىڭ كۆلىمى كىچىك، چارۋا ماللىرىنىڭ سانى 28 مىڭ 600 تۇياق، چارۋىچىلىقىدا قويچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قاراماي شەھىرىنىڭ مال چارۋا ۋە باقمىچىلىق كەسىپلىرى 2 مىڭ 865 توننا گۆش، 2 مىڭ 288 توننا تۇخۇم، 1 مىڭ 304 توننا سۈت ئىشلەپچىقىرىپ، شەھەرنى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشتە بەلگىلىك رول ئوينىدى.

نېفىت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ۋە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، قاراماي شەھىرىنىڭ قاتناش ترانسپورتى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. ھازىر قاراماي شەھىرىنىڭ تاش يول، تۆمۈر يول، ئاۋىئاتسىيە ۋە تۇرۇبا يولىدىن ئىبارەت قاتناش ترانسپورت تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئاسىيا ياۋروپا قورۇقلۇقى ئىككىنچى چوڭ كۆۋرۈكى ھېسابلانغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ غەربىي بۆلىكى ۋە ئۈرۈمچى — غۇلجا تاشيولى شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى مايتاغ رايونىدىن ئۆتىدۇ، ئالتاي — مايتاغ تاشيولى شەھەرنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدۇ، مايتاغ — كۇچا تاشيولى تەڭرىتاغنى بېسىپ ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، قۇتۇبى — قاراماي تاشيولى چۆچەك شەھىرىگە ئۇلىنىشىپ بارىدۇ. بۇ تاشيوللارنىڭ ئىچىدە قاراماي شەھىرى مەسئۇللىقىدا ئاسرىلىدىغان تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قاراماي شەھىرىدىكى يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن يولۇچىلار ئاپتوموبىلىنىڭ سانى 16 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۆتكەن يىلى قاراماي شەھىرىدىن توشۇلغان يۈكنىڭ مىقدارى 12 مىليون 840 توننا، يولۇچىلار 9 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم قېتىمغا يەتكەن. شەھەر تەۋەسىدىكى ئاساسلىق تاشيوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 846 كىلومېتىر بولۇپ، قاراماي شەھىرى مەسئۇللىقىدا ئاسرىلىدىغان غول تاشيوللارنىڭ %42.34 نى تەشكىل قىلىدۇ. قارامايىنىڭ يەر مەيدانى ئۈچۈن ئېيتقاندا تاش يول زىچلىقىنى كىچىك دېيىشكە بولمايدۇ. شەھەرنىڭ قاتناش شارائىتى ياخشى، تۇرمۇشقا ۋە ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا ئەپلىك. شەھەر تەۋەسىدە يەنە دۆلەت كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى 850 تىن ئارتۇق ھەر خىل ئاپتوبۇس، تاكسىلار قاتناپ، شەھەرنى مەركەز قىلغان ئەتراپىدىكى كان رايون، يېزا - قىشلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاتناش تورىنى ھاسىل قىلدى. بۇ، قاراماي شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى زاۋۇت - كان رايونى، يېزا - قىشلاق ۋە قوشنا ناھىيىلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى كۈچەيتىپ تۇرىدۇ. تاشيولنى ئاساس قىلغان قورۇقلۇق قاتنىشىدىن باشقا، خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، ھەپتىسىگە نۆۋەتچى ئايروپىلانلار بىۋاستە ئۈرۈمچىگە قاتناپ تۇرىدۇ، ئاۋىئاتسىيە يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 289 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇلاردىن سىرت، يەنە قاراماي — مايتاغ، قاراماي — ئۈرۈمچى قاتارلىق ئون نەچچىلىگەن ئۇزۇن مۇساپىلىق نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

قاراماي شەھىرىنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئالاقە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. ئۇ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى نېفىتلىكلەرنى ئۆز ئارا باغلاپ تۇرىدىغان پوچتا - تېلېگراف ئالاقە تورىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. يەنە سۈنئىي ھەمراھ ۋە مىكرو دولقۇنلۇق

ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى چوڭ نېفىتلىكلەر بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پروگراممىلىق تېلېفون سىغىمى 90 مىڭغا يېتىپ، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق بىۋاسىتە تېلېفون يولغا قويۇلۇپ، قاراماي شەھىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەر ۋە ھەرقايسى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچەيتىلدى.

بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شەھەر ئىستېمالىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شەھەرنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرى كۈندىن كۈنگە ئاۋاتلاشتى. ھازىر شەھەردە كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى ۋە ئوبوروت يولىغا ئىگە سودا تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. جۇڭغار ئۇنىۋېرسال سودا سارىيى، قىزىل بايراق سودا سارىيى، شىنخۇا سودا سارىيى، شەرق شاملى ۋە تۆت كوچا سودا سارايلىرىنى مەركەز قىلغان كۆلىمى ھەر خىل سودا مۇلازىمەت ئورۇنلىرى 1 مىڭ 796 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا مۇلازىمەت ئورنى %91. 8 نى، كوللېكتىپ سودا مۇلازىمەت ئورنى %46. 7نى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا مۇلازىمەت ئورنى %63. 83 نى ئىگىلىدى. گەرچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ نىسبىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كۆلىمى چوڭ، سەرمايىسى كۆپ، تاۋارنىڭ سېتىلىش سوممىسى يۇقىرى، مال مەنبەيى مول ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئورنى ھېسابلىنىدۇ. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 512 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن % 37. 23 ئاشتى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئاشقانلىقىدىن ئىبارەت ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە %71. 0 ئاشتى. ھازىر قارامايدىن 20 خىلدىن ئارتۇق نېفىت مەھسۇلاتى ياپونىيە، تايلاند، مالايسىيا، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا ئېكسپورت قىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈرۈمچىدە ئېچىلىپ كېلىۋاتقان چېگرا ئىقتىسادىي سودا كېلىشىم يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، كۆلىمى ئوخشىمىغان دەرىجىدە سودا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1995 - يىللىق ئۈرۈمچى سودا كېلىشىم يەرمەنكىسىدە قاراماي شەھىرى بىلەن شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە 62 تۈر بويىچە سودا كېلىشىم ھاسىل قىلدى، ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 877 مىليون يۈەنگە يەتتى.

قاراماي شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا ئۇ، نېفىت سانائىتى بويىچە كۆلىمى چوڭ، تېخنىكا ئاساسى پۇختا، تەتقىقات كەسپلىرى بىر قەدەر يۈرۈشلەشكەن، بەلگىلىك تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە يۇقىرى سەۋىيىلىك پەن - تېخنىكا تەتقىقات قوشۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قارمىقىدىكى كەسپىي تەتقىقات ئورنى ئالتىگە، كەسپىي تېخنىك ۋە تەتقىقاتچى خادىملار 30 مىڭغا يەتتى. بۇ تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن باشقا، يەنە ئون نەچچىلىگەن چوڭ تىپتىكى تەجرىبە مەركىزى، ھېسابلاش مەركىزى، ئۆلچەم مەركىزى ۋە نېفىت تەتقىقات تەلەپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان ھەر خىل تەجرىبىخانىلار بار. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان بۇ تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نېفىت پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى بىر مىڭ 200 تۈردىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 30 تۈردىن كۆپرەكى دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 90 تۈردىن كۆپرەكى ئاپتونوم رايون، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

ھازىر شەھەر بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن بالىلار مائارىپى، ئومۇمىي مائارىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپىدىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق ئۇنىۋېرسال راۋاجلىنىۋاتقان مائارىپ سىستېمىسى بارلىققا كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ تېخنىكا ساپاسىمۇ ياخشىلاندى. 1995 - يىلى قاراماي شەھىرىدىكى ئالىي ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ سەككىز، ئوقۇغۇچىسى 7 مىڭ 716؛ تېخنىك

ئىشچىلار مەكتىپى ئۈچ، ئوقۇغۇچىسى 2 مىڭ 709؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 501؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 39، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 45 كە يەتتى. 42 مىڭ 509 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى خىزمەت ئورنىدا ئېچىلغان ھەر خىل كۇرسلاردا قاتناشتۇرۇلۇپ تەربىيىلەندى.

1995 - يىلى شەھەر تەۋەسىدە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە شەھەرگە قاراشلىق سەھىيە ئورگانلىرى 34 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا ئالتە، يېزا دەرىجىلىك دوختۇرخانا ئىككى، ئامبۇلاتورىيە 25، كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتى ئۈچ) كە، كېسەل كارۋاتلىرى 1 مىڭ 502 گە، تېببىي تېخنىكا خادىملىرى 2 مىڭ 304 كە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىڭ شەھەر ئاھالىسىگە 6.4 كېسەل كارۋىتى، 9.8 تېببىي تېخنىكا خادىمى توغرا كەلدى.

شەھەر بويىچە ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن بىر، كۇتۇپخانىدىن بىر، كەسپىي سەنئەت ئۆمىكىدىن بىر، رادىئو ئىستانسىسىدىن ئىككى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بىر، كىنو - تىياتىرخانا ۋە كۇلۇبىدىن 27، تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئورنىدىن يەتتىسى بار.

قاراماي شەھىرى يېڭىدىن ئېچىلغان جۇڭغار نېفىتلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تىپىك نېفىت سانائەت شەھىرى. يەر مەيدانى كىچىك، تەبىئەت مەنزىرىسى ئاددىي. گەرچە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغۇدەك مەشھۇر سەيلىگاھ ۋە قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئەسلىتىدىغان تارىخىي ئورۇنلار ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئورقۇنىڭ شىمالىدىكى شامالدىن شەكىللەنگەن جايلاشقان، تەبىئەت تەرىپىدىن يارىتىلغان ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل «شەيتان كىرىش» تەبىئىي مەنزىرە رايونى، كونا قاراماي مايبۇلىقى ۋە يېڭى قاراماي نېفىتلىكى تەرەققىياتىنىڭ گۇۋاھچىسى — قاراماي 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقى قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاسىيا - ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ئىككىنچى چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى بىلەن قارامايىنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمى تېخىمۇ تېزلىشىپ، نېفىت سانائىتىنى ئاساسىي گەۋدە، كۆپ خىل ئىگىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شەھەر فۇنكسىيىسى تولۇق، سانائىتى ئىلغار، پەن - تېخنىكىسى راۋاج تاپقان، مۇھىتى گۈزەل يېڭى تىپتىكى نېفىت سانائەت شەھىرى بولۇپ قۇرۇلىدۇ. بۇ شىنجاڭدا نېفىتلىكنىڭ شەھەرلىشىشىگە قاراپ راۋاجلىنىشىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. شىنجاڭ نېفىتىنىڭ 40 يىللىقى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1995 - يىلى نەشرى.
2. «قاراماي» ناملىق رەسىملىك كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979 - يىلى نەشرى
3. «1955 — يىلىدىن 1995 - يىلغىچە بولغان قاراماي»، 1995 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.
4. كونا زاۋۇتنىڭ يېڭى قىياپىتى — بۇگۇنكى مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، 1986 - يىلى 9 - ئاي نەشرى.
5. «قاراماي شەھىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 1994 - يىلى تۈزۈپ باستۇرغان.
6. 1996 - يىللىق «شىنجاڭ يىلنامىسى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان.


(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# شىمالىي يايلاقتىكى تۇنجى چوڭ پايتەخت قارابالغاسۇن شەھىرى ھەققىدە

مەھمۇت نىزامىي*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمدە شىمالىي يايلاقتا بىنا قىلغان ئولتۇراق جايلىرى، قورغان قەلئە ۋە شەھەرلىرى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە شىمالىي يايلاقتا قۇرغان شەھەرلىرى، بولۇپمۇ خاقانلىقنىڭ پايتەختى ئوردوبالىق — قارابالغاسۇن شەھىرىنىڭ شىمالىي يايلاقتا بىنا قىلىنغان تۇنجى چوڭ پايتەخت ئىكەنلىكى تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار ئاساسىدا بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文依据史料和考古报告，论述维吾尔族的祖先在古代北方草原上建立的居住地、城堡和城市，考证鄂尔浑维吾尔人在鄂尔浑汗国时在北方草原建立的城市、特别是汗国的首都喀喇巴尔噶逊作为北方草原所建的第一大的城市。

**Abstract**: This article, according to archeological discoveries, probes the residential architectures, castles, and cities of Di, Rong, and Hun who were ancestors of Uighur. It, on the base of historical and archeological facts. furtherly points out that the cities built by Orhun Uighur in northern prairie during the reign of Orhun Uighur Kingdom, especially Kingdom's capital built in northern steppe.

بىر مىللەتنىڭ مۇقىم ئولتۇراق ماكانى ۋە شەھەر قۇرۇشى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي ھاياتى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بەلگە ھېسابلىنىدۇ. ئولتۇراقلىشىش ئۇنىڭ كۆچمەن تۇرمۇشتىن مۇقىم تۇرمۇشقا ئۆتكەنلىكىنى، شەھەر قۇرۇش تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلغانلىقىنى، پايتەخت بىنا قىلىش دۆلەت قۇرۇپ مۇستەھكەم ھاكىمىيەت بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان ۋە شەھەر بەرپا قىلغان خەلق ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلى كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولۇپ، كېيىن ئىقتىسادىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي يېرىم ئولتۇراق ۋە يېرىم كۆچمەن ھالەتكە ئۆتكەن. بارا - بارا ئولتۇراق ھالەت ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىلارنىڭ بەزى ئۇرۇقلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا شەھەرلەرنى بىنا قىلغان. ئۇيغۇرلار شىمالىي يايلاق

• مەھمۇت نىزامىي: شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى.

ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئۇيۇشۇش ۋە مىللەت بو-
لۇپ شەكىللىنىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتا-
قان مەزگىللەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى
كەچۈرەتتى. ئۇلار رەسمىي ئۇيۇشۇپ، بىر مىللەت
بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، يېزا
- كەنتلەرنى بەرپا قىلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلى-
غان. بىر قىسمى ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بى-
لەن، بىر قىسمى يەنىلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇل-
لانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەرلەرنى بىنا قىلىشقا
باشلىغان. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسى-
تىلىشىچە، سەھرانىڭ شىمالى ياكى شىمالىي ياي-
لاق دەپ ئاتالغان جايلاردا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە
ياشىغان ئۇيغۇرلار (ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ياكى جە-
نۇبىي سىبىرىيە ئۇيغۇرلىرى) ئەڭ دەسلەپ شەھەر
بىنا قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قارابالغاسۇن شە-
ھىرى (ئوردۇبالىق شەھىرى) شىمالىي سەھرادا
بىنا قىلىنغان ئەڭ دەسلەپكى ھەقىقىي مەنىدىكى
چوڭ شەھەر ۋە تۇنجى چوڭ پايتەخت ھېسابلىنى-
دۇ.

شىمالىي يايلاق ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئۇي-
غۇرلارلا ئەمەس، باشقا قەبىلە ۋە مىللەتلەرمۇ يا-
شىغانىدى. بۇ جايلاردا ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدا-
دى بولغان دىلار، دىڭلىڭلار، تېلېلار، رۇڭلار،
ھۇنلار بىلەن جورجىتلار، سىيانپىلار، تۈركلەر،
قىتانلار ۋە موڭغۇللار ياشايتتى. بۇ قەبىلە - مىل-
لەتلەر ئۆز تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا بە-
زى شەھەرلەرنى بىنا قىلغان. بۇلاردىن قايسىسى،
قاچان بۇ ماكاندا تۇنجى شەھەرنى بىنا قىلغان ۋە
تۇنجى پايتەخت شەھىرىنى قۇرغانلىقى توغرىسىدا
بۇرۇن مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان ۋە
خۇلاسە خاراكتېرلىك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلمىغا-
نىدى. يېقىندا تەتقىقاتچى ۋاڭ دافاڭ ئەپەندى ئۆزى-
نىڭ «شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر
قۇرغان تۇنجى پايتەخت» ① دېگەن ماقالىسىدە،
«جۇڭگو تارىخىدا شىمالدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان
مىللەتلەر ئىچىدە شەرقىي خورلار، ھۇنلاردىن تار-
تىپ سىيانپى، تۈركلەرگىچە ھېچبىرى شىمالىي
يايلاقتا پايتەخت قۇرۇپ باقمىغان، قىتانلار بولسا،
بۇ ئىشنى تۇنجى قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىما-
لىي يايلاقتىكى تۇنجى پايتەخت — لياۋ سۇلالىسى
يۇقىرىقى پايتەختى (ئۇستۇنكى ئاستانە) نى قۇر-
دۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە يەنە بۇ شەھەرنىڭ
ئايلانمىسى 27 چاقىرىم، تۆت چوڭ قوۋۇقى بار،
ھەربىر قوۋۇقنىڭ كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدۇ،
خان قەسرىنىڭ قالدۇق تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى
سەككىز مېتىر، قېلىنلىقى 10 مېتىر، دەپ كۆر-
سىتىدۇ. ۋاڭ دافاڭ ئەپەندىنىڭ لياۋ سۇلالىسى
پايتەختى ئۇستۇنكى ئاستانىنى شىمالىي يايلاقتا قۇ-
رۇلغان تۇنجى پايتەخت دېگەن ھۆكۈمىنىڭ ئىلمىي
ئاساسى يېتەرلىك ئەمەس. لياۋ سۇلالىسى پايتەخ-
تى ئۇستۇنكى ئاستانە توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا
ئاساسلانغاندا، ئۇمىلادى918 - يىلىقۇرۇلغان② ،
بۇ شەھەر، يەنى پايتەخت پەقەت قىتانلار تۇنجى
قېتىم قۇرغان شەھەر ۋە پايتەخت ھېسابلىنىدۇ.
ئەمەلىيەتتە، شىمالىي يايلاق ۋە جەنۇبىي سىبىرى-
يىدە بۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇنلا باشقا مىللەتلەر
شەھەر بىنا قىلغان ۋە پايتەخت قۇرغانىدى.

شىمالىي يايلاق ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە شە-
ھەر بىنا قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن باش-
لىنىدۇ. بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى ئالاھىدە
ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەجدادى بولغان ئاق دىلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان
شيەنيۇ ئۇرۇقى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىك رايونىغا بېرىپ ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلار بۇ
يەردە ئولتۇراقلىشىپ ناھايىتى بۇرۇنلا شەھەر ۋە
پايتەخت بىنا قىلغان. ئۇلار شەرقىي جۇ سۇلالىسى
چۇنچيۇ (ئەمىنىيە) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى-
دە، يەنى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 506 - يىلى خېبېي
ئۆلكىسىنىڭ دىڭشيەن ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان
ھالدا جۇڭشەن بەگلىكىنى قۇرىدۇ ۋە جۇڭرېن شە-
ھىرىنى قۇرۇپ پايتەخت قىلىدۇ. مىلادىيدىن بۇ-
رۇنقى 406 - يىلى جۇڭشەن بەگلىكى ۋېي بەگلىكى
تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆت-
مەي، جۇڭشەن بەگلىكى ئەسلىگە كېلىدۇ ۋە خې-
بېي ئۆلكىسىنىڭ پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي
شىمالىدا پايتەخت بىنا قىلىدۇ. بۇ پايتەخت تارى-
خىي خاتىرىلەردە لىڭشۇ شەھىرى دەپ تىلغا ئېلى-
نىدۇ. جۇڭشەن بەگلىكى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 296

ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈردى، شۇ يىلى جاۋ بەگلىكى تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى. خېبېي ئۆلكىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى 1974 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە پىڭشەن ناھىيىسى سەنجى يېزىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، جوڭشەن بەگلىكىنىڭ كېيىنكى پايتەختى لىڭشۇ شەھىرى خارابىسىنى تاپىدۇ ھەمدە ئارخېئولوگلار لىڭشۇ شەھىرى خارابىسىنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى 30 نەچچە قەبرىنى قېزىپ تەكشۈرۈپ، جەمئىي 19 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنتايىن قىممەتلىك، شۇنداقلا تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئارخېئولوگلارنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، جوڭشەن بەگلىكى پۇقرالىرى ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىغا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، شۇنداقلا بىر قىسىم پۇقرالار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بەگلىكنىڭ جەنۇبىدىكىلەر ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، شىمالىدىكىلەر ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بولسا، پايتەخت لىڭشۇ شەھىرى بىلەن باشقا كىچىك شەھەر ۋە بازارلارغا مەركەزلەشكەنىدى. لىڭشۇ شەھىرى خېبېي ئۆلكىسى پىڭشەن ناھىيىسىنىڭ سەنجى يېزىسى يېنىدىن ئۆتىدىغان خۇتو دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر خارابىسىنىڭ دائىرىسى 60 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەرنىڭ ئىچى-سىرتىدا ئوردا، قەسىر رايونى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك رايونى، خانلار قەبرىستانلىقى رايونى، پۇقرالار تۇرالغۇ جاي رايونى بولغان. قەبرىستانلىق رايونىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆرۈتۈپ تۇرغان غايەت زور قەبرىلەر بار ئىكەن③. لىڭشۇ شەھىرى ئادەتتىكى شەھەر ياكى قورغان، شۇنداقلا پادىشاھ تۇرىدىغان ئوردىلا بولماستىن، بەلكى يەنە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقىقىي مەنىدىكى شەھەر ۋە پايتەخت ئىدى.

تارىخىي خاتىرىلەردە رۇڭلار دەپ ئاتالغان قەبىلىمۇ دىلار بىلەن بىر قەۋم ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇلارنىڭ نامى ئاتالغاندا ھەمىشە رۇڭ ـ دىلار دەپ بىرلىكتە ئاتىلىدۇ. رۇڭلار، دىلارنىڭ ھەرقايسى جايلاردا ئايرىم ـ ئايرىم ياشايدىغان تارماقلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ياشىغان جايى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ھەر خىل ناملاردا ئاتىلىدۇ، مەسىلەن، لىنشەن رۇڭلىرى، تاغ رۇڭلىرى، جۇيەن رۇڭلىرى، غەربىي رۇڭلار، چۈەنرۇڭلار، يىچۈر رۇڭلىرى، يۈەن رۇڭلار، كۆزىرۇڭلار ۋە باشقىلار. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»دە «... يەنە يۈز نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، غەرب تەرەپ بەگلەر بېگى جى چاڭ چۈەنيىلارغا يۈرۈش قىلدى» دېگەن خاتىرە بار. كىتابتا «چۈەنيى» دېگەن قەبىلە نامىغا ئىزاھ بېرىلگەندە، ئۇلار « ‹يىلنامە›، دە چۈەنرۇڭلار دېيىلىدۇ» دەپ ئىزاھ بېرىلىدۇ. دايەننىڭ چۈەنيىلارنى «ئۇلار كۈنيىلار» دەپ كۆرسەتكەندە، «شوۋېن» دېگەن كىتابتا «قىزىل دىلار ئەسلى چۈەنرۇڭلار ئۇرۇقى ئىدى» دېگەنگە ئاساسلانغان④. بۇنىڭدىن چۈەنرۇڭلار شۇنداقلا رۇڭلار بىلەن دىلارنىڭ بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىخشۇناس شاڭ يۆ ئەپەندى «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابىدا «قەدىمكى زاماندىكى ئاتالمىش شۈنيۈلەر، يىن ـ جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ‹گۈيفاڭلار›، كۈنيىلار، خۇنيىلار، چۈەنيىلار، چۈەنرۇڭلار، شيەنيۈنلەر ... ھەممە چۇنچيۇ ـ جەڭگو (ئەمىنىيە ـ يېغىلىق) دەۋرىدىكى دىلار بىلەن خۇلار، چىن سۇلالىسى بىلەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھونلار، ئومۇمەن ھەممىسى بىر قەۋم ھېسابلىنىدۇ»⑤ دەپ كۆرسىتىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»دە يەنە «......20 نەچچە يىلدىن كېيىن، رۇڭ ـ دىلار لويى شەھىرىگە كېلىپ، جوۋشياڭۋاڭغا ھۇجۇم قىلدى. جوۋشياڭۋاڭ جېڭ بەگلىكىنىڭ فەنيى شەھىرىگە قېچىپ باردى. ئەسلىدە جېڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان جوۋشياڭۋاڭ رۇڭ ـ دىلارنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى ۋە رۇڭ ـ دىلار بىلەن بىرلىشىپ جېڭ بەگلى-

كىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇشياڭۋاڭ
دىلار قىزى دى خانىشنى خانىشلىقتىن قالدۇردى.
بۇ ئىش دى خانىشقا بەك ئەلەم بولدى. جۇشياڭ-
ۋاڭنىڭ ئۆگەي ئانىسى بولغان خۇي خانىش ئەسلى
ئۆز ئوغلى جې زىدەينى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش كو-
يىدا بولۇپ يۈرەتتى. شۇڭا خۇي خانىش دى خانىش،
ۋە جى زىدەي بىلەن بىرلىكتە ئىچكى جەھەتتىن
ماسلىشىپ، رۇڭ - دىلارنى قارشى ئالدى. شۇنىڭ
بىلەن رۇڭ - دىلار قوشۇنى بېسىپ كىرىپ، جۇش-
ياڭۋاڭنى يېڭىپ ۋە قوغلاپ چىقىرىپ، ئورنىغا
جى زىدەينى تەڭرىقۇت ‹جۇ سۇلالىسى پادشاھى›
قىلىپ تىكلىدى»⑥ دېگەن خاتىرە بار. بۇ خاتىرە
رۇڭ ۋە دى دېگەن سۆزلەر قوش سۆز قىلىنىپ،
«رۇڭ دىلار» دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنداقلا بۇلار داۋام-
لىق بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بىر
قەۋم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئابزاسنىڭ ئال-
دىدا «جۇشياڭۋاڭ رۇڭ - دىلارنىڭ قىزىغا ئۆيلەن-
دى» دېيىلسە، ئاخىرىدا «جۇشياڭۋاڭ دىلار قىزى
دى خانىشنى خانىشلىقتىن قالدۇردى» دېيىلىدۇ.
بۇمۇ رۇڭلار بىلەن دىلارنىڭ بىر قەۋم ئىكەنلىكى-
نى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى رۇڭ - دىلاردىن ئالغان
قىز ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، ئوردىدا يۇقىرى
ئورۇنغا ئېرىشىپ «دى خانىش» دەپ ئاتىلىدۇ.
بۇنىڭدىن رۇڭ - دىلار دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئەسلىدە
دىلاردىن ئىبارەت بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋال-
غىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ دىلار بىلەن بىر قەۋم
بولغان رۇڭلارنىڭ يىجۇرۇڭلىرى دېگەن تارمىقى
(ئۇرۇقى) جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە چىشەن تېغى،
لياڭشەن تېغى، جىڭشۇي، چىشۇي دەريالىرىنىڭ
شىمالىدىكى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ چىن-
ياڭ، جىڭچۇەن دېگەن جايلىرى ئەتراپىدا ياشايتتى
ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەت-
تى. ئۇلار چۈنچيۇ (ئەمىنىيە) دەۋرىگە كەلگەندە
كۈچىيىشكە باشلايدۇ ۋە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى-
نىڭ نىڭشيەن ناھىيىسى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم
رايونىنىڭ گۇيۈەن ناھىيىسى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ
چىنياڭ ناھىيىسى ۋە ئوردوس يايلىقى قاتارلىق
جايلاردا ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ
باشلىقى بەگ دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە نەچچە ئون شە-
ھەر قۇرىدۇ. ئۇلارمۇ چاغدا تېرىقچىلىق ۋە چارۋى-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ⑦. ئۇلارنىڭ شەھەر-
لىرى بارلىقى توغرىسىدا «تارىخىي خاتىرىلەر» دە
ئېنىق مەلۇمات بار. «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار
تەزكىرىسى» دە، «... جاۋ بەگلىكى دەي ۋە گوجۇ-
نىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى، ۋېي بەگلىكى شىخې
ۋە شاڭجۇن رايونىنى ئىگىلەپ ھەممىسى رۇڭلار
بىلەن چېگرىداش بولۇپ قالدى. كېيىن يىچۇ
رۇڭلىرى شەھەر ۋە قەلئەلەرنى سېلىپ مۇداپىئە-
لەنگەن بولسىمۇ، لېكىن چىن بەگلىكى ئۇلارنىڭ
يەرلىرىنى خۇددى پىلە قۇرۇتىدەك يەپ قوشۇۋال-
غانلىقتىن، چىن خۇيۋاڭ دەۋرىدە يىچۇرۇڭلىرى-
نىڭ 25 شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى» ⑧ دېيىلىدۇ.
بۇ مەلۇمات دىلارنىڭ قېرىندىشى بولغان رۇڭلار-
نىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا شەھەر - قەلئەلەرنى قۇرغان-
لىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قۇرغان شەھەرلىرى
سان جەھەتتىن خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاي-
دۇ. ئەپسۇسكى، كىتابتا شەھەر - قەلئەلەرنىڭ
نامى ۋە قەيەردە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلمىگەن.

ھونلارمۇ ئەينى زاماندا شىمالىي يايلاق ۋە
جەنۇبىي سىبىرىيىدە شەھەر - قەلئەلەرنى قۇرغان-
دى. سىماچيەن ئۆزىنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر»
ناملىق ئەسىرىدە ھونلارنىڭ لۇڭچېڭ (ئەجدىھا با-
لىق) دېگەن شەھىرى ۋە تەڭرىقۇت ئوردىسى بارلى-
قىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە، «ھەر يىلى
1 - ئايدا ھەرقايسى خان بەگلەر تەڭرىقۇت ئوردىسى
(قارارگاھى) غا كېلىپ كىچىك يىغىلىش قىلىپ،
باھار مەزگىلى ئەرۋاھلارغا سېغىنىش نەزىرى ئۆت-
كۈزىدۇ. 5 - ئايدا لۇڭچېڭ شەھىرى (ئەجدىھابا-
لىق) دە چوڭ يىغىلىش قىلىپ، ئەجدادلىرىغا،
ئاسمان-زېمىنغا ، روھ، ئەرۋاھلارغا ئاتاپ نەزىر
- چىراغ قىلىدۇ. كۈز پەسلى يىلقىلار سەمىرگەن-
دە، دەيلىن ئورمانلىقى (ئىبادەت ئورمانلىقى) دا
چوڭ يىغىلىش قىلىپ، ئورماننى ئايلىنىپ نەزىر
- چىراغ قىلىدۇ، ئاندىن ئادەم ۋە چارۋا - ماللار-
نىڭ سانى ئېلىنىپ، باج ئېلىنىدۇ» ⑨ دەيدۇ. لې-
كىن سىماچيەن ئۆز ئەسىرىدە تەڭرىقۇت ئوردىسى
ۋە لۇڭچېڭ شەھىرىنىڭ ئورنى ۋە قۇرۇلۇش كۆلى-
مى توغرىسىدا مەلۇمات بەرمەيدۇ. يۇقىرىقى مەلۇ-

ماتتىن قارىغاندا، لۈكچۈننىڭ شەھىرى ھەقىقىي مەنىدىكى شەھەر، يەنى ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىپ دائىملىق تۇرىدىغان جاي بولماستىن، بەلكى تەڭرىقۇت ۋاقىتلىق تۇرىدىغان ۋە قەرەللىك پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جاي ئىدى. «خەننامە»دە ھۇنلارنىڭ غەربىي رايوندا قۇتىئوش شەھىرى (تەڭرىقۇت شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى سالدۇرغانلىقى، شەھەر قۇرۇلۇشى مىلادىدىن بۇرۇنقى 45 - يىلى باشلىنىپ، ھەر كۈنى 500 ئادەم ئىشقا سېلىنىپ، ئىككى يىلدا پۈتتۈرۈلگەنلىكى، شەھەرنىڭ ئىككى دائىرىلىك ئىكەنلىكى، ئىچكى شەھەر توپا تاملاردىن قۇرۇلغانلىقى، سېپىل قوۋۇقلىرى بارلىقى، ئىچكى شەھەردە ئېگىز راۋاق، تەڭرىقۇت سارىيى بارلىقى، سېپىلغا بەش خىل رەڭلىك بايراقلار قادالغانلىقى، سىرتقى شەھەر بولسا، پۈتۈن ياغاچلاردىن ياسالغان ئۆيلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئېيتىلىدۇ[10]. بۇ خاتىرىدىن قارىغاندا شەھەرنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭراق بولسا كېرەك. ئەمەلىي رولىدىن ئالغاندا، بۇ شەھەر ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جاي بولماستىن، بەلكى تەڭرىقۇتنىڭ قورغان خاراكتېرلىك ئوردىسى ئىدى. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى يېقىنقى يىللاردا يەنە بىرمۇنچە قەدىمكى ھون شەھەرلىرى بىلەن بازارلىرىنى تاپقانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1960 - يىلىغىچە ئارخېئولوگلار موڭغۇلىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ جەنۇبىدىن ئوندىن ئارتۇق ھون شەھەر - بازارىنىڭ خارابىلىرىنى تاپقان، لېكىن بۇلارنىڭ كۆلىمى كىچىك ئىدى. بۇ شەھەر - بازارلاردىن ئىۋولگا، گاۋا - داۋبۇ، تىرەلجىن - دوربىلجىن، بورخى — دوربىلجىن، بالىندورغۇدىن ئىبارەت بەش شەھەر - بازاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ شەھەر - بازارلارنىڭ كۆلىمى ئادەتتە نەچچە تۈمەن كۋادرات مېتىر بولۇپ، شەكلى تۆت چاسا، ئەتراپى قورغانتام بىلەن قورشالغان، بەزى قورغانتاملىرىنىڭ ئىچى ياكى سىرتىغا خەندەك كولانغان، ئادەتتە ئىككىدىن تۆتكىچە دەرۋازىسى بولغان؛ ھەرقايسى شەھەر - بازارلارنىڭ ئىچىدە بىرقانچە چوڭ - كىچىك قۇرۇلۇشلار (ئۆيلەر) بولغان، مەسىلەن، گاۋا - داۋبۇ شەھىرى خارابىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خاڭداپ ياسالغان چوڭ بىر ئۆينىڭ قالدۇق ئۇلى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 56 مېتىر، كەڭلىكى 45 مېتىر، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئىكەن، ئەتراپىدا بولسا، 11 كىچىك ئۆينىڭ قالدۇق ئۇلى بارلىقى بايقالغان. يۇقىرىقى بەش شەھەر - بازار ئىچىدە ئىۋولگا شەھىرىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوندىن ئارتۇق ئۆي بار ئىكەن، ئۆيلەر ئادەتتىكى ئۆيلەر ۋە چوڭ كۆلەملىك ئۆيلەردىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، ئادەتتىكى ئۆي توققۇز، كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىر. بۇ ئۆيلەر تاشتىن قوپۇرۇلغان ئۇل ئۈستىگە سېلىنغان ياكى نۇرغۇن تۈۋرۈكلەر تىكلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا توپا توشتۇرۇپ خاڭدىلىپ ياسالغان. چوڭ كۆلەملىك ئۆيلەر ئادەتتىكى ئۆيلەر ئارىسىدىكى تۆپىلىكلەرگە قۇرۇلغان بولۇپ، تۈۋرۈكلەر تىكلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا توپا توشقۇزۇپ خاڭدىلىپ ياسالغان. تاشتىن تىزىپ ياسالغان ئوچاقلىرى ۋە قىشتا ئىسسىنىدىغان كاڭلىرى بار ئىكەن. ئارخېئولوگلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىچە، بۇلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆيلىرى ئىكەن. ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇنىڭدەك چوڭ ئۆيلىرى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ھەشەمەتلىك ۋە كۆركەم قەسىرلىرىمۇ بولغان. بۇنداق قەسىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى سىبىرىيىدىكى ئاباقاندىن تېپىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئاباقان خارابىلىقىدىكى قەسىر توغرا تۆت چاسا شەكىللىك، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاش 12 مېتىر بولۇپ، يەتتە ئىشىكى بولغان، بەزى ئىشىكلەرگە مىستىن ياسالغان ھايۋان باشلىق تۇتقۇچ ھالقا ئورنىتىلغان. بۇ قەسىر بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئېگىزى ۋە ئەڭ چوڭى بولۇپ، ئەتراپىدا سەل پاكارراق بولغان 19 ئۆي بار ئىكەن. يۇقىرىقى ئوندىن ئارتۇق تۇرالغۇ جايلار ئاتىلىشتا شەھەر - بازار دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگلار بىلەن تەتقىقاتچىلار ئۇلارنىڭ ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، شەھەر - بازارلار بولماستىن، بەلكى ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋاقىتلىق تۇرىدىغان تۇرالغۇ ئورنى، يەنى قىشلاق،

كۆزلەك خاراكتېرلىك ماكانلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاباقان دەرياسى بويىدىكى قەسىر بىر قەدەر ھەشەمەتلىك بولسىمۇ، ئارخېئولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئۇمۇ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان شەھەر بولماستىن، بەلكى مەلۇم ھۇن ئاقسۆڭەكنىڭ تۇرالغۇ جايى ئىكەن[11].

ھۇنلار قۇرغان تۇمەن شەھىرى كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ ۋە قۇرۇلۇشى ھەيۋەتلىك داڭلىق شەھەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ شەھەرنى مىلادى 413 ـ يىلى، 16 بەگلىك دەۋرىدىكى بۈيۈك شيا خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇلان بور ـ بور ھۇنلار ۋە خەنزۇلار قاتارلىق مىللەتلەردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يۆتكەپ كېلىپ ياساتقان. شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايون ئۈشىن خوشۇتىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر بۇ خارابىنى بەيچېڭزى (ئاق شەھەر) دەپ ئاتايدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شەھەر سىرتقى شەھەر، شەرقىي شەھەر ۋە غەربىي شەھەردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. غەربىي شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 2470 مېتىر، شەرقىي شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 2566 مېتىر بولۇپ، ئەتراپى ئېگىز سېپىل بىلەن قورشالغان، شەرقىي شەھەر بىلەن غەربىي شەھەرنى ئوتتۇرىدىكى سېپىل تېمى ئايرىپ تۇرىدۇ. سېپىل تېمىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە گەزدىن ئارتۇق، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 30 قەدەم، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى يەتتە قەدەم بولۇپ، ئاھاك، قۇم، سېغىز تۇپىدا خاڭداپ ياسالغان. قۇلان بور ـ بور بۇ شەھەرنى سالدۇرۇپ، بۈيۈك شيا خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلغانىدى[12]. تۇمەن شەھىرى خېلىلا چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئاھالە بار ئىدى. ھازىرغىچە بايقالغان ھۇن شەھەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۇمەن شەھىرى ھۇنلار قۇرغان ئەڭ چوڭ شەھەر بولسا كېرەك.

تۈركلەرنىڭ شىمالىي يايلاق ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە شەھەر قۇرغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. «كونا تاڭنامە» دە بىلگە خاقاننىڭ ئىنىسى كۆل تېكىن ئۆلگەندە، بىلگە خاقاننىڭ ئۇنىڭغا شەنىگە مەڭگۈ تاش ئورناتقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەندە، مەقبەرە (ياكى ئىبادەتخانا) ياسىتىپ، ئىچىگە رەسىملەر سىزدۇرغانلىقى، ئالدىغا مەڭگۈ تاش، ھەيكەل ئورناتقانلىقى ئېيتىلىدۇ[13]. بەزى تارىخچىلار بۇ مەڭگۈ تاش توغرىسىدا سۆز قىلغاندا، ئۇ ئۆتۈكەن تېغىدىكى بىلگە خاقان ئوردا شەھىرى (خاقان قەسىرى) نىڭ شەرقىدىكى ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا، دەيدۇ[14]. X■ ئەسىردە يوللۇغ چۇسايىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى يوللۇغ جۇ بۇ يەردىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يازغان بىر پارچە شېئىرىغا بەرگەن ئىزاھىدا مەڭگۈ تاشنى كۆرگەنلىكى ۋە بۇ يەردە بىلگە خاقان ئوردا شەھىرى (خان قەسىرى) بارلىقىنى ئېيتىمدۇ[15]. ئاتالمىش بۇ شەھەرنىڭ نامى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىدىن قارىغاندا، بۇ ئاھالىلەر تۇرىدىغان رەسمىي شەھەر بولماستىن، بەلكى خاقاننىڭ ئوردىسى ياكى قەسرى ئىدى. شۇڭا ئۇ خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە «宫城» ئوردا شەھىرى (خان قەسىرى) دەپ ئاتىلىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە تۈركلەرنىڭ خاقانى تۇرىدىغان جاي خاقان بارگاھى (可汗乐帐) دەپ ئاتىلىدۇ. شەھەر دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنمايدۇ. «可汗乐帐» دېگەن سۆز چېدىر ياكى كىگىز ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان بارگاھنى كۆرسىتىدۇ. بارگاھ كۆچمە ئۆيلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يۆتكەپ تۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇنى شەھەر دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ مۇقىم بىر جايغا قۇرۇلغان، مەلۇم كۆلەمگە ئىگە، تۇراقلىق ئاھالىسى بولغان شەھەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. «يېڭى تاڭنامە» دە تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەرىكەتچان بولالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، شەھەر قۇرمىغانلىقى ئېيتىلىدۇ[16].

شىمالىي يايلاق ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار، ياكى جەنۇبىي سىبىرىيە ئۇيغۇرلىرى بۇرۇنقى چاغلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خاقانلىق ھۆكۈمرانلىرى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ چاغدا خاقانلىق پۇقرالىرى چارۋىچىلىق بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تې-

رىقچىلىق قىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. يېزا ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەمدە بۇنىڭغا ئەگىشىپ سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، خاقانلىق ئىجتىمائىي ھاياتىدا تۈپكى خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىدۇ. خاقانلىق يۇقىرالىرى ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلىنىدۇ. مانا شۇنداق تارىخىي تەرەققىيات تەقەززاسى بىلەن، خاقانلىق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ باشچىلىقىدا بىر قىسىم شەھەرلەر قۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا شىمالىي يايلاقتىكى تۇنجى چوڭ كۆلەملىك پايتەختنى بەرپا قىلىدۇ.

مىلادى 646 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى تومىد تۇغلا دەرياسى بويىدا بارگاھ قۇرۇپ ھاكىمىيەت بەرپا قىلىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلغاندا، كۆل بىلگە خاقان ئۆتۈكەن تېغى باغرىدا ئوردا قۇرىدۇ. مىلادى 747 - يىلى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانى بايانچۇر (مىلادى 747 — 759 - يىللار) دەسلەپ شەھەر بىنا قىلىشقا تۇتۇش قىلىپ ، بىر نەچچە شەھەر ياسىتىدۇ. بۇ ئىش «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى يادنامىسى» دا ئېنىق قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا «يولۋاس يىلى (750 - يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەم دەرياسىدا (ئۇلارنى) تارمار قىلدىم، شۇ يىلى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا تەز بېشىدا قاسار قوردان ئوردىسىنى ياساتتىم، ئوردا تېمى ياساتتىم» ، «ئەجدىھا يىلى (752 - يىلى) ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوڭۇز باشقان (دېگەن) مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە باش ۋە تۇقۇش قوشۇلىدىغان جايدا يازلىدىم، ئۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم، ئوردا تېمى ياساتتىم» ، «توخۇ يىلى (757 - يىلى) دا ... سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسى (بويى) دا بايبالىقنى سالدۇردۇم» دېيىلىدۇ⑰. دېمەك، بايانچۇر ئۆز سەلتەنەت دەۋرىدە ئۈچ شەھەر ۋە ئوردا ياسىتىدۇ. مەلۇماتتا قاسار قوردان بىلەن بايبالىقنىڭ نامى ئېنىق قەيت قىلىنىدۇ. لېكىن يەنە بىرسىنىڭ نامى كۆرسىتىلمەيدۇ. بايبالىقتا ئىككى قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان يۇ. س. خۇدياكوۋ بايبالىق توغرىسىدا توختالغىنىدا، «بايبالىق قورغىنى تۆت چاسا بولۇپ، كۆلىمى 260×260 مېتىر كېلىدۇ. قورغاننىڭ ئەتراپى ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان، تاش ۋە توپا دۆۋىسى بىلەن قورشالغان، بۇ دۆۋىنىڭ ئاستى كەڭ، ئۈستى تارىيىپ بارىدۇ. قورغاننىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىدا تاش، توپا دۆۋىسىنى بويلاپ، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان لاي تام ساقلانغان. قورغاننىڭ بۇلۇڭلىرىدا يېرىم چەمبەر شەكلىدە سېلىنغان قوقتىلار بولۇپ، ئۇلار تامدىن چىقىپ تۇرىدۇ، قوقتىلارنىڭ ئۇلى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئەتراپى تاش، توپا دۆۋىسى بىلەن قورشالغان. قورغاننىڭ شىمالىي تېمىدا تام ئارىسىغا ئېلىنغان يەنە ئىككى قوشۇمچە قوقتا بار. جەنۇبىي تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورغان دەرۋازىسىنىڭ تۈۋرۈكى بار. ئۇنىڭ يېنىدىن كۆيۈپ كەتكەن كاھىش پارچىلىرى تېپىلغان، قارىغاندا قورغان دەرۋازىسى تامدىن ئېگىز بولۇپ، ياغاچ تۈۋرۈكلەر بىلەن ئۈستىگە لەمپە قىلىنغان ۋە كاھىش بىلەن يېپىلغان قورغان قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا تاش ۋە توپا ياتقۇزۇلغان مەيدان بار، ئۇنىڭ شىمالىي قىسمى كۋادرات شەكلىنى ئالغان، كۆلىمى 33×33 مېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي قىسمى توغرا تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە، كۆلىمى 33×20 مېتىر كېلىدۇ. مەيداننىڭ شىمالىي قىسمىدا تۆت چاسا شەكىلدىكى ئۈچ ئىمارەتنىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالغان، ئۈستى كۆلرەڭ كاھىش پارچىلىرى بىلەن تولغان، تۆت پەلەمپەي قىلىپ يېپىلغان ئۆگزە كاھىشلىرىنىڭ پارچىلىرىدا قىزىل بوياق ئىزلىرى ساقلانغان. بۇنىڭ ئىبادەتخانا خارابىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. مەيداننىڭ مەركىزىي قىسمى بىلەن جەنۇبى بوشلۇق، مەيداننىڭ شەرق تەرىپىدىرەك توغرا تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى ئىككى قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسى ساقلىنىپ قالغان، مەيداننىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا بولسا، تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى ئىككى قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلى، شىغىلدىن ھاسىل قىلىنغان تۆپىلىك (ئېھتىمال، ئۇ بىرەر يادىكارلىققا

ئاساس قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان) ساقلانغان»[18]
دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. يۇ. س. خۇدىياكوۋنىڭ باھا-
نى بىزنى بايبالىق شەھىرى توغرىسىدا بىر قەدەر
ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. يۇ. س. خۇدىيا-
كوۋ يەنە شىمالىي يايلاقتا ئۇيغۇرلارنىڭ پورباجىن،
باجىن ئالائاق ۋە ئۈچىنچى شاغۇنار دېگەن شەھەر
قورغانلىرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ[19].
ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋ-
لاد خاقانى بۆكۈخان (مىلادى 759 —780 - يىللا-
ر) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە شەھەر قۇرۇلۇ-
شىغا ئېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئور-
خۇن ئۇيغۇرخاقانلىقى ئۆزىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە
كىرگەنىدى. بۆكۈخان زور كۆلەملىك شەھەر قۇ-
رۇلۇشىغا تۇتۇش قىلىپ، مىلادى 760- يىلى ئور-
خۇن دەرياسى بويىدا قارابالغاسۇن شەھىرى (ئور-
دۇبالىق) نى ياسىتىپ، ئۇنى پايتەخت قىلىدۇ. مە-
لۇماتلارغا قارىغاندا، بۆكۈخان يەنە بۆكۈخان با-
لىق، قۇنچۇي بالىق، قاشبالىق شەھەرلىرىنى بىنا
قىلدۇرىدۇ. شۇنداقلا بۆكۈخان غەرب تەرەپكە يۈ-
رۈش قىلغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بالاساغۇن شەھە-
رىنى ياسىتىدۇ. ئالائىددىن ئاتامالىك جۇۋەينى
«تارىخ جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتە
«بۆكۈخان ...... تۈركىستان چېگرىسىغا كەلگەندە
ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن چىرايلىق بىر يايلاق-
نى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شۇ يەردە قې-
لىپ، بالاساغۇن شەھىرىنى سالدۇرۇپتۇ. ھازىر
بۇ شەھەر ‹قۇزبالىق› دېيىلىدۇ»[20] دەپ مەلۇمات
بېرىدۇ.
ئورخۇن ئۇيغۇرخاقانلىقىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد
خاقانى تۇنباغا خاقان، يەنى قۇتلۇق بىلگە خاقان
(780 — 789 - يىللار) تەختكە ئولتۇرغاندىن
كېيىن، تاڭ سۇلالىسى شيەنئەن مەلىكىنى ئۇنىڭغا
ياتلىق قىلىدۇ. شۇ يىلى، يەنى مىلادى 780 -
يىلى تۇنباغا خاقان شيەنئەن مەلىكىگە ئاتاپ ھازىر-
قى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىدىكى
ئېجىنا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا قۇنچۇي با-
لىق (خاتۇنبالىق دەيمۇ ئاتىلىدۇ) نى سالدۇرىدۇ.
كېيىن يەنە قورۇلۇن دەرياسى بويىغا خاتۇنبالىقنى
سالدۇرىدۇ

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىغا ئاساسلان-
غاندا، يېنىسېي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنى،
تاڭنۇ ئورالئقاي ئېتراپىدىن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى
(جەنۇبىي سىبىرىيە ئۇيغۇرلىرى) قۇرغان 15
چولڭ - كىچىك قەدىمكى شەھەر - قەلئە خارابىلىرى
ۋە كۆلىمى چوڭراق بىر ئامالىلەر تۇرالغۇ جايىنىڭ
خارابىسى تېپىلغان[21]. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان
مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر-
لىرى شىمالىي يايلاق ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدە قۇر-
غان شەھەرنىڭ سانى 24 تىن ئاشىدۇ[22]. بۇ شە-
ھەرلەرنىڭ بەزىلىرى توغرىسىدا ئورخۇن مەڭگۇ
تاش يادنامىلىرىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىلىدۇ؛ بەزى-
لىرى تىلغان ئېلىنمايدۇ؛ بەزى شەھەرلەرنىڭ قۇ-
رۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
شەھەرنىڭ نامى نېمە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلمەيدۇ،
شەھەرنىڭ كۆلىمى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بېرىل-
مەيدۇ. يۇقىرىقى شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى ئارخېئو-
لوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان شەھەرلەر
بولۇپ، ئارخېئولوگلار بۇ شەھەرلەردىن تېپىلغان
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئور-
خۇن ئۇيغۇرلىرى قۇرغان شەھەرلەر ئىكەنلىكىنى
مۇقىملاشتۇرىدۇ.
تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مە-
لۇماتلاردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى
دەۋرىدە قۇرۇلغان شەھەرلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭ
شەھەر ۋە پايتەخت قارابالغاسۇن شەھىرى ھېسابلى-
نىدۇ. بۇ شەھەر توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ تەمىم
ئىبنى بەھرى بىر قەدەر ئېنىق ۋە كونكرېت مەلۇ-
مات بېرىدۇ. تەمىم ئىبنى بەھرى IX ئەسىرنىڭ
20 - يىللىرىنىڭ بېشىدا ماۋارائۇننەھىر رايونىدىن
چىقىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پايتەختىگە
بارغان ئەرەب ساياھەتچىسىدۇر. تەمىم ئۆز ئېلىگە
قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى-
گە ئاساسەن بىر ساياھەتنامە يېزىپ چىقىدۇ. بۇ
ساياھەتنامە «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇرخانلى-
قىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.
ئۇنىڭدا: «تەمىم ئىبنى بەھرى مۇتتەۋىي بايان قى-
لىدۇكى ... ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ توققۇز ئوغۇز-
لار خاقانىنىڭ دۆلىتىگە بېرىشتا... ئوتلاقتا 20
كۈن يول يۈرگەن... پەقەت ئوت - چۆپ ۋە قۇدۇق-
تىن باشقا ھېچنېمە يوق دالىدا 20 كۈن يول

يۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، 20 كۈنلۈك ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن يولغا چىققان. ئۇ بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر- بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يېزىلار ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى ئارىلاپ يەنە 20 كۈن يول يۈرگەن …… شۇنچە كۆپ يول يۈرۈپ، ئۇ ئاخىرى پايتەختكە يېتىپ بارغان»، «ئۇ بايان قىلىدۇكى، بۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مول چوڭ شەھەر بولۇپ، ئەتراپى ئېتىز - ئېرىقلار ۋە زىچ كەتكەن يېزا - كەنتلەر بىلەن قورشالغان. شەھەرنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىككى تۆمۈر دەرۋازىسى بار ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى زىچ، بازارلىرى قايناق - ئاۋات، سودا ماللىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئاھالىسى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن»، «ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، (خاقان تۇرىدىغان) شەھەردىن بەش پەرسەخ نېرىدا تۇرۇپ قارىسا، خاقاننىڭ چېدىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئالتۇندىن (ياسالغان) بولۇپ، شەھەر قورغىنىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. ئۇنىڭغا 100 ئادەم سىغىدىكەن» ㉓ دېيىلىدۇ. ئەرەب جۇغراپىيونى ئەبۇلقاسىم ئۇبەيدۇللابىن ئابدۇللا ئىبنى ھۇردادبېھ (مىلادى 825/820—912 - يىللار) ئۆزىنىڭ «كىتاب ئەل مەسالىك ۋە ئەل مەمالىك» («مۇساپىلەر ۋە مەملىكەتلەر تەزكىرىسى») دېگەن كىتابىدا «يۇقىرىقى نۇشجان (بارسغان) دىن ‹توققۇز غۇرلار› (توققۇز ئوغۇزلار) خاقانىنىڭ پايتەختىگىچە ئۈچ ئايلىق يول بولۇپ، يول بويىدا بەزى چوڭ ۋە مۇنبەت يېزىلار بار، ئاھالىسى ئاتارلار ئىكەن، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوتقا چوقۇنىدىغان مەجۇسلار ئىكەن؛ بەزىلىرى زىندىقلار (مانى مۇخلىسلىرى) ئىكەن. توققۇز غۇرلارنىڭ خاقانى 12 تۆمۈر دەرۋازىسى بار چوڭ شەھەردە تۇرىدىكەن، شەھەر ئاھالىلىرى ئىلاھقا ئىشەنمەيدىغانلار — زىندىقلار ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ سول تەرىپى (شىمالى) دە كىماكلار دۆلىتى بار، بۇ شەھەر جۇڭگونىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ، ئارىلىقى 300 پەرسەخ كېلىدۇ. توققۇز غۇزلار خاقانىنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان ئوتاۋى بولۇپ، بۇ ئالتۇن ئوتاۋ خاقان ئوردىسىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئوتاۋغا 900 ئادەم سىغىدىغان بولۇپ، ئوردىدىن بەش پەرسەخ يىراقتىكى ئادەملەر ئۇنى كۆرەلەيدىكەن. ھالبۇكى كىماك خانلىقىنىڭ خانى بولسا، ئوت - چۆپ ۋە سۇ قوغلاشتۇرۇپ كۆچۈپ يۈرۈشكە لايىق چېدىرلاردا تۇرىدىكەن. تاراز (تالاس) بىلەن كىماكلار خانىنىڭ تۇرىدىغان ئورنى ئارىلىقىدا 81 كۈنلۈك قاقاس سەھرا يولى بار ئىكەن» ㉔ دەيدۇ. ئەبۇلقاسىم ئۇبەيدۇللابىن ئابدۇللا ئىبنى ھۇردادبېھ ھەم بۇ يەردە قارابالغاسۇن شەھىرى (ئوردۇبالىق) ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنى توققۇز غۇرلار دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئەسلى توققۇز غۇزلار بولۇشى كېرەك. توققۇز غۇزلار ئەسلى «توققۇز ئوغۇزلار» دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى بولۇپ، ئەرەب تارىخچىلىرى بىلەن جۇغراپىيونلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە ئۇيغۇرلار كۆپىنچە «توققۇز غۇزلار» دەپ ئاتىلىدۇ. مەيلى توققۇز غۇرلار بولسۇن ياكى توققۇز غۇزلار بولسۇن، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەبۇلقاسىم ئۇبەيدۇللابىن ئابدۇللا ئىبنى ھۇردادبېھنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتى مەزمۇن جەھەتتىن تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ مەلۇماتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆز كىتابىنى يازغاندا تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ساياھەتنامىسىدىن پايدىلانغان بولسا كېرەك. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، تەمىم ئىبنى بەھرى، قارابالغاسۇن شەھىرىنىڭ ئىككى چوڭ تۆمۈر دەرۋازىسى (قوۋۇقى) بار، دېسە، ئەبۇلقاسىم ئۇبەيدۇللابىن ئابدۇللا ئىبنى ھۇردادبېھ، ئۇنىڭ 12 تۆمۈر دەرۋازىسى بار، دەيدۇ. ئەبۇلقاسىم ئۇبەيدۇللابىن ئابدۇللا ئىبنى ھۇردادبېھ ئەسلى تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ساياھەتنامىسىدىن پايدىلىنىپ، قارابالغاسۇن شەھىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇنىڭدىن ئالغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ شەھەرنىڭ قوۋۇق سانىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس. قارىغاندا تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ساياھەتنامىسىدىمۇ ئەسلى قوۋۇقلار سانى 12 بولۇپ، كېيىنكى چاغدا كۆچۈرۈش جەريانىدا ئىككى (2) نىڭ ئالدىدىكى «ئون» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك.

مىلادى 840 - يىلى شىمالدىن بېسىپ كىرگەن باسقۇنچىلار قارابالغاسۇن شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇلار قۇرۇلۇشلارنى بۇزۇپ، ئۆيلەرگە ئوت قويىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى نابۇت قىلىپ، مەڭگۈ تاشلارنى چاقىدۇ. شەھەر ئەتراپىدىكى تۇرالغۇ جايلار ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىشىدىغان يېزا - كەنتلەرنى ۋەيران قىلىپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويىدۇ. ئومۇمەن ئۇلار قانداقتۇر بىر غەرەز بىلەن شەھەرنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قارابالغاسۇن شەھىرى تەدرىجىي ئىنسانلار تەرك ئەتكەن ۋەيرانە خارابىلىققا ئايلى-

نىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قورغۇچىلىرى ۋە ئىگىلىرى
ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى قايتا ئەسلىگە
كەلتۈرۈش پۇرسىتى بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ،
ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ كىشىلەرنىڭ يا-
دىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، كىشىلەر
ئۇنى قايتا ئۇچرىتىدۇ. مىلادى 1618 - يىلى بە-
رىنچى بولۇپ جۇڭگوغا كەلگەن رۇس سەيياھى
ئىۋان پېتلىن سەپەر ئۈستىدە ھازىرقى موڭغۇلىيە
يايلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىپ، دالادا كېزىپ يۈرگىنىدە كەڭ يايلاقتىكى
ياۋا ئوت - چۆپلەر ئىچىدە قالغان چوڭ بىر خارابە-
نى ئۇچرىتىدۇ. كۈتۈلمىگەن بۇ ئىش ئۇنى ھەيران
قالدۇرىدۇ. ئۇ بىرنەچچە جايدىكى غايەت چوڭ قە-
دىمكى شەھەر خارابىسىنى كۆرىدۇ. ئۇ كېيىنكى
چاغدا كۆرگەنلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ قەدىم-
كى شەھەر «تۆت چاسا قىلىپ قورۇلغان بولۇپ،
ھەربىر بۇلۇڭىدا سۇپىسى بار. سۇپا ئۈستىگە قۇ-
رۇلغان ناھايىتى چوڭ كۆزىتىش مۇنارى بار. سې-
پىلنىڭ ئاستىنقى قىسمى تەكشىلەپ ياسالمىغان
تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، ئۈستۈنكى قىسمى خىشتا
قوپۇرۇلغان ...... ئوردا قەسىرىنىڭ ھويلىسىدا
پاكار خىش تاملار بار، قەسىر ئۆگزىسىنىڭ ئاس-
تىنقى تەرىپىدە ناھايىتى رەتلىك سىزىلغان ھەر
خىل رەڭدىكى نەقىش بېزەكلەر بولۇپ، ئادەمنى
ئۆزىگە بەكمۇ مەپتۇن قىلىۋالىدۇ»㉕ دەپ يازىدۇ.
لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ مەلۇماتىغا گۇمان بىلەن
قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. 1949 - يىلى
سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى
ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىنىڭ سول
قىرغىقى (شىمالى) دىكى بىر قەدىمىي شەھەر خا-
رابىسىنى قېزىپ تەكشۈرىدۇ. بۇ، يايلاقتىكى ئەڭ
چوڭ خارابە بولۇپ، كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومې-
تىر. پۈتۈن شەھەر ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر
ۋە ئوردا شەھىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تار-
كىب تاپقان. ئىچكى شەھەر بىر كۋادرات كىلومې-
تىر بولۇپ، ئەتراپى سېپىل بىلەن قورشالغان،
ئاھالىلەر قويۇق ئورۇنلاشقان ئاھالىلەر تۇرالغۇ
رايونى ئىكەن. ئوردا شەھىرىنىڭ كۆلىمىمۇ بىر
كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، سېپىلىنىڭ قالدۇق
تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىر، مۇداپىئە
ئىستىھكامى (ئوردا شەھىرى قوغدىنىش راۋىقى)
نىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر، ئوردا شەھىرىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كۆزىتىش راۋىقىنىڭ ئې-
گىزلىكى 14 مېتىر ئىكەن. ئارخېئولوگلار ئوردا
شەھىرىدىكى قەسىر - سارايلارنى ئالاھىدە قېزىپ
تەكشۈرگەن بولۇپ، قەسىر - سارايلار ناھايىتى
كۆركەم سۈرەتلەر چۈشۈرۈلگەن كاھىشلار بىلەن
بېزەلگەن. ئوردا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي
بۇرجىكىگە جايلاشقان قاراۋۇل مۇنارىنى تەكشۈر-
گەندە شۇ نەرسە بايقالغانكى، ئۇ كۆپ قەۋەتلىك
قورۇلۇش بولۇپ، تاملىرى تەكشى سۇۋالغان،
ئىسىنىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغان، ئىشىكلە-
رى نەپىس تۈچ بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەن، ساپال-
دىن ئىشلەنگەن سۇ چىقىرىش نولىرى ۋە مەرمەر-
دىن قاپارتما نەقىشلەر ئورنىتىلغانىكەن. ئوردا شە-
ھىرىنىڭ جەنۇبىدا يەنە ئىبادەتخانا رايونى بولۇپ،
ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن، بۇ يەر-
گە ئايرىم ئىبادەتخانا ياسالغان. ئىبادەتخانا يېنىدا
قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلى-
قىنىڭ خاقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىس-
تانلىقى ئىكەن. بۇ يەردە چېقىلىپ كەتكەن مەڭگۈ
تاشلار بار بولۇپ، ئوردا شەھىرى بىلەن ئىچكى
شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇتاش كەتكەن ھويلا - ئارامىلار
ۋە مۇۋاپىق پىلانلانغان كوچا ۋە رەستىلەر بار ئى-
كەن. شەھەرنىڭ سىرتقى سېپىلىنىڭ سىرتىدا
بولسا، كەڭ كەتكەن ئېتىزلىقلار ۋە يېزا- كەنتلەر
بار بولۇپ، يېزا - كەنتلەردىكى ھەممە ئائىلىدە
دېگۈدەك ئىشىك ئالدىدا سۇپىلىق باراڭ ياكى يار-
غۇنچاق بار ئىكەن. شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلەر
رايونىدىكى كوچىلاردا ئادەتتىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر ۋە
ھەر خىل قول- ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈستىخانىلىرى
بولۇپ، بۇ ئۆيلەر ۋە ئۈستىخانىلارنىڭ خارابىلىرى-
دىن ھەر خىل ساپال قاچىلار ۋە مېتال قاچا - قۇچا
بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ھەمدە قول - ھۈنەرۋەنچى-
لىك سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق
نەرسىلەر تېپىلغان. ئارخېئولوگلارنىڭ بەرگەن
مەلۇماتىغا قارىغاندا، خارابىلارنىڭ قىياپىتى شە-
ھەرنىڭ مەقسەتلىك ھالدا قەستەن ۋەيران قىلىن-
غانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. تەكشۈرۈلگەن
ھەرقايسى جايلار — ئوردا شەھىرى، مۇداپىئە
ئىستىھكامى (ئوردا شەھىرى قوغدىنىش راۋىقى)
، ئوردا شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە
جايلاشقان قاراۋۇل مۇنارى، ئىبادەتخانا ۋە شەھەر-
نىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئوتتا كۆيگەن
توپا قاتلىمى ۋە ئىس ئىزلىرى بايقالغان. بۇنىڭدىن
تاشقىرى، مۇنداق بىر ئەھۋال كۆزگە ئېنىق تاش-
لىنىپ تۇرغان، شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدا-

ىكى دېھقانچىلىق رايونىدىكى بارلىق ئۆيلەرنىڭ ئال-
دىدىكى سۇپىلىق باراڭلار بىلەن يارغۇنچاقلارنىڭ
ھەممىسى بۇزۇپ تاشلانغان. قەبرىستانلىقتىكى خا-
تىرە تاشلارمۇ چېقىۋېتىلگەن ياكى ئۆرۈۋېتىلگەن.
يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن باسقۇنچىلارنىڭ شەھەرنى
مەقسەتلىك ھالدا ۋەيران قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغى-
لى بولىدۇ. شەھەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭ-
دىن قەدىمكى يارماقلار تېپىلغان بولۇپ، بۇ يار-
ماقلارنىڭ ئەڭ كېيىن بولغىنى مىلادىيە 840 -
يىلى قۇيۇلغان. يارماقتىكى بۇ يىلنامە شەھەرنىڭ
شۇ يىلى ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ۋە شۇنىڭدىن كې-
يىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەي، شۇ پېتىچە قالغانلى-
قىنى كۆرسىتىدۇ. ئوردا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى
قەبرىستانلىقتىكى چېقىلغان مەڭگۈ تاشلاردىكى ياد-
نامىلەردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولغانكى، بۇلار ئەسلى
ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى خاقانلىرىنىڭ شەنىگە
ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاشلار ئىدى. بۇ مەڭگۈ تاشلار
مەزكۇر ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك ۋە چوڭ كۆلەم-
لىك شەھەرنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ پاي-
تەختى ئىكەنلىكىنى، يەنى تارىختا مەشھۇر بولغان
قارابالغاسۇن شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇ-
رۇپ بېرىدۇ㉖.

يۇقىرىقى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگى-
يىلىك تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان مەلۇماتلاردىن
شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەج-
دادلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا، يەنى مىلادىدىن بۇرۇن-
قى دەۋرلەردە ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي جۇ سۇلالى-
سى دەۋرىدىلا شەھەر - قورغانلارنى بىنا قىلغان،
شۇنداقلا مەلۇم كۆلەمدىكى پايتەختلەرنى قۇرغان-
دى. ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە،
ئۇيغۇرلار بىر مۇنچە شەھەرلەرنى قۇرغان. مىلادى-
يە 760 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ
ئۈچىنچى ئەۋلاد خاقانى بۆكۈخان ئورخۇن دەرياسى
بويىدا مەشھۇر قارابالغاسۇن شەھىرىنى ياسىتىدۇ.
بۇ شەھەر مىلادىيە 744 - يىلىدىن 840 - يىلىغى-
چە㉗ ھۆكۈم سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى-
نىڭ پايتەختى بولىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى-
نىڭ زېمىنى پۈتۈن شىمالىي يايلاق، جەنۇبىي سى-
بىرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، ھەتتاكى يەتتە
سۇ رايونىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچى-
گە ئالاتتى㉘. ئەينى زاماندا قارابالغاسۇن شەھىرى
مانا مۇشۇنداق كەڭ زېمىننىڭ سىياسىي، ئىقتىسا-
دىي ۋە مەدەنىيەت ھەمدە سودا- سېتىق ئىشلىرى
مەركىزى بولغانىدى. بۇ شەھەر قات- قات ئېگىز
سېپىللار بىلەن قورشالغان بولۇپ، شەھەر ئىچىدە
كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ئوردا قەسىرلىرى، مەھ-
كىمىلەر، ئىبادەتخانا، كۆزىتىش مۇنارى، مۇداپى-
ئە ئىستىھكاملىرى، زىچ سېلىنغان ئولتۇراق ئۆي-
لەر، رەتلىك پىلانلانغان رەستە ۋە كوچىلار، با-
زارلار، ھەربىي لاگىر ۋە ھەر خىل قول - ھۈنەر-
ۋەنچىلىك ئۇستىخانىلىرى قاتارلىقلار بار ئىدى.
شەھەر ئەتراپىدا بولسا، تۈتاش كەتكەن ئېتىزلار،
ھەرقايسى جايلارغا ئورۇنلاشقان يېزا - كەنتلەر بار
ئىدى. بۇ چوڭ شەھەردىن تەرەپ - تەرەپكە سو-
زۇلغان چوڭ يوللار بولۇپ، بۇ يوللار ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىكى چاڭئەن شەھىرى قاتارلىق شەھەر-
لەرگە، سىبىرىيە ۋە چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ
شەرقىدىكى جايلارغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ
شەھەرلەرگە تۇتىشاتتى. يول بويلىرىدا چوڭ -
كىچىك شەھەر ۋە بازار - جىڭلار ھەمدە ئۆتەڭلەر
بولۇپ، خاقانلىق بۇ يوللار ئارقىلىق ئەتراپتىكى
قوشنا ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۆز ئارا
باردى - كەلدى قىلاتتى، ئەلچىلەرنى ئەۋەتەتتى،
سودا كارۋانلىرىنى يۈرگۈزۈپ، سودا - سېتىق
ئىشلىرىنى يۈرگۈزەتتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرات-
تى شۇنداقلا تەرەپ - تەرەپتىن بۇ شەھەرگە ئەلچى
ئۆمەكلىرى، سودا كارۋانلىرى، راھىبلار، سەي-
ياھلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئەرەب سەيياھى
تەمىم ئىبنى بەھرى ۋە ئەرەب جۇغراپىيۇنى ئەبۇلقا-
سىم ئۇبەيدۇللابىن ئابدۇللا ئىبنى ھۇردادبېھ خاتى-
رىلىرى ھەمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئو-
لوگلىرىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئېلان قىلغان مە-
لۇماتلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قارا-
بالغاسۇن شەھىرى قەدىمكى شىمالىي يايلاقتا 760
- يىلدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان شەھەرلەر ئىچىدە
ئەڭ چوڭ شەھەر ۋە پايتەخت. ئۇ مىلادىيە 918
- يىلى قۇرۇلغان لياۋ سۇلالىسى پايتەختى ئۇستۇن-
كى ئاستانىدىن 158 يىل ئىلگىرى، يەنى بىر يې-
رىم ئەسىر ئىلگىرى بىنا قىلىنغان بولۇپ، كۆلەم
جەھەتتىمۇ ئۇستۇنكى ئاستانىدىن چوڭ ئىدى. بۇ
ئەمەلىي پاكىت قارابالغاسۇن شەھىرىنىڭ قەدىمدە
شىمالىي يايلاقتا قۇرۇلغان ئەڭ چوڭ تۇنجى شەھەر
ۋە پايتەخت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

---

ئىزاھلار:

① ۋاڭ دافاڭ: «شىمالدىكى كۆچمەن چارۋى-
چى مىللەتلەر قۇرغان تۇنجى پايتەخت» ، «جۇڭگو
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى» ، 1987 - يە-

لى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى سانى.

② «مىخەي» («سۆز دېڭىزى»)، 1980 ـ يىلى نەشرى، بىرىنچى بېسىلىشى، 1036 ـ بەت، «لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇستۇنكى ئىستانىسى» دېگەن تارماقتا قاراڭ.

③ «نۇر گېزىتى» نىڭ 1978 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى «جەنگو دەۋرىدىكى جۇڭشەن بەگلىكىدىن قالغان يادىكارلىقلار ۋە ئىزلاردىكى مۇھىم بايقاشلار» دېگەن ماقالە بىلەن «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىكى «… پىڭشەندىكى جۇڭشەن بەگلىكى قەدىمكى شەھىرىنى قوغداش دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

④ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى، 2881 ـ، 2882 ـ بەتلەر.

⑤ شاڭ يۆ: «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 18 ـ بەت.

⑥ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى، 2881 ـ، 2882 ـ بەتلەر.

⑦ «مىللەت لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، 53 ـ بەت.

⑧ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى خەنزۇچە نەشرى، 2885 ـ بەت.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب 2892 ـ بەت.

⑩ بەن گۇ: «خەننامە. چېن تاڭ تەزكىرىسى».

⑪ چېن شاۋدى: «ھونلار جەمئىيىتىنىڭ ماددىي تۇرمۇشى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىشلەر»، «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1989 ـ يىل 1 ـ سان.

⑫ «مىللەت لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشرى، 860 ـ بەتكە قاراڭ.

⑬ «كونا تاڭنامە» دىكى «تۈركلەر تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

⑭ ⑮ ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خاقانلىقى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1957 ـ يىلى نەشرى، رەسىم چۈشەندۈرۈشى، 1 ـ بەتكە قاراڭ.

⑯ «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» گە قاراڭ؛ ياڭ شېڭمىن: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، جەلمىن مائارىپ نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 161 ـ بەتكە قاراڭ.

⑰ «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى يادنامىسى»، ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 117 ـ، 121 ـ بەتلەر.

⑱ ⑲ يۇ. س. خۇدياكوۋ: «موڭغۇلىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑳ ئالائىدىن ئاتامالىك جۇۋەينى: «تارىخ جاھانكۇشاي»، خەنزۇچە 1 ـ توم، 43 ـ بەت.

㉑ ㉒ ياڭ شېڭمىن: «ئۇيغۇرلار تارىخى»، جىلىن مائارىپ نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى، 161 ـ بەت.

㉓ تەمىم ئىبنى بەھرى: «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتماتېرىياللىرى»، 1984 ـ يىل 1 ـ سان، 93 ـ، 94 ـ بەتلەر.

㉔ ئەبۇلقاسىم ئۇبەيدۇللابىن ئابدۇللا ئىبنى خۇردادبېھ: «كىتاب ئەل مەسالىك ۋە ئەل مەمالىك» («مۇساپىلەر ۋە مەملىكەتلەرتەزكىرىسى»، 1991 ـ يىل، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، خەنزۇچە نەشرى 34 ـ بەت.

㉕ پوگروۋىسكى: «سىبىرىيىلىك كازاك ئىۋان پىدىلىنىڭ 1618 ـ يىلى موڭغۇلىيە ۋە جۇڭگوغا ساياھەتلىرى» روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى رۇس فىلولوگىيە بۆلۈمى تۈزگەن، 1913 ـ يىلى سانت پېتىر بۇرگ نەشرى، مەزكۇر ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن مالۇمات ياڭ شېڭمىننىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى، 2 ـ بەتكە قاراڭ.

㉖ ㉗ ㉘ ياڭ شېڭمىننىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخى» دېگەن كىتابى 2 ـ، 4 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(پوچتا نومۇرى: 830043)
تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى

# يەر - جاي نامىلىرى تەتقىقاتىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، يەر - جاي نامىلىرى ئىلمى نۇقتىسىدىن ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى بىر قىسىم يەر - جاي نامىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەنىسى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. شۇنداقلا يەر - جاي نامىلىرى تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارە- ئۇسۇللىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**:本文从地名学的角度,对新疆维吾尔自治区范围内的部分地名形成的历史背景,地名含义作了说明,同时指出地名研究中存在的某些问题并提出解决这些问题的方法。

**Abstract**: This article, starting from the point of toponomy, shows the historical background and connotation of name of some places in Xinjiang Uighur Autonomous Region. Further more, it points out some problems occurred in toponymy and solutions to them.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ناھايىتى نۇرغۇن يەر - جاي نامى بار. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يەر نامىلىرى كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى ۋە يەر نامىلىرى ماتېرىيالى» دېگەن كىتابنى بىرلىكتە تۈزۈپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭغا تاغ - دەريا، كۆل، مەھەللە، كوچا، چۆل ۋە ئۆتەڭ قاتارلىقلار كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنتتىن يۇقىرى مەمۇرىي بىرلىكلەردىن 10 مىڭى كىرگۈزۈلگەن.

يەر نامىلىرىنى تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ، بۇ نام نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغانلىقىنى، قانداق مەنە بېرىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ مىللەتلىك رايون. شۇڭا رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز يۇرتىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى بويىچە نام بەرگەن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلارغا ئومۇمەن ئۇيغۇرچە نام بېرىلگەن بولسا، شىمالىي شىنجاڭدىكى يۇرتلارغا ئۇيغۇرچە نام بېرىشتىن تاشقىرى، قازاقچە، موڭغۇلچە ۋە خەنزۇچە نام بېرىلگەن. مەسىلەن: ئاقتاس كەنتى، جالغىز ئاغاش كەنتى، جۇماباي كەنتى، سارشوقا كەنتى، قوسقار باي كەنتى، ... دېگەندەك ناملار قازاقچە قويۇلغان ناملار جۈملىسىگە كىرسە، بولغۇنتاي كەنتى، خارسالا كەنتى، قارمودون كەن-

---

• رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

تى، باينبۇلاق كەنتى، ... دېگەندەك يۇرت ناملىرى موڭغۇلچە قويۇلغان ناملار جۈملىسىگە كىرىدۇ. باجياخۇ كەنتى، جۇجاۋەن كەنتى، چىداۋان كەنتى، گەنگۇ كەنتى... دېگەندەك يەر ناملىرى خەنزۇچە قويۇلغان ناملار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئونومۇستىكا تەتقىقاتى ناھايىتى ئىنچىكە ئىلمىي خىزمەت بولۇپ، ئۇ ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزىبىر يەر ناملىرىغا پەرەز بىلەن باھا بەرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر قىياسەن باھا بەرگەندە شۇ نامنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئېيتايلى، يەر ناملىرى ئىچىدە بۇئانام كەنتى (قەشقەردە)، قاراساقال كەنتى (قەشقەردە)، توپىدىنمازار كەنتى (قەشقەردە)، لىچىنئاتام كەنتى (خوتەندە)، ھەزرىتىپىر كەنتى (يەكەندە)، ئۇلۇغئاتا كەنتى (قاراقاشتا)، ئۇزۇنساقال كەنتى (قەشقەردە)... دېگەندەك ناملار بار. بۇ ناملاردىكى «بۇئانام»، «قاراساقال»، «ئۇزۇنساقال»، «ئۇلۇغئاتا»، «ھەزرىتىپىر»، «لىچىنئاتام» دېگەنلەر كىم؟ بۇلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇندىلا بۇ يۇرتلارنىڭ نامىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئۇزۇن زامان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇلار ئوۋ غەنىيمەتلىرىنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىپ، تېرىسىدىن كىيىم - كېچەك كىيگەن دەسلەپكى چاغلاردا تاش، كالتەكنى ئوۋ ئوۋلاش ۋاستىسى قىلغان بولسا، كېيىن ئوۋ قوراللىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، نەيزە، ئوقيا بارلىققا كەلگەن. كېيىن يەنە تەرەققىي قىلىپ، تۇزاق، قاپقان ئىجاد قىلىنغان. ئىت، بۈركۈت، قارچۇغا قاتارلىقلار قولغا ئۆگىتىلگەندىن كېيىن، بۇلار ئوۋ ئوۋلاشتا بىردىنبىر قورال بولۇپ قالغان.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوۋچىلىققا دائىر سۆزلەر بىلەن ياسالغان پاۋان كەنتى، پاۋان مەھەللىسى كەنتى، تۇزاقچى كەنتى، چاغرى كەنتى، قارچۇغا كەنتى، ئوۋچى مەھەللىسى كەنتى دېگەندەك ناملار بىزدە ئوۋچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىنسانلار ئوۋچىلىق قىلىش جەريانىدا ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ قولغا ئۆگىتىپ ئۇلارنى كۆپەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا چارۋىچىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈشكە باشلىغان. شۇڭا يۇرتىمىزدا چارۋىچىلىققا دائىر سۆزلەر بىلەن ياسالغان يۇرتلار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: قىشلاق كەنتى، دۆڭقوتان كەنتى، ئۇلۇغيايلاق كەنتى، يارقوتان كەنتى، ... دېگەندەك كەنتلەر ئەنە شۇنداق يۇرتلار جۈملىسىگە كىرىدۇ.

خەلقىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي ھالدا يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق ھاياتىغا كۆچكەن. شۇڭا سۇ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ھەممىگە مەلۇمكى، سۇ ھاياتلىق مەنبەلىرىدىن بىرى. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزدا سۇ قۇرۇلۇشىغا دائىر سۆزلەر بىلەن ياسالغان بۇ قاتىمى كەنتى، بۇلاق كەنتى، توسما كەنتى، توما كەنتى، چۇشۇرگە كەنتى، قۇرۇق كەنتى، كارىز بېزىسى (كەنتى)، كۆل كەنتى، ئۆستەڭ كەنتى، ئېرىق كەنتى دېگەندەك يۇرت ناملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

كارىز — سۇ قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە خاراكتېرلىك تۈر. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خاس ئىجادىيەتلىرىدىن بىرى. ئۇيغۇر خەلقى دېھقانچىلىقتا سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كارىزنى ئىجاد قىلغان. كارىز ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن تۇرپان ۋە بەشبالىقنى ساياھەت قىلغان سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىرائەت ۋە باغلارنى كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىدىغانلىقىنى، تۈگمەن ماڭدۇرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا كارىز سۆزى بىلەن ياسالغان يېزا كەنت ۋە ئاھالە كومىتېتىدىن ئوتتۇز نەچچىسى بار.

شىنجاڭدا كارىز ئەڭ كۆپ تارقالغان جاي تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تۇرپان، پىچان توقسۇنلاردۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە قۇمۇل، ئاراتۈرۈك،

گۇچۇڭ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىمۇ بار. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تۇرپان رايونىدىكى كارىزلارنىڭ سانى 1237 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5 — 6 مىڭ كىلومېتىر كېلىدىكەن. ھازىر يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، كارىزلارنىڭ گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈشى سەۋەبلىك ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان كارىزلارنىڭ سانى ئازلاپ بارماقتا.

ھازىر بار بولغان كارىزلار تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: كارىزغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئورۇن ۋە شەخسنىڭ نامى بىلەن، (ئوردا كارىز، زېرىپكارىزى…)، كارىز ئىگىلىرىنىڭ ئەمەل - مەنسىپى بىلەن (خەنىپ كارىزى، مايۇنى كارىزى…)، كارىز ئىگىلىرىنىڭ لەقىمى بىلەن (چەكمەن كارىزى)، بەزى كارىزلار مىللەت نامى بىلەن (ئەنجان كارىزى، تۇڭگان كارىزى)، بەزى كارىزنىڭ ئورۇنلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن (ئويمان كارىز، تۆر-كارىز، ياقا كارىز) ئاتىلىشى بۇنىڭ مىسالى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەمگەكچان، پاراسەتلىك تۇرپان ئۇيغۇرلىرى كارىز سۈيىگە تايىنىپ، چۆللەرنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ ياشاپ كەلدى.

خەلقىمىز باغۋەنچىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇڭا، يۇرتىمىز مېۋە - چېۋە ماكانى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇيغۇر خەلقى مېۋە يېتىشتۈرۈشكە تولىمۇ ماھىر. بىر خىل مېۋە دەرىخىگە باشقا خىل مېۋە دەرىخىنىڭ نوتىسىنى ئۇلاپ، بىر تۈپ مېۋە دەرىخىدىن بىرنەچچە خىل مېۋە ئالىدىغانلىقى بۇنىڭ ئىسپاتى. خەلقىمىز تۈرلۈك مېۋىلەردىن ئارىلاشما باغ يېتىشتۈرۈشتىن باشقا، يەنە مېۋىنىڭ بىرەر تۈرى بىلەن مەخسۇسلاشقان باغ بىنا قىلىپ كەلگەن. يۇرتىمىزدا نۇرغۇن يەر ناملىرىنىڭ «باغ» سۆزى بىلەن ئاتىلىشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، ئالمىلىق كەنت، ئانارلىق كەنت، بادامىلىق كەنت، چىلانباغ، قوشباغ، ھەرەمباغ، قاراباغ، چارباغ، بېھىشباغ، سايباغ، گۈلباغ، چىنەباغ، يارباغ، … دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يەر ناملىرى ئىچىدە تەبىئىي ئورمان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن يەر ناملىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئادراسمان كەنتى، ئەمەنلىك كەنتى، يىدىلىك كەنتى، ئىسكەنلىك كەنتى، توغراقلىق كەنتى، تېرەكلىك كەنتى، چاتقاللىق كەنتى، چىغلىق كەنتى، چىنار كەنتى، سۆكسۆكلۈك كەنتى، سۆگەت كەنتى، قارايغاچ كەنتى، قوراي كەنتى، قومۇشلۇق كەنتى، قىياقلىق كەنتى، لوقاقلىق كەنتى، يانتاق كەنتى، يۇلغۇنلۇق كەنتى… دېگەندەك كەنتلەر ئەنە شۇنداق يۇرت ناملىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

يەر ناملىرى ئىچىدە ھەر خىل ئوقەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىككە دائىر سۆزلەر بىلەن ياسالغان يەر ناملىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار خەلقىمىزنىڭ قانداق يوللار بىلەن تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېيتايلى، بورىچى كەنتى، تاغارچى كەنتى، تاغچى كەنتى، تاۋاقچى كەنتى، تەككىچى كەنتى، تونۇرچى كەنتى، تۆگىچى كەنتى، تۆمۈرچى كەنتى، جۇۋىچى كەنتى، جۇۋازچى كەنتى، چوچۇنچى كەنتى، خەلۋاپ كەنتى، زەرگەر كەنتى، قازانچى كەنتى، كۆنچى كەنتى، كۇپچى كەنتى، ئىگەرچى كەنتى، ياغاچچى كەنتى، يىپەكچى كەنتى، يىكچى كەنتى… دېگەندەك يۇرتلار نامى بۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ.

يەر ناملىرى ئىچىدە «پوتەي، تۇر، تۇرا، تىم، قوغان» دېگەندەك قەدىمكى زامان ھەربىي ئەسلىھە نامى بىلەن ئاتالغان نۇرغۇن يېزا، كەنتلەر ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ خارابىلىرىنى ھەر يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇلار ئۆتمۈشتە ھەربىي دىيارنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا سەھنە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەربىي ئەسلىھەلەر ئۆز زامانىسىدىكى ئۇرۇشلاردا تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇ ھەربىي قۇرۇلۇشلار بىرلا دەۋرنىڭ مەھسۇلاتى بولماستىن، ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە بىر شەھەرنىڭ ئايرىم يېرىدە بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان تۈرلۈك بازارلار بار. بۇ بازارلاردا ئومۇمەن بىر خىللا نەرسە سېتىلىدۇ. يەر ناملىرى ئىچىدە مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتالغان كەنت، ئاھالە كومىتېتلىرى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئاتبازىرى، بورابازىرى،

پاختابازىرى، تاشبازىرى، سامانبازىرى، قاسقانبازىرى، قايماقبازىرى، قوناقبازىرى، ئوتۇن بازىرى، ياغبازىرى، يىكەنبازىرى… دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈمىزكى، يۇرتىمىزنىڭ يەر ناملىرى تۈرلۈك - تۈرلۈك يوللار بىلەن قويۇلغان. بۇلارنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىش ھازىرقىلار ئۈچۈنلا ئەمەس، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پەيدىلىق ۋە زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئونوموستىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلارنىڭ تۆۋەندىكى «ئۆرنەك»تىن پايدىلىنىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆرنەك.

△ ئازنا مەسچىت كەنتى (تورپاندا)، ئۇيغۇرلار ئادەتتىكى كۈنلەردە بەش ۋاق نامىزىنى ئۆيدە ياكى مەھەللىدىكى كىچىك مەسچىتلەردە ئوقۇيدۇ. جۈمە نامىزىنى بولسا، چوڭراق مەسچىتلەردە — جامەدە ئوقۇيدۇ. جۈمە نامىزىغا ئەتراپتىكى كىچىك مەسچىتلەرنىڭ جامائىتى يىغىلىدۇ. بۇ كەنت تەۋەسىدە مۇشۇنداق چوڭ مەسچىت بولغىنى ئۈچۈن بۇ كەنت مۇشۇنداق ئاتالغان.

△ ئاغى يېزىسى (كۇچادا)، ئاغى — «ئارغۇ» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلغان شەكلى. «ئارغۇ» دېگەن سۆز «ئىككى تاغ ئارىسى» دېگەن مەنىدە. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىمۇ «دىۋان»دا شۇنداق شەرھلىگەن. دېمەك، بۇ يېزا ئىككى تاغ ئارىسىدا بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان.

△ ئالمالىق (قورغاس تەۋەسىدە)، بۇ يەردە كەڭ كەتكەن تەبىئىي ئالمىزارلىق بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان. ئالمالىق — تارىخىي شەھەر. تۇغلۇق تۆمۈر خانلىق تەختىگە چىقىپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاز ۋاقىت ئىلگىرى يەنى مىلادى 1352 - يىلى ئۆز پايتەختىنى ئاقسۇدىن ئالمالىق شەھىرىگە كۆچۈرگەنىدى. تۇغلۇق تۆمۈر 1353 - يىلى كۇچالىق مەۋلانا ئەرشىدىننىڭ دالالىتى بىلەن ئالمالىق شەھىرىدە ئۆز تەۋەسىدىكى ئادەملەر بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن. تۇغلۇق تۆمۈر 1363 - يىلى ۋاپات بولغان ۋە ئالمالىق شەھىرىگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ مازىرى شۇ يەردە. خەلق ئارىسىدا بۇ يەر «مازار» دەپ ئاتىلىدۇ.

△ ئايكۆل يېزىسى (ئاقسۇدا)، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا (3- توم 186- بەت) ئايكۆلنىڭ ئورنىنى «ئۇچقا يېقىن بىر يەرنىڭ ئېتى» دەپ كۆرسەتكەن. «تارىخىي ھەممىدى»دە: «ئاقسۇ زېمىنىدا مەۋلانا جالالىددىن دېگەن بىر مازار بار. بۇ ئايكۆل دېگەن جايدا» دەپ يېزىلغان. تۇغلۇق تۆمۈر مەۋلانا جالالىددىننىڭ تەسىرى بىلەن ئايكۆل رايونىدىكى ئوۋ مەيدانىدا تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشقا ۋەدە بەرگەن. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جالالىددىن ئايكۆلدە ۋاپات بولغان. ۋاپات بولۇش ئالدىدا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ بەرگەن ۋەدىسىنى ئوغلى مەۋلانا ئەرشىدىنگە ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان.

△ ئەنجان ئېرىقى كەنتى (پەيزىۋاتتا)، بىزدە «ئەنجان» سۆزى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «ئەنجان كوچىسى»، «ئەنجان تېمى»، «ئەنجان پاختىكى»، «ئەنجان كارىزى»، «ئەنجان كېچىكى» دېگەندەك ناملار بار. «ئەنجان» دېگەن سۆز بىزدە ھەم يەر نامى، ھەم مىللەت نامىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتايلى، «ئەنجان كارىزى» (تورپاندا) كارىزنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ ئۆزبېك قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «ئەنجان تېمى» (جەنۇبىي شىنجاڭدا) ئەنجانلىقلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ياسالغان تام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، «ئەنجان پاختىكى» (جەنۇبىي شىنجاڭدا) ئەنجان تەرەپتىن كېلىپ ماكانلاشقان پاختەك تۈرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «ئەنجان كېچىكى» قەشقەردىن ئەركەشتام ئارقىلىق ئەنجانغا بېرىشتا بىر دەريانىڭ كېچىپ ئۆتۈلىدىغان يېرىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، «ئەنجان ئېرىقى» دېگەن بۇ نام شۇ ئېرىق ئەتراپىدا ئۆزبېك بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

△ بارچۇق كەنتى (قاراقاشتا)، بارچۇق — قەدىمكى شەھەرلەردىن بىرى بولۇپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى. بۇ كەنتتە مارالبېشىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئادەم-

لەر بولغىنى ئۈچۈن، بۇ كەنت شۇنداق ئاتالغان.

△ بۇقا تېمى كەنتى (توقسۇدا)، دەريا سۈيى بىر ياندا ئېقىپ دەريا قىشىنى بۇزۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە بىر ياندىلا ئاققان سۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، سۇنىڭ بىرنەچچە يېرىگە بۇقا باغلىنىدۇ. بۇ «بۇقا تېمى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۈچ تال توم ياغاچ سۇ ئىچىگە تىك تۇرغۇزۇلۇپ، ئۈچ تەرىپى باغلىنىدۇ، ئاستى تەرىپى شىم ياكى كولا بىلەن تورلىنىپ، ئىچىگە تاش قاچىلىنىدۇ، بۇنى سۇ ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپكە ئاققان سۇ كونا يول بىلەن ئېقىشقا باشلاپ، دەريا قىشى بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ كەنتتە مۇشۇنداق بۇقا تېمى بولغىنى ئۈچۈن كەنتمۇ شۇنداق ئاتالغان.

△ بۇگۇر (ناھىيە)، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا (1- توم 468- بەت) بۇگۇر سۆزىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «كۈچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىدە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا».. دېمەك، بۇ ناھىيىنىڭ نامى تاغ ئۈستىگە ياسالغان قەلئەنىڭ نامىدىن كەلگەن.

△ پالۋان كەنتى (ئاۋاتتا)، پالۋان مەھەللىسى كەنتى (قاراقاشتا)، «پالۋان» سۆزى مەرگەن، ئۇۋچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يۇرتتىكىلەر ئۇۋچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگۈچىلەردىن بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يۇرت مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتالغان.

△ پوتەي كەنتى (توقسۇدا)، پوتەي - دۈشمەنگە ئوت ئاچىدىغان قەدىمكى زامان ھەربىي ئەسلىھەسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرقانچە يېرىدە كۈنگۈرە بولىدۇ. مۇشۇ كۈنگۈرىلەر ئارقىلىق توپ، زەمبىرەك بىلەن دۈشمەنگە ئوت ئېچىلىدۇ. بىر پوتەي بىلەن يەنە بىر پوتەينىڭ ئارىلىقى ئون يول بولىدۇ، شۇڭا خەلقىمىز ئۆتكەن زاماندا سەپەردە قانچىلىك يول يۈرگەنلىكىنى پوتەي سۆزى بىلەن ئۆلچەيتتى. بۇ يۇرت تەۋەسىدە مۇشۇنداق پوتەي بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يۇرت مۇشۇنداق ئاتالغان.

△ تارىم يېزىسى (لوپنۇردا)، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا (1- توم 175- بەت) «ئۆسمى تارىم» دېگەن سۆزنى «ئىسلام ئېلىدىن ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا، بۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ» دېگەن، يەنە شۇ ئەسەردە (1 - توم 514 - بەت) «ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى كۆچا» دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر «ئۆسمى تارىم» دېيىلىدۇ. ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ «ئۆسمى تارىم» دەپ ئېيتىلغان. (ئەينى ۋاقىتتا كۇچانىڭ غەربىدىكى ئاھالىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغاچقا، ئىسلام دىنىغا تېخى كىرمىگەن شەرق ئۇيغۇرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ «ئىسلام ئېلى» دەپ ئاتالغان) دېمەك، تارىم يېزىسى تارىم دەرياسى بويىدا ياكى تارىم ئويمانلىقىدا بولغىنى ئۈچۈن بۇ يېزا مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

△ توقسۇ كەنتى (توقسۇدا)، توقسۇ سۈيى ئەلۋەك دېگەنلىك. بۇ يەردە بېشى مۇزاتتىن باشلىنىپ، بۇ يەرنى بېسىپ ئۆتىدىغان ئۆگەن دەرياسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرتنىڭ سۈيى كۆپ. شۇڭا بۇ ناھىيىگە، بۇ كەنتكە توقسۇ دېگەن نام بېرىلگەن.

△ تۇر كەنتى (بايدا)، تۇرا كەنتى (كەلپىندە). تور، تورالار قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا ئىشلىتىلگەن قۇرۇلۇش. بۇلارنىڭ ئۈستىگە قورۇق شاخ - شومبا دۆۋىلەپ قويۇلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئادەم ئاجرىمايدۇ. دۈشمەن كۆرۈنگەن ھامان ئوت يېقىپ يەنە بىر توردىكىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ يۇرت تەۋەسىدە مۇشۇنداق قۇرۇلۇشلار بولغىنى ئۈچۈن بۇ يۇرت شۇنداق نام بىلەن ئاتالغان.

△ تۇڭگانمازار كەنتى (پەيزىۋاتتا)، بۇ يەر يىراق - يېقىندىكى تۇڭگانلارنىڭ قەبرىستانلىقى. بۇ يەر كەنت بولغاندىن كېيىن، كەنت مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

△ تۈرك مەھەللىسى كەنتى (نىلقىدا)، بۇ مەھەللىدە ئۆلتۇراقلاشقانلار ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۈرك بولماستىن تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار ئۆتمۈشتە تۈركمەنىستاندىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كۆچمەنلەردۇر. بۇ مەھەللىدە مۇشۇ كۆچمەنلەر توپلىشىپ ئولتۇراق-

لاشقانلىقى ئۈچۈن كەنت مۇشۇنداق ئاتالغان.

△ تۇمەن (قەشقەردە)، بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرقى قەشقەر كونا شەھەر ئورنىدا «تۇمەن» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر سەيلىگاھ بولغان ئىكەن. بۇ جاي خانلار، تېكىنلەر ۋە دۆلەت ئەربابلىرى ھەر يىلى يازدا قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپ تاماشا قىلىدىغان سەيلىگاھ ئىكەن. بۇ يەردە چەت ئەل ئەلچىلىرى چۈشۈپ ئۆتىدىغان چوڭ سارايلار، مەسچىتلەر بولغان ئىكەن. خانلار چەت ئەل ئەلچىلىرىنى كۆپىنچە مۇشۇ يەردە قوبۇل قىلىدىكەن. «تۇمەن دەرياسى» دېگەن نامدىكى «تۇمەن» ئەنە شۇ «تۇمەن»دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

△ چاغرى كەنتى (ئاقتۇدا)، قارچۇغا كەنتى (لوپنوردا)، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن زامان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇلار ئوۋ ئوۋلاشتا تۈرلۈك ئۇسۇل - ۋاسىتىلەردىن پايدىلانغان. چاغرى بىلەن قارچۇغا ئەنە شۇ ۋاسىتىلەردىندۇر. «چاغرى» قارچۇغىنىڭ بىر تۈرى. خەلقىمىز ئوۋ قىلىش جەريانىدا ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ كېلىپ قولغا ئۆگەتكەن. مۇشۇ جەرياندا چاغرى بىلەن قارچۇغىنى تۇتۇپ قولغا ئۆگىتىپ، ئۇلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. بۇ يۇرتلاردا بۇ خىل قۇشلارنى قولغا ئۆگەتكۈچىلەر بولغىنى ئۈچۈن بۇ يۇرتلار مۇشۇنداق ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

△ كۇچا (ناھىيە)، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا (1 - توم 526 - بەت) «كۆسەن كۇچا دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەرنىڭ ئېتى. بۇ شەھەر ئۇيغۇر چېگرىسىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. كۇچا قەدىمكى شەھەرلەردىن بىرى. ئۇ ئۆز زامانىسىدا ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى ۋە سودا - تىجارەت مەركىزى ئىدى. بۇ شەھەر كۇچا دەپ ئاتىلىشتىن ئىلگىرى كۆسەن دەپ ئاتالغان. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن كىتابىدا: كۇچانىڭ قەدىمكى ئىسمى كۆسەن ئىكەن. كۇچا زېمىنىدا مەۋلانا ئەرشىدىننىڭ ئارامگاھى ۋە قەبرىسى بار. بۇ زاتنىڭ دالالىتى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈر قول ئاستىدىكى ئادەملىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىش بىلەن ئىلى تەۋەسىدە دىنى ئىسلامنىڭ چىرىقى يانغانىدى، دەپ يازغان.

△ مىشا يېزىسى (پەيزىۋاتتا)، مىشا تاتار مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى. بۇ سۆز ئەسلىدە «شار» بولۇپ، تىلىمىزدا «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. مىشارلار مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن شۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى تاتارلارنىڭكىگە ئوخشاش. لېكىن تىلىدا ئاز - تولا پەرق بار. بۇ يۇرتتا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىشارلار بولغىنى ئۈچۈن، بۇ يېزا شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

△ ئۈتام كەنتى (چاقىلىقتا)، بۇ يېزىدا دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە «ئۇ تام»، بۇ تەرىپىدە «بۇ تام» دەپ ئاتىلىدىغان يۇرتلار بار. بۇ ناملار «ئۇ»، «بۇ» دېگەن كۆرسىتىش ئالماش بىلەن كونا ئۇيغۇر تىلىدىكى «مەھەللە دېگەن مەنىدىكى «تام» سۆزلىرىدىن بىرىكىپ ياسالغان. دېمەك «ئۇ تام» دېگەنلىك «ئۇ مەھەللە» دېگەنلىك.

△ ئۈچتۇرپان (ناھىيە)، بۇ ئىسىم «ئۈچ» سۆزى بىلەن «تۇرپان» دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىدىن ياسالغان. ئۈچتۇرپان تارىختا «شەھىرى بەربەر» دەپمۇ ئاتالغان. ئۈچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى «ئۈچ» (ئۈچ ئەمەس) ئىدى. مەنچىڭنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن، بۇ يۇرتتا چوڭ قىرغىنچىلىق بولغان. ساق قالغان ئادەملەر باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتكەن ياكى سۈرگۈن قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن يۇرت چۆللىشىپ كەتكەن. شۇڭا تۇرپاندىن بىر تۈركۈم ئائىلە كۆچۈرۈلۈپ يۇرت ئاۋاتلاشتۇرۇلغان. بۇ يۇرتنىڭ بەزى يېزا - كەنتلىرىنىڭ نامى ھازىرقى تۇرپاندىكى بەزى يېزا - كەنتلەرنىڭ نامىغا ئوخشاش بولۇشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

△ ئۆگەن كەنتى (توقسۇدا)، ئۆگەن — بېشى مۇزاتتىن باشلىنىپ توقسۇ تەۋەسىدىن ئېقىپ

ئۆتۈپ، ئاخىرى شاھيار ناھىيىسىگە كىرىپ بېرىپ، تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان دەريا. بۇ كەنت مۇشۇ دەريا بويىدا بولغىنى ئۈچۈن، بۇ كەنت مۇشۇنداق ئاتالغان.

△ ئىلى، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا (1 ـ توم 124 ـ بەت) «بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر» دەپ يازىدۇ. دېمەك، «ئىلى» دېگەن بۇ نام دەريانىڭ نامىدىن كەلگەن. «ئىلى» نىڭ قەدىمكى شەكلى «ئىلا» ئىدى.

△ ئىماملىرىم يېزىسى (ئۈچتۇرپاندا)، موللامۇسا سايرامى مۇنداق يازىدۇ: ئۈچتۇرپان زېمىنىدا «ئىماملىرىم» دېگەن بىر ئالىي مازار بار. بۇ ئىمام مۇھەممەت غەززالى بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ۋە مەسلىھەتدىشى ئەھمەت غەزەلىلىنىڭ مازىرىدۇر. مۇھەممەت غەززالى 1059 ـ يىلى خۇراساننىڭ تۇس شەھىرىدە تۇغۇلغان. بالىلىق چاغلىرىنى نەشاپوردىكى جۇۋەينىدىن ئىلىم ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. سەلجۇقىيە سۇلتانلىقىنىڭ ۋەزىرى نىزامۇلمۇلۇكنىڭ سارىيىدا ئىشلىگەن. باغداتتىكى نىزامىيە مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. كېيىنچە تەرىقەت مەسلىكىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بولۇپ، مەشھۇر تەرىقەت ئۆلىماسى بولۇپ يېتىشكەن ۋە تەرىقەتچىلىك بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىبىنىڭ قاراشلىرىنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىسلام دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان. 1111 ـ يىلى ئۆز يۇرتى تۇستا ۋاپات بولغان. قەبرىسى شۇ چاغدا چوڭ بىر زىيارەتگاھ ئىدى. ئەھمەت غەززالى بولسا 1126 ـ يىلى ئىراننىڭ قەزۋىن شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

△ ياغچاق كەنتى (ئاقتۇدا)، «ياغچاق» «يارغۇنچاق» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلغان شەكلى. ياغچاق تۈگمەننىڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ، بۇ كۆچمەنچىلىك ھاياتىغا ماسلاشقان. ئۇنى بىر يەردىن بىر يەرگە كۆچكەندە ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق. ئۇنى قول بىلەن چۆگىلىتىپ دانلارنى يەنجىپ ئۇن تارتقىلى بولىدۇ. بۇ كەنتتە مۇشۇنداق ياغچاق ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن بولغىنى ئۈچۈن كەنت مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «تۈركىي تىللار دىۋانى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى.
2. موللامۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى». مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى.
3. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى». مىللەتلەر نەشرىياتى. 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي.


(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان سىرتقى قاتنىشىدا ئوينىغان رولى

گۈلنار جۇماتاي*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ قوشنا دۆلەت ۋە رايون خەلقلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان ئىچكى - تاشقى قاتناش يوللىرىنى ئاچقانلىقى، ئېلىمىز ۋە چەت ئەل يولۇچىلىرىنى يېمەك - ئىچمەك، قونالغۇ ۋە قاتناش قوراللىرى بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكى ئۈستىدە قىسقىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：本文探讨我国史籍中称作“西域”的地区的人民与邻国或相邻地区的人民建立密切联系，同时以韧坚不拔的毅力开通我国古代内外交通的道路，为中外旅客提供食宿和交通工具的历史。

**Abstract**: This article briefly expounds the ancient people, who lived in the area which was called "WesteRn Region"in history books, had formed a close relationship with neighbouring people. They, with an unyielding will, had opened internal and external traffic road and provided the foreign travellers with provisions, accomodations and traffic equipments.

نۆۋەتتە، ئېلىمىز خەلقئارادا 130 دىن كۆپرەك دۆلەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن دوستانە بېرىش - كېلىش ۋە ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندا باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان بېرىش - كېلىش تارىخىدا چېگرا رايونغا جايلاشقان ھەرقايسى مىللەتلەر ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودا، ئالاقە ئىشلىرىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئېلىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چېگرا رايونغا جايلاشقان بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئاھالە سانى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئىگىلىگەن يەر مەيدانى پۈتۈن مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ 50- 60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. چېگرا را-

---

* گۈلنار جۇماتاي: شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ لېكتورى.

يونلار ئورغۇنلىغان دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن چېگرىداش بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇلار تارىختا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ نام - ئاتاق، ئىنئام بېرىش ۋە باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە قوشنا ئەللەر بىلەن دوستانە ئۆتۈپ كەلگەن، شۇنداقلا ئىچكى - تاشقى ئىقتىسادىي سودا ئىشلار داۋامىدا قاتناش يوللىرىنى ياساپ، ئۆزلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ماھىر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان ۋە جارى قىلدۇرغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلى چىن شىخۇاڭ بىرلىككە كەلگەن فېئودال ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ، شيەنياڭنى مەركەز قىلغان①. مەملىكەتتىكى ھەرقايسى رايون ۋە چېگرا رايونلارغا بارىدىغان قاتناش يوللىرىنى ياسىغان، بۇ يوللار ئىچىدىكى بەزىلىرى بولسا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئارقىلىق قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تۇتاشقان.

خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە خەن ۋۇدى چەت ئەللەر بىلەن بولغان قاتناش ئىشلىرىنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى. يىپەك يولى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن تېخىمۇ گۈللەنگەن يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى②. دېمەك، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا ئەسلىدە بار بولغان «يىپەك يولى» نى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تۇتاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يول چاڭئەننى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان، ھەمدە ئەتراپتىكى ھەرقايسى يەرلىك مىللەت خەلقىنىڭ توختىماي ياسىشى ۋە ئاسرىشى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئاۋاتلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا بارغىلى بولىدىغان قۇرۇقلۇق قاتناش تۈگۈنىگە ئايلانغان.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېلىمىزنىڭ ئىچكى - تاشقى قاتناش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ھاكىمىيەت ئالمىشىش ۋە ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى كۆپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەتراپتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر جايلاشقان رايونلار ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرىدا يەنىلا مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ كەلگەن. «يىپەك يولى» ئارقىلىق مەيلى شەرققە بارغان غۇز راھىبى بولسۇن، ياكى غەربكە كەلگەن خەنزۇ راھىبلىرى بولسۇن، مەيلى بۇيرۇققا بىنائەن پەرمان يەتكۈزگۈچى ئەلچىلەر بولسۇن ياكى مال ئېلىشقا كەلگەن سودىگەرلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئۆز سەپىرىنى تاماملىغان. جىن سۇلالىسىنىڭ دارما پاتراسى (تەخمىنەن مىلادى 337 - 442 - يىلى) «بۇددىزىم ئەللىرىگە ساياھەت» دېگەن كىتابىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئۆزىنىڭ غەربتىكى ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە يول بويىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە نۇرغۇن ياردەم بەرگەنلىكىنى يېزىپ قالدۇرغان.

XIII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا موڭغۇللار يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ موڭغۇللارنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا قەدەر تارقالدى. جۇڭگونىڭ ئىچكى - تاشقى قاتناش ئىشلىرىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ مىسلىسىز گۈللەندى ۋە تەرەققىي قىلدى. يۈەن سۇلالىسى ھەرقايسى قاتناش يوللىرىدا نۇرغۇن ئۆتەڭلەرنى ياسىدى. ئۇلارنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولغاچقا، ياۋروپا - ئاسىيا قاتنىشىغا زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، مەمۇرىي ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى - تاشقى قاتنىشىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. ھەرقايسى ئەل سودىگەرلىرى ۋە ئەلچىلىرى بۇنداق بىخەتەر، قولاي يوللار ئارقىلىق، بولۇپمۇ يىپەك يولى ئارقىلىق سەپەرگە چىقىشنى بەكمۇ خالايتتى، ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر ساياھەتچىسى ماركوپولو مانا مۇشۇ يول ئارقىلىق

جۇڭگوغا كەلگەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە بېكىنمىچىلىك سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، روناق تېپىۋاتقان جۇڭگونىڭ ئىچكى - تاشقى قاتنىشى نابۇت بولدى. پۈتۈن جۇڭگو جۈملىدىن چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىغىمۇ ناھايىتى چوڭ زىيان بولدى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇملۇق ئەتراپى ۋە بوستانلىقلار ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ بەگلىكلەر ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىپ، بوستانلىق ئارىسىدىكى جۇغراپىيىۋى ئايرىمچىلىقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزئارا تۇتىشىدىغان سودا لىنىيىسىنى شەكىللەندۈردى. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ سودا لىنىيىلىرى قۇملۇقتىكى ئاساسلىق قاتناش يولىغا ئايلاندى. ھەرقايسى بوستانلىقلار ۋە بەگلىكلەر بولسا، ئۆتكەن - كەچكەن يولۇچىلارنىڭ ئارام ئالىدىغان ياكى مال ئالماشتۇرىدىغان جايىغا ئايلانغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن يىپەك يولىدا «سوياپ يولى»، «ئەنشى يولى» «جەنۇبىي يول»دىن ئىبارەت ئۈچ يول بولغان. «سۈي نامە، پېيجۈ تەرجىمىھالى»دا دۇڭخۇاڭدىن غەربكە بارىدىغان ئۈچ يولنى مۇنداق بايان قىلغان: «سوياپ يولى بولسا ئىۋىرغول (قۇمۇل)دىن باشلىنىپ پۇرلى (باركۆل)، تېلې قەبىلىسى (ئۇيغۇر) تۈرك خان بارگاھى (بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي) سىر دەرياسى ۋە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىدىن ئۆتۈپ، غەربىي دېڭىز (ئوتتۇرا دېڭىز) بىلەن تۇتىشىدۇ؛ ئەنشى يولى بولسا قوجو (تۇرپان)دىن باشلىنىپ، قارا شەھەر كۆسەن (كۇچا)، سولې (قەشقەر)، پامىر، پەرغانە، كانگىيە (سەمەرقەند) قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ غەربىي دېڭىز (پېرسىيە قولتۇقى)غا بارىدۇ؛ جەنۇبىي يول بولسا پىچاندىن باشلىنىپ ئۇدۇن (خوتەن)، قاغىلىق، تاشقورغان قاتارلىق جايلاردىن غەربىي دېڭىز (ھىندى ئوكيان)غا تۇتىشىدۇ».

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان سىرتقى قاتنىشىدىكى قۇرۇقلۇق يوللىرى ئاساسەن غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ياسالدى ۋە ئاسرالدى، چېگرا رايونلاردىن ئېشىپ ئۆتكەن قاتناش يوللىرى ھەر قەدەم خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى بۇ يوللارنىڭ بەزى بۆلەكلىرى بىپايان سۇسىز قۇرغاق چۆللۈكلەردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، بەزىلىرى مۇز چوققىلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، مەسىلەن، يىپەك يولىدىكى بەدەل - ئارت تېغى يولى بولسا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ، ئۈچتۇرپاندىن ئىسسىق كۆل ۋە چۇ دەريا ۋادىسىغا بارغىلى بولىدىغان مۇھىم ئۆتكەل، شۇنداقلا غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاسىيۇ خانلىقى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشتىكى مۇھىم يول ھېسابلىناتتى، يەنە مەسىلەن، ئاقسۇ بىلەن غۇلجىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇزات (مۇزئارت) داۋىنىدا 6000 مېتر ئىگىزلىكتىكى تەڭرىتاغدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، مانا مۇشۇنداق كىشىنى سۈر باسىدىغان يوللار يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ئىزدەلدى ۋە داۋاملىق ئىشلىتىپ كېلىندى.

قەدىمكى زاماندا مۇشۇ يول كېسىپ ئۆتكەن جايدا ياشىغان خەلقلەر بۇ يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلارنى مەيلى ئۇ قايسى ئەلدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يېمەك - ئىچمەك، قونالغۇ بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئەينى زامان سىرتقى قاتنىشىنى ماددىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى. تاڭ شۈەنزاڭنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتى بۇ ھەقتىكى تىپىك مىسالدۇر. تاڭ شۈەنزاڭ ھىندىستانغا نوم ئېلىشقا بارغاندا يول بويى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، نەتىجىدە ئۇ بۇددا نومىنى ئېلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ساق - سالامەت يېتىپ بارغان.

غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەر قەدىمكى زامان سىرتقى قاتنىشنى ئاساسلىق ترانسپورت قوراللىرى ۋە يول باشلىغۇچىلار بىلەن تەمىنلىگەن. قەدىمكى زامان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك ئات، تۆگە، كالا قاتارلىق ھايۋانلار سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ترانسپورت قورالىغا ئايلانغان. ئەينى دەۋردە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتىلىدىغان رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى، يولۇچىلارنى شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماس كېلىدىغان ھايۋانلار بىلەن

تەمىن ئەتكەن، «چۆل كېمىسى» دەپ نام ئالغان تۆگە يىپەك يولىدىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولغان. ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر، قۇملۇقنىڭ يەر شارائىتى بىلەن تونۇش بولغاچقا، بىپايان قۇملۇق ئىچىدىمۇ نىشاندىن ئازمايتتى، شۇڭلاشقا يىپەك يولىدىكى كارۋانلارنى كۆپىنچە شۇلار يېتەكلەيتتى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 ـ يىلى خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا تۇنجى قېتىم ئەلچىلىككە كەلگەندە، غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى تۆگە ۋە يول باشلىغۇچى بىلەن تەمىن ئەتكەن. غۇزلاردىن كېلىپ چىققان يول باشلىغۇچى گەنفۇنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۇ ھونلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى چاڭئەنگە ساق ـ سالامەت قايتىپ بارغان③.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر پەن ـ تېخنىكا ۋە قاتناش قورالى دېگەندەك تەرەققىي قىلمىغان شۇ دەۋردە ۋە تەبىئىي شارائىتى ناچار بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا، سىرتقى قاتناش يوللىرىنى ئېچىپ ھەر مىللەت يولۇچىلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەرنى ھازىرلاپ، قاتناش ئىشلىرىنىڭ بىخەتەر، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان، شۇنداقلا ئۆزگىچە مىللىي تۈسكە ئىگە بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان سىرتقى قاتنىشىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى كارۋان يولى بويىدا ئولتۇراقلاشقان ھەرلىك خەلقلەر، بۇ يولدىن ئۆتكەن مەيلى ئۇ سودىگەر بولسۇن، ئەلچى بولسۇن ياكى دىندار بولسۇن ئۇلارنى تاماق، ياتاق بىلەن تەمىن ئېتىشتىن باشقا ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنىمۇ قوغدىغان، شۇنداقلا يولنىڭ راۋانلىقىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان سىرتقى قاتنىشىغا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

---

ئىزاھلار:

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق تۈزگەن، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 136 ـ بەت.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ قىسىم 22 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.

③ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» 30 ـ بەت. شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.

(پوچتا نومۇرى: 830054)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھۇشۇر ئىدىقۇتى

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدە ئىزدىنىش

غەيرەتجان ئوسمان*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مۇنازىرە — سىياسىي، نەزەرىيىۋى، دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھەم سۆز - نۇتۇقلاردا خېلى كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل شەكىل. ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يازما ئەدەبىياتقىچە، داستانلاردىن لىرىك شېئىرلارغىچە تەتبىقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم رېئال ئوبراز ھەم سىمۋوللۇق ئوبرازلار خاراكتېرى يارىتىلىپ، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەزمۇنى، تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要**：论辩是政治、理论，宗教文学作品以及演讲中常用的方法和写作形式，无论是民间文学还是作家作品，无论是叙事体还是抒情体诗作中均可运用，其中既有现实形象，也有象征形象，可表达具有很高艺术和社会价值的内容。本文专论辩形式产生、内容、发展及其意义。

**Abstract**: Debate is a writing method used in the words of political comment. science and literature, as well as oratory, whose scope literature ranges from folklore tomodern writers' works, and from narrative prose to lyrics with mixed embodiment of both realism and symbolism. The essay touches on its formation. content, development and significance.

## 1

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە تۈرى رەڭگارەڭ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيەتنىڭ قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى يادرو قىلغان ھالدا قوشنا خەلقلەر بولۇپمۇ ئەرەب، پارس، ھىندى، ئوردۇ ۋە خەنزۇ

* غەيرەتجان ئوسمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

شېئىرىيىتىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ، بىر پۈتۈن مۇكەممەللىككە ۋە يارقىنلىققا ئىگە بەدىئىي شەكىل بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان.

مۇنازىرە — شېئىرىيەتنىڭ بىر خىل ئالاھىدە تۈرى. ئۇ دراما ژانىرىنىڭ مۇھىم ئېلېمېنتلىرىدىن بىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسەل، يۇمۇر ژانىرى بىلەنمۇ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بار.

مۇنازىرە شەكلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆپرەك شېئىرىيەتتە ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە شەكلىدىكى شېئىرلار ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ شەكىلنىڭ قەدىمكى زاماندا قانداق ئاتالغۇ بىلەن ئاتالغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئەسلىدە «مۇنازىرە» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشماق، بەھس قوزغىماق، مۇنازىرە يۈرگۈزمەك دېگەنلەردىن ئىبارەت. دېمەك، «مۇنازىرە» نوقۇل شېئىرىيەتكىلا مۇناسىۋەتلىك بىر ئاتالغۇ ئەمەس.

«مۇنازىرە» ئاتالغۇسىنىڭ ئەرەب تىلىدىن كىرگەنلىكىگە قاراپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مۇنازىرە شەكلىمۇ ئەسلىدە ئەرەبلەردىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مۇنازىرە شەكلى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تۈرى. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە «قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى» دەپ ئاتالغان بىر شېئىر پارچىسى بار، يەنە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ بىرقانچە بابلىرى مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان. بۇلاردىن بۇرۇنراق دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىدىغان «مايتىرى سىمىت»مۇ شۇنداق شەكىلدە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىراق ئەھۋالنى ئالساق، «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دىمۇ بەزى دىئالوگلۇق جۈملىلەر بار. ئالىملارنىڭ ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ چىققان ئىلمىي خۇلاسىسىگە قارىغاندا، ئەرەب، پارسلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ خىل شەكىل بولمىغان①.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مۇنازىرە تۈرىگە مەنسۇپ ئەسەرلەردە كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەرگە، كۆز قاراشقا، مەسىلىككە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولغان ئوبيېكتلارنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۆز كۆز قارىشىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، قارشى تەرەپنى چۈشۈرۈش، ئىنكار قىلىپ مەسخىرە قىلىش، خۇنۇكلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ خىل شەكىل ئۆزىدە ئەدەبىياتنىڭ ھەجۋىي شېئىر، كومېدىيە ۋە يۇمۇر قاتارلىق ژانىر تۈرلىرىنىڭ بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلىرىنى خېلى مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئۇنىڭدا كىنايە-مەسخىرە قىلىش، جانلاندۇرۇش، تۇقۇلما، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەر كۆپرەك قوللىنىلغان. بۇ خىل بەدىئىي تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەردە مۇنازىرە جەريانىنى شېئىر شەكلىدە ئىپادىلەش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. گېزى كەلگەندە شېئىرىي بايان بىلەن نەسرىي بايان گىرەلەشتۈرۈلگەن. مۇنازىرە شەكلىدىكى بۇ خىل ئەسەرلەردە پېرسوناژ، سيۇژېت ھەم مۇھىت تەسۋىرى رېئاللىقتىكى ئەينى پاكىتلار ئاساسىدا تىپىكلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتكەن. شۇنداقلا بۇلار، بولۇپمۇ پېرسوناژلار ئەدەملەشتۈرۈلگەن، غەيرىي ئادەم تىپىدىكى نەرسىلەر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەردە قوللىنىلغان ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى، ئىپادىلەش يوللىرى، سىمۋوللۇق ۋاستىلەر خىلمۇ خىل ۋە جانلىقتۇر.

2

ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتتا مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەر خېلى كۆپ. بۇ ئەسەرلەرنى سيۇژېت قۇرۇلمىسى، پېرسوناژلىرى، مۇھىت تەسۋىرى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قوللانغان بەدىئىي ۋاستىلىرىگە قاراپ مۇنداق بىرقانچە خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

① شى شىلوڭفۇ (ياپونىيە): «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1994-يىلى 1-سان، 45-بەت.

بىرىنچى، ئادەملەر ئوبرازى يارىتىلغان مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەر.

مەلۇمكى، خاس بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە بولغان ئەدەبىيات كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كارتىنىسى. ئۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت بىلەن ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىدۇ. قىسقىسى، ئادەملەر ئوبرازىنى يارىتىش ئەدەبىياتنىڭ تۈپكى ئىقتىدارى، قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە شەكلىلىك شېئىرلارمۇ دەل شۇنداق ئىقتىدارغا، قانۇنىيەتكە ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنازىرە ئالاھىدىلىكى بار ئەسەرلىرىدە بەزى ئەينەن قىياپەت بىلەن بەزىدە مەجازى (سىمۋوللۇق) يول بىلەن ئادەملەر خاراكتېرى يارىتىلغان.

«مايتىرى سىمىت» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ قومۇل نۇسخىسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (850 — 1250) نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى چۇتاش يىگىت تۇتۇق تەرىپىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزۈلگەن. ئەسەردە سەككىز پاشالىق مايتىرىنىڭ ئۇستازى بادارى براھماننىڭ چۈشىدە «ۋايىشىر ۋانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلاھلار بىلەن سۆھبەت قىلىشىپ ماگاتا (ھازىرقى نېپال) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل - پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايتىرىنى 16 شاگىرتى بىلەن بىللە بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىدۇ، قالغان كۆرۈنۈشلەردە يول يۈرۈش، كۆرۈشۈش جەريانى ۋە بۇ توغرىلىق ئاسماندا پەيدا بولغان ئاجايىپ - غارايىپ تەنلەر، سۆھبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ. ئېلىمىز ۋە چەت ئەلدىكى «مايتىرى سىمىت»نى تەتقىق قىلغۇچىلار شۇنداق بىر ئورتاق قاراشقا كەلدىكى، ئۇ بىر سەھنە ئەسىرى بولۇپ①، 27 پەردىدىن تەركىب تاپقان، ھەربىر پەردە (بۆلۈم) نىڭ ۋەقەلىكى كونكرېت پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن②.

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن چوڭ تىپتىكى داستان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرنىڭ خېلى كۆپ سەھىپىلىرىدە مۇنازىرە شەكلىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. داستاننىڭ 41 - ۋە 46 - بابلىرىدا قانائەت سىمۋولى بولغان زاھىد ئودغۇرمىش بىلەن ۋەزىر ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىككى قېتىملىق مۇنازىرە ئۆتكۈر ۋە جانلىق بولۇپ، قويۇق دراماتىك تۈس ئالغان. شائىر مۇشۇ قېتىملىق مۇنازىرە كۆرۈنۈشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلق، جەمئىيەت، دۆلەت، بىلىم، قانۇن ھەققىدىكى بىر قاتار كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە مۇپەسسەل شەرھلەپ ئۆتىدۇ، كىشىلەرنى جىددىي، ئۆتكۈر ۋە كەسكىن زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ھالىتىدە تۇرغان پېرسوناژلارنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەينى زامان جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم بىر كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ، ئۇنى بىلىشكە ئىمكانىيەتلەر تۇغدۇرىدۇ.

داستانلاردىكى ھالقىلىق يەرلەردە مۇنازىرىدىن پايدىلىنىش «قۇتادغۇبىلىك»تىن كېيىن يېزىلغان بىر قاتار داستانلاردا ئىزچىل قوللىنىپ كېلىنگەن بىر خىل شەكىل. بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئۇلۇغ شائىر ناۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىكى خۇسرەۋ بىلەن پەرھادنىڭ ئۆتكۈر ئىبارىلەر بىلەن تولغان سۆھبەتلىرى، يەنى كەسكىن مۇنازىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن بايانلاردىن كۆرۈۋالالايمىز. پەرھاد چىن‌ماچىن (خوتەن) شاھزادىسى بولۇپ، چېچەن، بىلىملىك، ھۈنەر ۋە ھەربىي ماھارەتكە پىششىق، ۋاپادار، جىگەرلىك يىگىت. ئۇ گۈزەل ۋە ئەقىللىق قىز شىرىننىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قاتتىق مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، تاغ يېرىپ، ئۆستەڭ چېپىپ

---

① ئا. فون. گاباين (گېرمانىيە): «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 - يىللىق 3 - سان.

② ئى. يۈسۈپ، ئا. خوجا، د. قەمبىرى نەشرگە تەييارلىغان «مايتىرى سىمىت» I توم «كىرىش سۆز» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.

سۇ باشلاپ، ئەرمەن ئېلىنى باغۇ - بوستانغا ئايلاد-
دۇرۇش ھېسابىغا گۈزەل ئارزۇ - ئارمىنىغا يەت-
مەكچى، يەنى شېرىن بىلەن توي قىلماقچى بول-
دۇ. خۇسرەۋ قېرىنىمىغا قارىماي، ئەرمەن ئېلىنى
زورلۇق بىلەن ئىشغال قىلىپ، شېرىننى مەجبۇر-
لاش ھېسابىغا ئۆز ئىختىيارىغا ئالماقچى بولىدۇ.
پەرھادنىڭ مۇنازىرە جەريانىدا ئېيتقان سۆزلىرىدىن
ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە، ئاق
كۆڭۈل، يىراقنى كۆرەر، ئىشچان، ئىنسانپەرۋەر-
لىك روھقا ئىگە يىگىت ئىكەنلىكى بىلىنىپ، كە-
شىلەردە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى
قوزغاتسا، خۇسرەۋنىڭ سۆزلىرىدىن قوۋ، مۇستە-
بىت، قارا نىيەت، شەخسىيەتچى بىر ئادەمنىڭ
ئوبرازى ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن، داستاندىكى ئا-
ساسلىق ئوبراز ھېسابلانغان بۇ پېرسوناژلارنىڭ
مۇنازىرىلىرى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بې-
رىشتە ئۈنۈملۈك بىر ۋاستە بولۇپ قالماستىن،
بەلكى پۈتۈن داستان سەھىپىسىدىمۇ ئەڭ تەسىر-
لىك تەپسىلات سۈپىتىدە كىتابخان قەلبىنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىدۇ.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «زادۇل نەجاد» ناملىق
ئەسىرىدىمۇ مۇدبىر خۇدبىن بىلەن مۇقبىل رۇشەن-
دىل دېگەن ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە
(سوئال - جاۋاب) ئارقىلىق شائىرنىڭ ئاساسىي
غايىسى، يەنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مەردلىك
بىلەن نامەردلىك، جاھىللىق بىلەن مۇرۇۋۋەتلىك،
ساپ دىللىق بىلەن پاسىقلىق، تىرىشچانلىق بىلەن
يالقاۋلىق، ئۈمىدۋارلىق بىلەن چۈشكۈنلۈك، دانا-
لىق بىلەن نادانلىق، پاكلىق بىلەن ناپاكلىق توغ-
رىسىدىكى قاراشلىرى نەزم ۋە نەسرىي ئۇسۇلدا،
پەندى - نەسىھەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەملەر ئوبرازى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ
مەنبەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈر-
سەك، مىلادى 717 - يىلى تىكلەنگەن «تونيۇقۇق
مەڭگۈ تېشى»نى تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. بۇنىڭ
بىرمۇنچە جايلىرى دىئالوگلۇق جۈملىلەر بىلەن با-
يان قىلىنغان. بۇ ئۆزىدىن كېيىنكى خېلى بىر
قىسىم ئەسەرلەرگە تەسىر قىلغان.

مۇنازىرە شەكلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىر
قەدەر كەڭ قوللىنىلغان. بۇ ئادەتتە «ئېيتىشىش»
دەپ ئاتالغان. ئېيتىشىش پائالىيىتىدە خۇددى
مەشرەپكە ئوخشاش بىر يۇرت كىشىلىرى بىر سو-
رۇنغا جەم بولۇپ، خۇددى ئويۇن قويغاندەك قىز
- يىگىت ياكى بىر ئەر، بىر ئايال ۋە ياكى ئەرلەر
بىلەن ئەرلەر، ئاياللار بىلەن ئاياللار ئۆزئارا ئېي-
تىشىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدا ئىك-
كى تەرەپ ئۆزىنىڭ زېھنى، سۆز ماھارىتى ۋە
ھەرىكەت - قىياپىتى ھەم كۈچ - قۇۋۋىتىنى تولۇق
ئىشقا سېلىپ، قارشى تەرەپنى چۆكۈرىدىغان،
مەسخىرە قىلىدىغان، ئېيىپ - نۇقسانلىرىنى ئې-
چىپ تاشلايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ، بۇ يېڭىش ۋە
يېڭىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئېيتىشىش شېئىر
ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىك-
كى تەرەپ ئېيتقان قوشاق - بېيىتلار قاپىيىداش،
ۋەزىنداش ۋە مەزمۇنداش بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.
بۇ خىل ئادەت ئىلى ئۇيغۇرلىرى، قۇمۇل ئۇيغۇر-
لىرى، دولان ئۇيغۇرلىرى ۋە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى
ئارىسىدا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانغان.

**ئىككىنچى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، ھەر خىل شەيئىلەر ۋە ھايۋانلار ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر.**

تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى مۇنازىرە
شەكلىگە مەنسۇپ ئەسەرلەردىن «قىش بىلەن ياز-
نىڭ مۇنازىرىسى» تارىخىنىڭ قەدىمىيلىكى، مەز-
مۇنىنىڭ قىزىقارلىقلىقى ۋە كۈچلۈك مىللىي ئالا-
ھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئەدەبىياتشۇناس-
لارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. بۇ تۆتلۈك-
تىن ئون كۇپلېت بولۇپ، بۇ خىل شەكىلنى
«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھەرقايسى بابلىرىدىمۇ
ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىر كۇپلېتى مۇنداق:

Yay ⱪix bilə ⱪarixti,
ərdəm yasin ⱪurixti.
qərk tutup kürəxti,
Oⱪta ali θtrüxür.

(يەشمىسى: ياز قىش بىلەن قېرىشتى، ئۇلار
ھۆنەر ياسىنى قۇرۇپ، بىر بىرى بىلەن سەپ تار-
تىپ كۈرەش قىلدى، بىر بىرىنى ئوقتا ئۇتماقچى
بولىشىۋاتىدۇ.)

دېمەك، بۇ شېئىردا ياز بىلەن قىش ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشىپ، بىر بىرىنىڭ يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، مەيلى ياز بولسۇن، مەيلى قىش بولسۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئارتۇقچىلىق، ئەۋزەل تەرەپلىرى بار. بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورلىرى ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر سۆھبەتلىرى ئارقىلىق نۇقسانسىز نەرسىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ ھەم يوق ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق يوسۇندا تەسۋىرلەيدۇ، قىش بىلەن يازغا ئىجتىمائىي تۈس، ئادىمىيلىك خاراكتېر بەخش ئېتىدۇ.

XIV — XV ئەسىرلەردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان بىرقانچە پارچە مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەر بارلىققا كەلدى. بۇلار «سازلار مۇنازىرىسى»، «ئوق ۋە يا»، «بەڭ ۋە چاغىر» (نەشە بىلەن مەي) دىن ئىبارەت.

«سازلار مۇنازىرىسى» ئەھمەدى دېگەن بىر شائىرنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇ XV ئەسىردە ياشىغان، بۇ ئەسەر XVI بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ خەلق قوشاقلىرى ۋەزنىگە يېقىن. شائىر بۇ داستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى بىرقانچە چالغۇ ئەسۋابنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سالىدۇ. بۇ مۇنازىرە دەسلەپ تەمبۇردىن باشلىنىدۇ. يالغانچى، ماختانچاق، تۆھمەتخور، ئۇرۇشقاق قاتارلىق سۈپەتلەرگە ئىگە قىلىنىپ، جانلاندۇرۇلغان تەمبۇر مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنىڭ بىر تەرىپىدە، باشقا چالغۇ ئەسۋابلار قارشى تەرەپتە تۇرىدۇ. تەمبۇرنىڭ قاتتىق ئىبارىلىك سۆزلىرىدىن ئازار يېگەن باشقا چالغۇ ئەسۋابلار ئۆزىنى ئۇنىڭدىن چەتكە ئالىدۇ. چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ غەۋغالىرىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەن پىر بۇ جاڭجالنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىپ يېتىپ، تەمبۇرغا ئۇنىڭ باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرىسىز كۈن كەچۈرەلمەيدىغانلىقى، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىشى لازىملىقى توغرىلىق نەسىھەت قىلىدۇ. تەمبۇر بۇنى ئاڭلاپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدۇ، باشقا چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. چالغۇ ئەسۋابلار ئارىسىدا ئىناقلىق - ئۆملۈك كەيپىياتى تىكلىنىدۇ. دېمەك، بۇ داستان ئەلگىلىك بىر ئىدىيىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، شائىرنىڭ ئەسەردە ئوتتۇرىغا چىقارغان پېرسوناژلىرى يېڭى، چالغۇ ئەسۋابلارنى سىمۋوللۇق ئوبراز قىلىپ تاللاش ئەھمەدى ئىجادىيىتىدىكى بىر ناۋاتورلۇق. شائىر بۇ ئوبرازلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشتا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان چېقىشالماسلىق، مەنمەنچىلىك، بىشەملىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ ساۋىداپ، زىيانلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ باراۋەرلىك، بىرلىك، ئۆملۈككە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق پىكىرلەر ئاساسىدا تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. ئەھمەدىنىڭ يەنە بىر ئەھمىيەتلىك ئىشى شۇكى، ئۇ قوبۇز، كۆڭگۈرە، يوتۇغان قاتارلىق قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلارنى ئۆز ئەسىرىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن.

«بەڭ ۋە چاغىر» XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ماۋارەئۈننەھرىدە ياشىغان يۈسۈپ ئەمىرى دېگەن شائىرنىڭ ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر نەسىر، نەزم ئارىلاش يېزىلغان. بىر قىسىم نەزمىلەرنىڭ بەزى مىسرالىرى پارسچە يېزىلغاندىن باشقا، قالغانلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

داستاندىكى بەڭ (نەشە) يېشىل كىيىم كىيگەن تەركىي دۇنيا سوپى، دەرۋىش سۈپىتىدە، مەي قىزىل كىيىم كىيگەن پالۋان يىگىت قىياپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىنى داڭلاپ، قارشى تەرەپنى چۆكۈرۈش، ھاقارەتلەش داۋامىدا «قۇرئان»غا ۋە شەرقنىڭ داڭلىق مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئاساسلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا مەي: «... تاشقى شەكلىمىز ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئىچكى ماھىيىتىمىز ئوخشاشتۇر ...، مېنىڭ خاسىيىتىم يۈزنى قىزارتماقتۇر ۋە سېنىڭ ئادىتىڭ سارغايتماقتۇر» دەيدۇ. بەڭ خۇش بولۇپ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

«ئوق ۋە يا» يەقىنى دېگەن شائىرنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ XV ئەسىردە ماۋارەئۇننەھردە ياشىغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. ناۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە يەقىنىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. يەقىنى «ئوق ۋە يا» ناملىق داستانىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان، يەنە ئايرىم جايلاردا پارسچە شېئىرلارنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتكەن.

شائىر بۇ داستاندا قەددى ئېگىلگەن چال — يا بىلەن قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ئوقنى مۇنازىرىلەشتۈرىدۇ. ئوقنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمران قارا كۈچلەرنىڭ گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىغا ئېغىر جەبرى زۇلۇم ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق ئوقنىڭ يا بىلەن بولغان ئۆتكۈر زىددىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئاخىرى ئوقنى غالىپ ئورۇنغا چىقىرىدۇ. شائىر مۇنازىرىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق تۈگەللەيدۇ:

«بۇ مۇنازىرىدىن مەقسەت ئۇلكىم، بۇ دەۋرنىڭ كاج تەئبىلەرنىڭ قاشىدا ھەركىم يادەك ئەگرى بولسا، يانلىرىدىن يىراق بولماس ۋە ھەركىم ئوقتەك راست بولۇپ تۈز يۇرسە، يەقىنىدەك يىراق تۈشەر».

بۇ بايانلار يەقىنىنىڭ ئىلغار پىكرىگە، خەلقچىللىق روھىغا ئىگە شائىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىر ناھەقچىلىق، قاتتىق زۇلۇمنى ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. مۇستەبىت، ئاچكۆز ھۆكۈمران كۈچلەرنى ئەگرى يا تىمسالىدا مەسخىرە قىلسا، دەھشەتلىك ئېغىرچىلىق، ئازاب - ئوقۇبەت دەستىدە خارلانغان ھوقۇقسىز ئاددىي پۇقرالارنى مەزمۇت، قامەتلىك ئوققا ئوخشىتىپ، ئۇلارغا سەممىمي ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

بەزىلەر يەقىنى بۇ داستاندىكى ئوق ۋە يا ئوبرازىنى «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»دىكى ئوق ۋە يا تەسۋىرىدىن ئالغان دەپ قارايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، شائىرنىڭ بۇ داستانىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىشلەپچىقىرىش شۇنداقلا ئۇرۇش قوراللىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ يەنى جانلاندۇرۇپ كۆرسىتىپ، ئۇنى ئىجتىمائىي قىياپەتكە ئىگە قىلىشتا نەمۇنىلىك رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، ھايۋان، ئۇچار قۇشلارنى ئوبراز قىلىپ ئالغان مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەر.**

بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرگە ناۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير»، يۈسۈپ خوتەنىنىڭ «مەنتىقۇتتەير»، سەبۇرىنىڭ «ماقالات»، خىسلەتنىڭ «مۈشۈك بىلەن چاشقان» ۋە «ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ناۋائى 1498 — 1499 - يىللىرى يازغان «لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق داستانىنى يېزىشقا باشلىغىنىدا مۇنازىرە شەكلىگە مۇراجەت قىلىدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويىماقچى بولغان ئاساسىي كۆز قارىشىنىڭ تۈگۈنىنى ئاچىدۇ، نەسرىي يەشمىسى:

بىر كۈنى باغ - گۈلىستان، دېڭىز ۋە باياۋاندىكى قۇشلار بىر ئورۇنغا يىغىلىپ، سۆھبەت قۇرىدۇ. ئولتۇرۇشتا قۇشلار ئۆزلىرىگە لايىق ئورۇندا ئەمەس، ئۇدۇل كەلگەن ئورۇندا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، يۇقىرى - تۆۋەنلىك توغرىسىدا مۇنازىرە، تالاش - تارتىش كېلىپ چىقىدۇ، قۇشلارنىڭ ھەر بىر توپى ئۆزلىرىنى ئېزىز ۋە ئەقىللىق سانىسىمۇ، لېكىن ھەممە ئەقىللىقلارغا باش بولغىدەك بىر شاھ قۇشقا ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. شۇ چاغدا ئەقىللىق ھۆپۈپ كېلىپ سۇمۇرغنىڭ تەرىپىنى قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنىڭ غايەت مۈشكۈللۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ، قۇشلاردا سۇمۇرغقا زور قىزىقىش ئويغىنىدۇ ۋە سۇمۇرغنى تېپىش يولىدا ھۆپۈپنىڭ ئۆزلىرىگە باش بولۇشىنى ئىلتىماس قىلىشىدۇ.

ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى 1774 — 1775 - يىللىرى يازغان «مەنتىقۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق داستانىنى، قەشقەرلىك شائىر ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى 1842 — 1843 - يىللىرى يازغان «ماقالات» ناملىق ئەسىرىنى، ناۋائىنىڭ «لىسانۇتتەير» ئەسىرىنىڭ سيۇژىتىنى ماتېرىيال

قىلىپ يازغان بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي ئىدىيە ئوخشاش، ئەسەرنىڭ شەكلى ۋە ئۇسلۇبىدىمۇ پەرق چوڭ ئەمەس.

خىسلەت XIX ئەسىردە ياشىغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ «مۈشۈك بىلەن چاشقان» ناملىق داستانىدا مۈشۈك بىلەن چاشقاننىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئېلىشىشىنى ئاساسىي ئورۇندا، دە - تالاش، مۇنازىرىسىنى ئازراق تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتتىكى ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەرگە سىمۋول قىلىنغان بۇ ئوبرازلار خاراكتېرىدىن ئۆتكۈر زىددىيەتكە تولغان فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىقنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ.

«ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى»[1] خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق كىچىك بىر داستان بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئاپتورى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ئۇنىڭدا ئات بىلەن تۆگىنىڭ مۇنازىرىسى سۆزلەنگەن.

تۆتىنچى، يېمەك - ئىچمەك، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ نامى ئوبراز قىلىنغان ئەسەرلەر.

بۇ تۈردىكى ئەسەرلەر يۇقىرىقى ئەسەرلەرگە قارىغاندا كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇملىشىشى كەڭرەك، ئوبرازلىرى كۆپرەك، تەسىرى چوڭقۇرراق بولغان. بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرگە مەھزۇننىڭ «قوغۇنلار مۇنازىرىسى»، موللا نىيازنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «تائاملار مۇنازىرىسى»، ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ۋە «شەكەرىستان»، «داستۇرخاندىكى ماجىرا» قاتارلىقلار كىرىدۇ.

ئىسمائىل مەھزۇن XVIII ئەسىردە خوتەندە ياشىغان شائىر، ئۇنىڭ «دىۋانى مەھزۇن» ناملىق توپلىمىنىڭ ئاخىرىدا بىر داستان ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، ئۇنىڭغا «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» دەپ ئىسىم قويغان. بۇنىڭدا جەمئىي 19 خىل قوغۇن تۈرىنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ بىر - بىرىنى مەنسىتمەيدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، ئۆزلىرىنى بولسا تۇرداشلىرىغا قارىغاندا قابىل دەپ مەنمەنچىلىك قىلىدۇ. كېيىنچە «ھاشىمى» ئاتلىق قوغۇن پادىشاھلىققا سايلىنىپ، باشقىلىرى ھەر خىل ئەمەل - مەنسەپكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، قوغۇنلار ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن غەۋغالار بېسىقىپ، ئۇلار ئۆملۈك يولىغا ماڭىدۇ.

موللا نىياز تەخمىنەن XVIII — XIX ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ «دىۋانى نىيازى» ناملىق توپلىمىغا ئىككى داستان كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق داستان ئۆزىدىن كېيىن يېزىلغان ئەھمەد شاھ قاراقاشى (1750 — 1828) ۋە ئابدۇقادىر داموللام (1862 — 1924) نىڭ شۇ ناملىق داستانلىرىغا ماتېرىيال مەنبەسى بولغان. موللا نىياز بىلەن ئەھمەد شاھ قاراقاشىنىڭ داستانلىرىدا 14 خىل، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ داستانىدا 17 خىل مېۋە يەنى شىنجاڭدىكى مېۋىلىك باغلارنى تەشكىل قىلغۇچى ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، ياڭاق، ئانار، چىلان، بېھى، نەشپۈت، جىنەستە، قوغۇن، ئۈزۈم قاتارلىقلار ئۆز ئارا قاتتىق مۇنازىرىگە چۈشۈپ، بىر - بىرىدىن ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشىدۇ، باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەت كەسكىن تۈس ئالىدۇ، ئاقىۋەتتە خورما پادىشاھلىققا سايلىنىپ، جېدەل بېسىقىدۇ. بۇ داستانلاردىكى ئوبرازلار باش - باشتاق، مەنمەنچى، جېدەلخور، ئۆكتەم ئوبرازلار بولۇپ، نوپۇزلۇق، قابىلىيەتلىك بىرسى ئوتتۇرىغا چىقمىسا، ئۇلار ھەرگىزمۇ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارمايدۇ. شۇنىسى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇكى، مەزكۇر ئاپتورلار جېدەلخور مېۋىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئۆسىدىغان خورما مېۋىسىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىدۇ. مەلۇمكى، شىنجاڭدا ئەزەلدىن خورما چىقمايدۇ. شۇڭا، شىنجاڭلىق موسۇلمانلار ئەرەبىستانغا ھەجگە بېرىپ قايتىشىدا تەۋەررۈك سۈپىتىدە شۇ يەرنىڭ خورمىسىدىن ئالغاچ كېلىپ، ھاردۇق سوراپ كىرگەنلەرگە بىرەر تال بولسىمۇ تېتىپ بېقى-

① «خەزىنە» ۋە «مىراس» ژۇرنىلى، 1984 - يىللىق ئۇيغۇرچە 4 - سان.

شى ئۈچۈن ئالدىغا قويىدۇ. كىشىلەر گەرەبىستاننىڭ (ھەرەمنىڭ) خورمىسى دەپ ئۇنى مۇقەددەس بىلىدۇ. شائىرلار خەلق ئارىسىدىكى بۇ خىل ھېسسىياتتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلەرگە گەرەبىستاننىڭ خورمىسىنى شاھ قىلىپ، خورمىنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق يەرلىك ئۇرۇشقاق مېۋىلەرنى ئۆملەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن. بۇ، دىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشىغان ئاپتورلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ.

«شەكەرىستان» خەلق ئارىسىدا تارقالغان بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى يازما نۇسخىسىمۇ بار①. بۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاپتورلارنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق داستانلىرى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئوخشاش، ئەمما «شەكەرىستان»دا ئىككى ئۆزگىچىلىك ساقلانغان. ئۇنىڭ بىرى، بۇ داستاندا جەدەلخور مېۋىلەرگە خورما پادىشاھلىققا سايلىنىپ، ئۇلار ئىتتىپاقلاشتۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى پىياز ئۆزىنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى تارتىپ، ۋەزىنلىك، ياخشى گەپلىرىنى مارجاندەك تىزىپ، ئۆلپەتداشلىرىنى ئىناق، دوست بولۇپ ئۆتۈشكە دالالەت قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. يەنە بىرى، داستاندا مېۋە - چېۋىلەردىن باشقا قاپاق ۋە سەۋزە، چامغۇر، پىياز قاتارلىق ئوتياشلار، بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق، زىغىر، شال قاتارلىق زىرائەتلەرمۇ بۇ سوقى-سۆھبەتكە قاتناشتۇرۇلۇپ، ئوبرازلار كېڭەيتىلگەن.

موللا نىيازنىڭ يەنە بىر داستانى «تائاملار مۇنازىرىسى»دە ئۇيغۇرلارنىڭ تائام تۈرلىرى، يەنى قازان تائاملىرى بىلەن تونۇر تائاملىرىنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىشتىھاسىغا ماسلىشىش ماسلىشالماسلىق جەريانىدىكى مۇنازىرىسى قىزىقارلىق، تەسىرلىك بايان قىلىنغان.

«داستۇرخاندىكى ماجرا»② خەلق ئارىسىدا نەسرىي شەكىلدە تارقالغان لەتىپەسىمان چۆچەك بولۇپ، بۇمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر مۇنازىرە شەكلىدىكى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا چوڭ بىر سورۇنغا سېلىنغان داستىخان ئۈستىدىكى تائاملار، مېۋە- چېۋىلەر ۋە داستىخانغا ئالاقىدار بىر قاتار سايمان - ئەسۋابلارنىڭ مۇنازىرىسى بايان قىلىنىپ، مۇنازىرە ئاخىرى داستىخاندىكى بارلىق ناز - نېمەتلەرنىڭ قورساققا كىرگەندىن كېيىن ئارام ئېلىپ خاتىرجەم بولىدىغانلىقىدەك خۇلاسە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

**بەشىنچى، ھۈنەر - كەسىپلەرنى ئوبرازلاشتۇرغان ئەسەرلەر.**

ئۇيغۇر خەلقى يەنە ئۆزلىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى ماھىرلىقى، چېۋەرلىكى بىلەنمۇ مەشھۇر. ئەدىبلەر بۇ ھۈنەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بولغاچقا، بىرمۇنچە ئەسەرلەردە ھۈنەرۋەنلەر ۋە كەسىپلەرنىڭ يارقىن بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ جەھەتتە شائىر تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى گەۋدىلىك بولدى. ئۇنىڭ 1841 - يىلى يازغان «كىتابى غېرىب» ناملىق كىتابىنى مەزمۇنىغا ئاساسەن كىشىلەر «كەسىپلەر مۇنازىرىسى» دەپمۇ ئاتاپ كېلىشمەكتە. شائىرنىڭ 36 ماۋزۇ، 58 سوئال - جاۋابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2150 مىسرالىق بۇ كىتابى بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان 33 خىلدىن ئارتۇق ھۈنەر - كەسىپنىڭ بەس - مۇنازىرىسى ئارقىلىق، كاسىپلار ۋە كەسىپلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئۇلارنىڭ بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقى، ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكلىرى، ھەربىر كاسىپنىڭ ئۆز كەسپىگە تۇتقان مۇئامىلىلىرى چوڭقۇر ۋە ئوبرازلىق ھالدا بايان قىلىنىدۇ. غېرىبى ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، كەسىپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھەر خىل تەبىقىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلاھىي كۈچكە باغلاشتۇرسىمۇ، لېكىن ئىنسان ئەمگىكىنىڭ ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى، كىشىلەرنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى ئالاھىدە مەدھىيىلىگەنلىكى شائىرنىڭ دىنىي

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

② «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

خۇراپاتلىق ئىدىيىسىدىن ھالقىشقا ئىنتىلىۋاتقان خاھىشىنى بىلىشكە مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرىدۇ.

**ئالتىنچى، تىللار مۇنازىرىسىگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر.**

ئۇلۇغ شائىر ناۋائىينىڭ «مۇھاكىمەتۇللۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) ناملىق ئەسىرى 1499 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرمۇ ئومۇمىي نۇقتىدىن مۇھاكىمە- مۇنازىرە ژانىرىغا مەنسۇپ ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بىر قاتار ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئەسەرنىڭ ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنىڭدا مۇنازىرە ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلماستىن، بەلكى ئاپتور تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلىنى ئۆزئارا مۇھاكىمىگە قويۇپ، ئىلمىي مۇنازىرە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۇ تىللارنىڭ بىر بىرىگە نىسبەتەن ئارتۇقچىلىق، ئەۋزەللىكلىرىنى لىللا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ، كەمچىلىك، نۇقسانلىرىنىمۇ ئايىماي بايان قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۆز زامانىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «تۈركىي تىلدا ياخشى، سۈپەتلىك ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ» دېگەن بىمەنە قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، تۈركىي تىل بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شېئىرلارنى، ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى مەسئۇلىيەتچانلىق ھېسسىياتى بىلەن كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەسەر مۇنازىرە - مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچە بىر ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر- تۈركىي ئەدەبىياتى تارىخىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە.

**يەتتىنچى، جەننەت بىلەن دوزاقنىڭ مۇنازىرىسىگە بېغىشلانغان شېئىرلار.**

ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىيات تارىخىدا تەسەۋۋۇر پىكىرلىرىنى شېئىرىي مىسرالار بىلەن بايان قىلىنىپ، خاس ئىدىيىۋى سىستېما ياراتقان مەشھۇر شائىر ئەھمەد يەسەۋى (? 1005 — 1116) نىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق پەلسەپەۋى شېئىرلار توپلىمىدا «بېھىش دەۋزەخ تالاشور تالاشماقتا بايان بار» دېگەن قۇر بىلەن باشلانغان 26 مىسرالىق بىر غەزەل بار بولۇپ، بۇنىڭدا بېھىش (جەننەت) بىلەن دوزاخ بىر مەيدان كەسكىن مۇنازىرە ئېلىپ بارىدۇ. شائىر دوزاخ تىلىدىن زالىم پادىشاھلار، ئاچكۆز بېخىللار، مۇناپىقلار، بىنامازلار، زالىم قۇللار (قۇلدارلار بولسا كېرەك — نەقىلچىدىن) نىڭ دوزاخقا ماكانلىشىدىغانلىقى؛ پەيغەمبەرلەر، مۆمىن قۇللار (خەلق ئاممىسى)، ئالىملار، زاكىر قۇللار (ئاللانى سېغىنغۇچى قۇللار) نىڭ بېھىشكە كىرىپ، ئۇنىڭدىكى نازۇ - نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ قاتتىق مۇنازىرىدە دوزاخنىڭ ھەيۋىسى چوڭ، سۆزلىرى ئۆتكۈر بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى بېھىش ئۇتۇپ چىقىدۇ. بۇ شېئىردا شائىرنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلار، ئەزگۈچى قارا كۈچلەرگە قارىتا ئەيىبلەش مەيدانىدا تۇرغانلىقى، مۆمىن پۇقرالار، ئالىملار ۋە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى ئۇلۇغ كىشىلەرنى بولسا، قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقى بىلىنىپ①، كۈچلۈك سىياسىي نۇقتىئىنەزەر ئىپادىلەنگەن.

## 3

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى مۇنازىرە — مۇھاكىمە شەكلىگە مەنسۇپ بىر قاتار ئەسەرلەر ئىچىدە «سازلار مۇنازىرىسى»، «بەڭ ۋە چاغىر»، «ئوق ۋە يا»، «تاماقلار مۇنازىرىسى»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «قوغۇنلار مۇنازىرىسى» قاتارلىقلار چوڭقۇر دەۋر پۇرىقىغا، يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە، روشەن خائىشچانلىققا، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ ئورگانىك بىردەكلىكىگە شۇنداقلا كۈچلۈك سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئالغان.

شۇ نەرسە روشەنكى، بۇ ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن دەۋر فېئودالىزم جەمئىيىتى چىرىكلىشىشكە، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇۋاتقان، قانۇن، تەرتىپ بوشىشىپ كەتكەن، ئەكسىيەتچى مۇستەبىت دائىرىلەرنىڭ ئۆكتەملىكى، زورلۇق - زومبۇلۇقى، ئېكسپىلاتاتسىيىسى ھەددىدىن ئاشقان، تۈۋەن

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى (ئومۇمىي 16 - سان) 177 -، 178 - بەتلەر.

قاتلامدىكى مېھنەتكەش خەلق قاقتى - سوقتى قىلىنىپ، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ئېغىر كۈنلەر ئىدى. ئەھمىدى، يەقىنى، يۈسۈپ ئەمىرى قاتارلىقلار تۆمۈرلەر دۆلىتىنىڭ چىرىك سىياسىتى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى بارغانسېرى كەسكىنلەشتۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە ياشىغان بولسا، مەھزۇن، موللا نىياز، ئەھمەد شاھ، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسى زور دەرىجىدە ئېغىرلاشقان، يەرلىك مەمۇرىي، ھەربىي ۋە دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرىنىڭ قارا نىيىتى كۆچىيىپ، بالادەك نەپسى ھوقۇق - مەرتىۋە، پۇل - مال بىلەن تولدۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن چاغلار ئىدى. داستان ئاپتورلىرىنىڭ ياشىغان تارىخىي دەۋرلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي مۇھىتى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى، ئاشۇ جەمئىيەتتىن چىقارغان ئوبرازلىق خۇلاسىسى ۋە ئەقلىي يەكۈنى جەھەتتىن چوڭ پەرق يوق.

ئەدەبىياتشۇناسلارغا مەلۇمكى، ئەدەبىياتنىڭ جېنى چىنلىق. بىز تىلغا ئالغان يۇقىرىدىكى ئاپتورلارنىڭ ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋردىكى رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلىپ، ئەسەر يېزىشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. بۇ ئاپتورلار شۇ دەۋردىكى كىشىلىك ئەخلاقىي مەسىلىلەردىن تارتىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگىچە چوڭقۇر كۆزىتىش ئېلىپ بارغان.

يەقىنى «ئوق ۋە يا» ناملىق ئەسىرىدە تۆمۈرلەر دەۋرىدىكى فېئودال خانلارنىڭ ئۆز ئارا ھاكىمىيەت تالىشىش قانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلق بېشىغا ئېلىپ كەلگەن بالايى - ئاپەتنى ساتىرا قامچىسى ئاستىغا ئالغان بولسا، مەھزۇن، موللا نىياز، ئەھمەد شاھ، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى فېئودال ھاكىم بەگلەر، يەرلىك ۋاڭلار، خوجا تەبەقىسىدىكىلەر ۋە روھانىي كۈچلەرنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىنىڭ ئۇرۇشقا ئايلىنىپ، خەلق بېشىغا بالا - قازا ئېلىپ كەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر خانلىق — دۆلەت قۇرۇلۇشىدا ئەلنىڭ ئىلغار كۆز قاراش بىلەن مەركەزلەشكەن بىرلىك فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئېستېتىك غايىسىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى بىلەن ئۆز داستانلىرىدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنىڭ بىرىنچى ئۆلچىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان دېيىشكە بولىدۇ.

بەدىئىي ئەسەر ئەدىبلەرنىڭ رېئال ھاياتنى ئوبرازلىق تەپەككۇرى ئاساسىدا تىپىكلەشتۈرۈپ، قايتا ئەكس ئەتتۈرگەن كارتىنىدۇر. تۇرمۇشنى مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەدىبلەرنىڭ ئۆز جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي ئىمكانىيەتلىرىگە قاراپ، سىمۋوللۇق ئوبراز ۋە رېئال ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ كەلدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شائىرلار ياشىغان دەۋر تۆمۈرلەر دۆلىتى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىنتايىن چىرىكلەشكەن دەۋر بولۇپ، رېئال ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىدە يۈز بەرگە زۇلمەتلىك فېئودالللىق تۈزۈم ۋە ئىستىبدات جەمئىيەتنى پاش قىلىش، ئۇلارنى توغرىدىن توغرا ساتىرا ۋە يۇمۇر قامچىسى ئاستىدا ئېلىپ كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، سىمۋوللاشتۇرۇلغان نەرسىلەر ئوبرازى ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز ئېستېتىك غايىسىنى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، بۇ شائىرلار تاللىۋالغان بىر خىل ئىجادىيەت يولى بولۇپ قالغانىدى. سىمۋوللۇق ئوبراز يارىتىشنىڭ ھاياتىي كۈچى شۇكى، بۇ خىل ئۇسۇل شائىر - يازغۇچىلارغا، ھەرقانداق دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەردىمۇ، سىياسىي ئىستىبداتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان جەمئىيەتتىمۇ، ئەدىبلەر ئۆز جەمئىيىتىنىڭ رېئال چىنلىقىنى نىقابلاپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز ئېستېتىك غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. شۇڭا بۇ شائىرلارنىڭ بىر قاتار سىمۋوللۇق ئوبراز مۇنازىرىسى ئارقىلىق ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى شۇنداقلا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچكى

قىسمىدىكى ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشقانلىقىنى بۇ شائىرلارنىڭ جاسارىتى دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنىڭ بۇ ھەقىقىي تەرىپىنى، چىنلىق بىلەن ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرەلىگەنلىكىنى بۇ داستانلاردىكى يۈكسەك بەدىئىيلىكنىڭ نەتىجىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

بۇ داستانلاردىكى سىمۋوللۇق ئوبرازلار روشەن تىپىكلىككە ئىگە. ئۇلاردىكى ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك فېئودال مەنسەپپەرەسلىك ئىللەتلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، بۇ خىل خاراكتېر روشەن ھالدا ئىندىۋىدۇئاللاشقان.

«قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى»، «ئوق ۋە يا»، «بەڭ ۋە چاغىر»، «سازلار مۇنازىرىسى»، «تاماقلار مۇنازىرىسى»، «قوغۇنلار مۇنازىرىسى»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «شەكەرىستان» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە سيۇژېت ئىخچاملىقىغا، بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەللىككە، ئەسەرلەرنىڭ پېرسوناژ ئوبرازلىرى روشەن خاھىشچانلىققا ئىگە قىلىنغان، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكلى ئۆزئارا زىچ ماسلاشقان.

بۇ داستانلارنىڭ ھەممىسى جانلىق خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق داستانىنىڭ غەزەل شەكلىدە يېزىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان داستانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوشاق، مەسنەۋىي شەكلىدە يەڭگىل، ئەپچىل، جانلىق ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان. سۆز جۈملىلەر ئېنىق، چۈشىنىشلىك، بەدىئىي بويىقى قېنىق، ئىستىلىستىك ۋاستىلەرگە باي ئوبرازلىق تىللار بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ پىشقان بەدىئىي تىل پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى كومپلېكس (زىددىيەت - توقۇنۇشى) نى تولۇق ئاشكارىلاپ، ئېستېتىك غايىسىنى روشەن نامايان قىلىپ كىتابخانلارغا يەتكۈزۈشتە ياخشى خىزمەت قىلغان.

بۇ داستانلار تىلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلاردا چەت ئەل تىللىرى بولۇپمۇ ئەرەب، پارسچە سۆز ئاتالغۇلار يوق دېيەرلىك ياكى بەك ئاز بولۇپ، ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. بىرمۇنچىلىرىدا مېۋە - چېۋىلەر، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ھۈنەر - كەسىپ ناملىرى، بەزى زىرائەتلەرنىڭ ناملىرى يازما ھالەتتە ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتىمۇ ماتېرىياللىق قىممىتى بار.

مۇنازىرە شەكلىدە يېزىلغان بۇ داستانلاردىكى ئېپىك بايانلارغا شائىرلارنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنىڭ سىڭدۈرۈلۈشى، داستانلاردا قىزىقارلىق بەدىئىي مۇھىتنى يارىتىش، كىتابخانلارنى شۇ بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە ئىختىيارسىز جەلپ قىلىش، بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تەسىرچانلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن دېيىش پاكىتقا ئۇيغۇن.

## 4

مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆزگىچە ئېچىلغان ئېسىل بىر دەستە گۈل. ئۇ 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى خۇش پۇراق چېچىپ، نۇرغۇن ئەدەبىياتخۇمار كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلدى. رەڭگارەڭ ئوبرازلارنى يارىتىپ، تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر تەرەپلىرىنى، ئىنچىكە جايلىرىنى چېۋەرلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈردى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە ئىلمىي مەسىلىلەرگىچە بولغان ساھەلەرنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسى قىلدى. ئادەم، ھايۋان قاتارلىق جانلىق نەرسىلەردىن تارتىپ، جانسىز نەرسىلەرگىچە، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن تارتىپ ئۆسۈملۈكلەرگىچە بولغان بارلىق ئوبيېكتلارنى ئوبراز يارىتىش دېتالى — ئېلېمېنتلىرى قىلىپ ئالدى. تۇرمۇشنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈ-

رۇشتە رېئال ئوبرازلارغا تايىنىپ قالماستىن، بەلكى دەۋر تەلىپى نۇقتىسىدىن مەجازى يەنى سىمۋوللاشقان ئوبرازلار ئارقىلىق يۇقىرىدالغان هالدا سۈرەتلىدى. بۇلاردا سىمۋولىزم بىلەن رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى تولىمۇ ماسلاشقان هالدا ئىجادىيەتكە تەتبىقلاندى. بۇلارنىڭ هەممىسى بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئۈرنىكى بولۇشقا مۇناسىپ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى)، I توم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى.

2. ش. ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى.

3. ش. ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، ئىككى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى نەشرى.

4. ئىمىنجان ئەھمىدى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.

5. غ. ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» ئىككى قىسىم، 1996 - يىلى مىق مەتبەئە نۇسخا.

6. ۋ. غوپۇر، ئە. هوشيون: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 1982 - يىلى مىق مەتبەئە نۇسخا، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى نەشرى.

7. ھ. ئەھمەد «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 -، 1990 - يىللىرى نەشرى.

8. ب. ئەرشىدىنوۋ: «ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئىجادىدا داستان ژانىرى»، قازاقىستان «نائۇكا» (پەن) نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى.

9. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى هوزورىدا تۈزۈلگەن)، قازاقىستان «نائۇكا» (پەن) نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

10. جۇشاۋزۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت ئەربابلىرى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

11. ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە ژانىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىللىق 1 - سان.

12. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىدىكى ژانىرلار» قازاقىستان «نائۇكا» نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە

ئوسمان ئىسمائىل*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇرلار ئۇزاق تىجارەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت، ئۇلار قەدىمكى يىپەك يولىنى مەركەز قىلىپ، يەر شارىنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىي ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سودا پائالىيەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغان، شۇنداقلا نەچچە مىڭ يىللىق سودا ئەمەلىيىتىدە قىممەتلىك بىلىم تەجرىبىلەرگە ۋە ئۆزىگە خاس تىجارەت قارىشىغا ئىگە بولغان، بۇ خىل قاراشلارنىڭ بىر قىسمى ئۇلارنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلانغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ماقالىدە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت تارىخى، تىجارەت ئەنئەنىسى، تىجارەت بىلىملىرى ۋە تىجارەت كۆز قاراشلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要**：维吾尔族是具有经商传统的民族，古代他们在丝绸之路的商贸活动中发挥过重要作用，积累了经验，形成了他们所特有的经营观。这种观念在民间文学作品中多有表现。本文拟从民间文学角度观察维吾尔族商贸活动的历史、经商传统、经营知识和经营观。

**Abstract**: Uighur has a long history of commercial tradition. Taking the Silk Road as center, they played an important part in trade betwen east and west, accumulated valuable experiences and developed their distinctive management concept. This kind of conception is expressed in folklore as the crystallization of their wisdom, the article, from the angle of folk literature chiefly discusses Uighur's trade history, tradition, knowledge and trade viewpoint.

## 1. سودا - تىجارەت ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى

تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە سودىگەرچىلىك ئىنسانىيەت جەمئىيىتى پەيدا بولغاندىلا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ بەلگىلىك تارىخىي باسقۇچىدىكى ھادىسە-

* ئوسمان ئىسمائىل: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

دۇر.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. كىشىلەر ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلىپ، ئورتاق ئەمگەك قىلاتتى، ئېرىشكەن چەكلىك ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىمۇ ئورتاق تەقسىم قىلىپ ھەممىنى ئىستېمال قىلىپ تۈگىتەتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە ئارتۇقچە مەھسۇلات يوق ئىدى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ دەۋردە سودىگەرچىلىك مەۋجۇت بولمىغان.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق بىر مەزگىللىك تەرەققىياتىدىن كېيىن ئوۋچىلىق ئەمگىكى جەريانىدا ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش ۋە بېقىش ئىشلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا ھايۋان بېقىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس كىشىلەر پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا كىشىلەر زىرائەت تېرىپ ئۆستۈرۈشنى ئۆگىنىۋالدى ۋە مەخسۇس تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرمۇ بارلىققا كەلدى. چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت مۇنداق ئىش تۈرلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئايرىلىپ چىقىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنە بىر قەدەم تەرەققىي قىلىشى بىلەن مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنىپ، تۆمۈر قوراللار كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇ ھال ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى راۋاجلىنىپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقتى. مانا بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتىدۇر. ئىككىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلار يەنى تاۋار پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن تاۋارلار كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلدى ۋە كۆپلەپ ئالماشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى مەيدانغا كەلتۈردى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بولسا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى پەيدا قىلدى.

تاۋار ئالماشتۇرۇش — ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇشىدۇر. تارىختىن بۇيان تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۈچ خىل شەكلى قوللىنىلدى.

### (1) نەرسىگە نەرسە ئالماشتۇرۇش

بۇنىڭدا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتى بىۋاسىتە ھالدا ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۇ «تاۋار — تاۋار» شەكلىدە بولىدۇ. بۇنداق ئالماشتۇرۇشتا تاۋارلار بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپلا ئىستېمال ساھەسىگە كىرىدۇ. قىممەتنىڭ ئالمىشىشى ۋە رېئاللىشىشى بىرلا ۋاقىتتا ۋە بىرلا ئورۇندا ئورۇندىلىدۇ. تاۋار ئالماشتۇرىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ ھەر ئىككىسى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە ھېچقانداق ۋاسىتە بولمايدۇ. نەرسىگە نەرسە ئالماشتۇرۇشتا تاۋارنىڭ قىممىتى تەسادىپىي بېكىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا تەڭ قىممەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

## (2) پۇل ۋاسىتە قىلىنغان ئاددىي تاۋار ئوبوروتى

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتىدىن كېيىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەسادىپىي ئالماشتۇرۇش دائىملىق ئالماشتۇرۇشقا، بىۋاسىتە ھالدىكى نەرسىگە نەرسە ئالماشتۇرۇش پۇل ۋاسىتە قىلىنغان تاۋار ئوبوروتىغا تەرەققىي قىلدى. بۇ خىل تاۋار ئالماشتۇرۇش «تاۋار ← پۇل ← تاۋار» شەكلىدە بولىدۇ. يەنى تاۋار پۇلغا ئالماشتۇرۇلۇپ ئاندىن پۇل يەنە تاۋارغا ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئىككى قېتىم ئالماشتۇرۇلغاندىلا ئاندىن ئالماشتۇرۇش جەريانى تاماملىنىدۇ، ئىككى قېتىملىق ئالماشتۇرۇش جەريانىغا ئۈچىنچى بىر شەخس قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپ خىل ئالماشتۇرۇشنىڭ دەۋرىلىنىشى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ — بىر تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ سېتىشى يەنە بىر تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ سېتىۋېلىشى ھېسابلىنىدۇ، بىر تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ سېتىش ۋە سېتىۋېلىش جەريانى بىلەن نۇرغۇنلىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ سېتىش ۋە سېتىۋېلىش جەريانى ئۆزئارا باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى پۇل ۋاسىتىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## (3) تەرەققىي تاپقان تاۋار ئوبوروتى

ئېنگېلس: «ئۈچىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى سودىگەردىن ئىبارەت بىر ئالاھىدە سىنىپنى مەيدانغا كەلتۈردى»① دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ، بولۇپمۇ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن، مەخسۇس سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيدا بولدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سودا پائالىيەتلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئىش تۈرى بولۇپ شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتى مەيدانغا كېلىپ تاۋار ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇ خىل تەرەققىي تاپقان تاۋار ئوبوروتى «پۇل ← تاۋار ← پۇل» شەكلىدە بولىدۇ. يەنى ئۇ سېتىۋېلىشتىن باشلىنىپ سېتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، پۇل بىلەن باشلىنىپ پۇل بىلەن تۈگەيدۇ. ئوتتۇرىدا تاۋار ۋاسىتىچى بولىدۇ. پۇل چىقىرىپ تاۋار سېتىۋېلىشتىكى مەقسەت تېخىمۇ كۆپ پۇلنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈندۇر. شۇڭا سېتىش ئۈچۈن سېتىۋېلىش بولىدۇ، سېتىۋېلىش ۋاسىتە، سېتىش مەقسەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تاۋار ئالماشتۇرۇشتا سودىگەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋاسىتىلىق مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، تەرەققىي تاپقان تاۋار ئوبوروتى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن «ئىشلەپچىقارغۇچىلار ← سودىگەرلەر ← ئىستېمالچىلار» شەكلىدىكى مۇناسىۋەت پەيدا بولدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ بۇ باسقۇچىدا ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن سودىگەرلەر، سودىگەرلەر بىلەن ئىستېمالچىلار ۋە سودىگەرلەر بىلەن سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكىللەندى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۈچ خىل شەكلى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان سودا - تىجارەتنىڭ پەيدا بولۇش ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە سودا - تىجارەتنىڭ ئېلىپ - سېتىش تىجارىتى، سودا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياردەمچى تىجارەت ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى تىجارەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكلى تارىخ-

تىن بۇيان ئىنتايىن كەڭ تەرەققىي قىلغان. ئەمما، ۋاستىلىق ھالدا سودا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بانكا كەسپى، ئىستراخوۋانىيە كەسپى ۋە سودا ۋاستىچىلىقى بولسا ئانچە كۆپ تەرەققىي قىلالمىغان. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى يەنىلا مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن: بانكىنىڭ رولىنى ئۈستىگە ئالغان قەرز ئىگىلىرى (جازانىخورلار) ۋە ئۇلار ئاچقان گۆرۈخانا (رەنىخانا)، سودا ۋاستىچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان بىدىكلەر گەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

سودا - تىجارەت كەسپىنىڭ جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن چوڭ. مەلۇمكى، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانى — ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمالدىن ئىبارەت تۆت ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. سودا - تىجارەت ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ئالماشتۇرۇش بولسا — جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى (ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تەقسىمات) بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىدۇر. ئۇنىڭ بىر بېشى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات بىلەن باغلانسا، يەنە بىر بېشى ئىستېمال بىلەن باغلىنىدۇ.

دېمەك، سودا - تىجارەت پائالىيىتى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۆۋرۈكى، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر خىل ئامىللىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم بىر ھالقا. شۇڭا مەدەنىيلەشكەن بىر جەمئىيەتتە سودا - تىجارەت بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا تارىخىغا بىر نەزەر

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن 5 مىڭ يىل بۇرۇنلا شىنجاڭدا ئىشلەنگەن قاشتاش بۇيۇملىرى ئىچكىرى رايونلاردا سېتىلىشقا باشلىغان ② شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ قاشتاشنى ئاساس قىلغان بۇنداق سودا پائالىيىتى خەن دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، تىجارەتنىڭ كۆلىمى ۋە دائىرىسى مىسلىسىز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، بىر ئاۋات مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تەتقىقاتچى ليۇزىشياۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پەقەت چاڭئەن شەھىرىدىكى سودىگەرلىرىلا بىرقانچە مىڭ كىشىگە يەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ساراي ئاچتى، بەزىلىرى كاۋاپچىلىق قىلدى، بەزىلىرى بولسا جازانىخورلۇق قىلدى. چاڭئەندە نۇرغۇن بەگزادىلەر ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن يات يۇرتنىڭ غەلىتە ۋە نادىر نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىش ياكى پۇل قەرز ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن قويۇق بېرىش كېلىش قىلدى»③. ئۇيغۇرلار يالغۇز چاڭئەندىلا ئەمەس، بەلكى لوياڭ، داتوڭ، خىياڭ، جىڭياڭ، ياڭجۇ قاتارلىق داڭلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە سودا سارايلىرىنى ئېچىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇيغۇرلار بۇ ۋاقىتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاسان ئات ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ يەردىن كىمخاپ، دۇردۇن، شايى ۋە چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ گىلەم، ئەتلەس قاتارلىق تاۋارلىرى بىلەن قوشۇپ، غەربتىكى دېھلى، تېھران، باغدات، قاھىرە، دەمەشق قاتارلىق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ساتقان. شۇنداقلا ئۇ جايلارنىڭ مەرۋايىت، ياقۇت، پىلە چىشى، ئەينەك، دورا - دەرمان قاتارلىق نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىپ شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى رايونلارغا ئاپىرىپ ساتقان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاھالىسى بۆلۈنۈپ چىقىپ باشقا جايدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىگە قوشۇلۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار

## (2) پۇل ۋاسىتە قىلىنغان ئاددىي تاۋار ئوبوروتى

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتىدىن كېيىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەسادىپىي ئالماشتۇرۇش دائىملىق ئالماشتۇرۇشقا، بىۋاسىتە ھالدىكى نەرسىگە نەرسە ئالماشتۇرۇش پۇل ۋاسىتە قىلىنغان تاۋار ئوبوروتىغا تەرەققىي قىلدى. بۇ خىل تاۋار ئالماشتۇرۇش «تاۋار ← پۇل ← تاۋار» شەكلىدە بولىدۇ. يەنى تاۋار پۇلغا ئالماشتۇرۇلۇپ ئاندىن پۇل يەنە تاۋارغا ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئىككى قېتىم ئالماشتۇرۇلغاندىلا ئاندىن ئالماشتۇرۇش جەريانى تاماملىنىدۇ، ئىككى قېتىملىق ئالماشتۇرۇش جەريانىغا ئۈچىنچى بىر شەخس قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپ خىل ئالماشتۇرۇشنىڭ دەۋرلىنىشى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ — بىر تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ سېتىشى يەنە بىر تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ سېتىۋېلىشى ھېسابلىنىدۇ، بىر تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ سېتىش ۋە سېتىۋېلىش جەريانى بىلەن نۇرغۇنلىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ سېتىش ۋە سېتىۋېلىش جەريانى ئۆزئارا باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى پۇل ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## (3) تەرەققىي تاپقان تاۋار ئوبوروتى

ئېنگېلس: «ئۈچىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى سودىگەردىن ئىبارەت بىر ئالاھىدە سىنىپنى مەيدانغا كەلتۈردى»① دەپ كۆرسەتتى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ، بولۇپمۇ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن، مەخسۇس سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيدا بولدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سودا پائالىيەتلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئىش تۈرى بولۇپ شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتى مەيدانغا كېلىپ تاۋار ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇ خىل تەرەققىي تاپقان تاۋار ئوبوروتى «پۇل ← تاۋار ← پۇل» شەكلىدە بولىدۇ. يەنى ئۇ سېتىۋېلىشتىن باشلىنىپ سېتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، پۇل بىلەن باشلىنىپ پۇل بىلەن تۈگەيدۇ. ئوتتۇرىدا تاۋار ۋاسىتىچى بولىدۇ. پۇل چىقىرىپ تاۋار سېتىۋېلىشتىكى مەقسەت تېخىمۇ كۆپ پۇلنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈندۇر. شۇڭا سېتىش ئۈچۈن سېتىۋېلىش بولىدۇ، سېتىۋېلىش ۋاسىتە، سېتىش مەقسەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تاۋار ئالماشتۇرۇشتا سودىگەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋاستىلىق مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، تەرەققىي تاپقان تاۋار ئوبوروتى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن «ئىشلەپچىقارغۇچىلار ← سودىگەرلەر ← ئىستېمالچىلار» شەكلىدىكى مۇناسىۋەت پەيدا بولدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ بۇ باسقۇچىدا ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن سودىگەرلەر، سودىگەرلەر بىلەن ئىستېمالچىلار ۋە سودىگەرلەر بىلەن سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكىللەندى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۈچ خىل شەكلى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان سودا - تىجارەتنىڭ پەيدا بولۇش ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە سودا - تىجارەتنىڭ ئېلىپ - سېتىش تىجارىتى، سودا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياردەمچى تىجارەت ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى تىجارەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكلى تارىخ-

تىن بۇيان ئىنتايىن كەڭ تەرەققىي قىلغان. ئەمە-
ما، ۋاستىلىق ھالدا سودا ئۈچۈن خىزمەت قىلى-
دىغان بانكا كەسپى، ئىستراخوۋانىيە كەسپى ۋە
سودا ۋاستىچىلىقى بولسا ئانچە كۆپ تەرەققىي
قىلالمىغان. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىل-
لىرى يەنىلا مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن: بانكىنىڭ
رولىنى ئۈستىگە ئالغان قەرز ئىگىلىرى (جازانى-
خورلار) ۋە ئۇلار ئاچقان گۆرۈخانا (رەنىخانا)،
سودا ۋاستىچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ھىدىكلەر
ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

سودا - تىجارەت كەسپىنىڭ جەمئىيەتنىڭ
پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئوينايدىغان رولى
ئىنتايىن چوڭ. مەلۇمكى، ئىجتىمائىي تەكرار
ئىشلەپچىقىرىش جەريانى — ئىشلەپچىقىرىش، تەق-
سىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمالدىن ئىبارەت
تۆت ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. سودا - تىجارەت
ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ئالماشتۇرۇش بول-
سا — جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى (ۋە ئىشلەپ-
چىقىرىش تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن تەقسىمات) بى-
لەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىدۇر. ئۇ-
نىڭ بىر بېشى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات بىلەن
باغلانسا، يەنە بىر بېشى ئىستېمال بىلەن باغلىنى-
دۇ.

دېمەك، سودا - تىجارەت پائالىيىتى ئىشلەپ-
چىقىرىش بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە
كۆۋرۈكى، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
ھەر خىل ئامىللىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم
بىر ھالقا. شۇڭا مەدەنىيلەشكەن بىر جەمئىيەتتە
سودا - تىجارەت بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت
بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا تارىخىغا بىر نەزەر

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت تارىخى ئىنتا-
يىن ئۇزۇن. بىر قىسىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتې-
رىياللاردىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن 5 مىڭ يىل بۇ-
رۇنلا شىنجاڭدا ئىشلەنگەن قاشتاش بۇيۇملىرى
ئىچكىرى رايونلاردا سېتىلىشقا باشلىغان②
شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ قاشتاشنى
ئاساس قىلغان بۇنداق سودا پائالىيىتى خەن دەۋرى-
گە كەلگەندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. تاڭ دەۋرى-
گە كەلگەندە بولسا، تىجارەتنىڭ كۆلىمى ۋە دائىرى-
سى مىسلىسىز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، بىر
ئاۋات مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تەتقىقاتچى
ليۇزشياۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» نام-
لىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پەقەت چاڭئەن شە-
ھىرىدىكى سودىگەرلىرىلا بىرقانچە مىڭ كىشىگە
يەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ساراي ئاچتى، بەزىلى-
رى كاۋاپچىلىق قىلدى، بەزىلىرى بولسا جازانى-
خورلۇق قىلدى. چاڭئەندە نۇرغۇن بەگزادىلەر ۋە
تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلى-
رى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن يات يۇرتنىڭ غەلىتە
ۋە نادىر نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىش ياكى پۇل قەرز
ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن قويۇق بېرىش كېلىش
قىلدى»③. ئۇيغۇرلار يالغۇز چاڭئەندىلا ئەمەس،
بەلكى لوياڭ، داتوڭ، خىياڭ، جىڭياڭ، ياڭجۇ قا-
تارلىق داڭلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە سودا سا-
رايلىرىنى ئېچىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.
ئۇيغۇرلار بۇ ۋاقىتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاسا-
سەن ئات ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ يەردىن كىمخاپ،
دۇردۇن، شايى ۋە چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى سې-
تىۋېلىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ گىلەم، ئەتلەس قا-
تارلىق تاۋارلىرى بىلەن قوشۇپ، غەربتىكى دېھ-
لى، تېھران، باغدات، قاھىرە، دەمەشىق قاتارلىق
شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ساتقان. شۇنداقلا ئۇ جايلار-
نىڭ مەرۋايىت، ياقۇت، پىلە چىشى، ئەينەك،
دورا - دەرمان قاتارلىق نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىپ
شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى رايونلارغا ئاپىرىپ ساتقان.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كې-
يىن، ئۇنىڭ ئاھالىسى بۆلۈنۈپ چىقىپ باشقا جاي-
دىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىگە قوشۇلۇپ، گەنجۇ ئۇي-
غۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار

خانىدانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ ھاكىمىيەت شەكلىنى بەرپا قىلدى. بۇ دەۋرلەردە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سودا - تىجارەت ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى ۋە راۋاجلاندۇردى.

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگوغا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن چىقىدىغان تۇرلۇك دورا ماتېرىياللىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا چىقىدىغان مارجان، كەھرىۋا قاتارلىق ئېسىل ماللارنى ئاپىرىپ ساتقانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ لياۋ سۇلالىسى ۋە سۇڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ئەسۋاب - جابدۇقلار شۇنداقلا ھەر خىل پاختا، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە قىسمەن قورال - ياراقلارنى ئېلىپ بېرىپ ساتقانلىقى توغرىسىدا تارىخىي كىتابلاردا ئىنتايىن كۆپ مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئۆز ۋاقتىدا خوددى چاڭئەنگە ئوخشاش، لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى شاڭجىڭدىمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى توپلىشىپ ئولتۇرىدىغان جايلار بارلىققا كەلگەن. بۇجاي شۇ ۋاقىتتا «ئۇيغۇر مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان[4].

قاراخانىلار تازا گۈللەنگەن دەۋردە غەربتىن - شەرققە، شەرقتىن - غەربكە بارىدىغان سودا كارۋانلىرى تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنلەردىن ئۆتەتتى. سودا تىجارەتتە سوغدىلار ئاساسىي ئورۇن تۇتاتتى، بىراق، سودا يولىغا يەنىلا ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ليۇزىشياۋ ئەپەندى قاراخانىلار دەۋرىدىكى سودا - تىجارەت توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ كۆپلەپ مېتال پۇل قۇيدۇرغانلىقى ئەينى يىللاردا سودا پائالىيىتىنىڭ ناھايىتى ئەۋج ئالغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ پۇللارنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىۋاتقانلىقى بىزگە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدا، قارا دېڭىز بويلىرىدا ھەتتا يىراقتىكى نىل دەرياسى بويلىرىدا قاراخانىلار خانىدانلىقى دائىرىسىدىن يولغا چىققان سودا كارۋانلىرىنىڭ توپا - چاڭلارنى توزۇتۇپ، ئايىغى ئۈزۈلمەستىن قاتن[illegible]پ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار سۇڭ سۇلالىسى، لياۋ سۇلالىسى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى، پروسسىيە، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى، رۇس كىنەزلىكلەر ھەتتا مىسىر قاتارلىق جايلار بىلەنمۇ سودا جەھەتتە بېرىش-كېلىش قىلىشىپ تۇرغان»[5].

شىنجاڭنىڭ سودا تىجارەت جەھەتتىكى بۇنداق ئاۋات مەنزىرىسى موڭغۇللار بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ دەۋرگە ئائىت مەلۇماتلاردىن بىرى بولغان «بېنىت دېنىڭ قىتائىنى زىيارەت قىلىشى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «يەركەن قەلئەسى قەشقەر دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى، سودىگەرلەر بېلىقتەك توپلىشىپ كەتكەن ئىكەن، تۇرلۇك ماللار ئالمىشىپ تۇرىدىكەن، شەرقتىكى مەشھۇر سودا سورۇنى ئىكەن»[6].

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گەرچە ئۇيغۇرلار ھەر تەرەپتىن زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سودا - تىجارەت جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكنى يەنىلا قىسمەن ساقلاپ قالغان. شىنجاڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن «غەربىي دىياردا ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىم» ناملىق كىتابتا يەركەن ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «بازار كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون چاقىرىمغا يېتەتتى. بازار كۈنى ھەر خىل ماللار بۇلۇتتەك جۇغلىنىپ كېتەتتى. ئادەملەر قىم - قىم ئىدى. گۆھەر، مەرۋايىتلار ھەمىشە يولۇقۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ چارۋا - ماللار، يەل - يېمىشلەر ھەددى - ھېسابسىز ئىدى» بۇ كىتابتا يەنە ئاقسۇ ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاقسۇ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. ئىچكىرىدىن ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر مۇشۇ يەرگە جەم بولۇپ تۇراتتى. بازارلىرى ئاۋات ئىدى. بازار كۈنى ئادەملەر قىستا - قىستاڭ بولۇپ، ماللار بۇلۇتتەك توپلىنىپ كېتەتتى»[7].

پروفېسسور سۇبېيخەي ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى، بەش دەۋر، سۇڭ سۇلالىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ھۈنەر - سەنئەت ۋە سودا - تىجارەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇل-

...ملار جەھەتتىكى مۇھىم ئىجادىيىتى ۋە تۆھپىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىسىگە ئېرىشكەن ھەم خەلقئارا بازاردا سېتىلىپ ئېلىمىزنىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرىغا يېڭى شان - شەرەپ كەلتۈرگەن»⑧ .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا سودا - تىجارەت كەسپىدە باشتىن - ئاخىر جۇڭگودىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كەلگەن. ھەرقايسى يول بويلىرىغا جايلاشقان قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، قارا شەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنلەردىن ئىبارەت شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئۆز ۋاقتىدىكى داڭلىق تىجارەت مەركەزلىرى ئىدى. يالغۇز بۇلا ئەمەس، ھەتتا تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن مىڭلىغان بازارلار كۆز ئالدىمىزدا سودا - تىجارەتنىڭ كۆلىمىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەكشەنبە بازار، دۈشەنبە بازار، سەيشەنبە بازار، پەيشەنبە بازار… دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلىپ، مەلۇم بىر يۇرت تەۋەسىدە ھەپتىنىڭ ھەممە كۈنلىرى ئالمىشىپ بولىدىغان بازارلار تارىم ۋادىسىدىكى كەڭ يېزىلاردا گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك تارقىلىپ، ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ بارىدىغان سودا پائالىيەتلىرىنى ھاسىل قىلىندۇ.

ئۇيغۇرلار تاغلىق قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن «سارتلار» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىغا ناھايىتى ماھىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار «سودىگەر» «تىجارەتچى» ياكى «ئوقەتچى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار يەنە ئۆز ئىچىدىن «ئېلىپساتار» «دۇكانچى» «بايىمچى» «باققال» «جاۋاھىر پۇرۇش» «كارۋان» دېگەنگە ئوخشاش بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ. يەنە «دەللال» ياكى «بەدىلك» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەرمۇ بولۇپ، ئۇلار ھېچقانداق دەسمايە چىقارماي، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرمىچىلىك قىلىپ شىرىنكانە ئالىدۇ. يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە يەنە «قويىمچى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇرلاردا سودا كەسپىگە ئائىت «تىجارەت»، «دەسمايە»، «زاكالەت»، «پايدا»، «زىيان»، «ۋەيران بولۇش»، «تىرىلىش»، «كۆتىرىلىش»، «شىرىك»، «شېرىنكانە»، «تاپان ھەققى»، «خېرىدار»، «چۆپقەت»… قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەخسۇس ئاتالغۇلار بار. سودىگەرلەرنى سۈپەتلەيدىغان ۋە سودا - تىجارەتتىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان كەسپىي ئاتالغۇلارنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن بولۇشىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت تارىخىنىڭ ئۇزۇن، كۆلىمىنىڭ كەڭ، تەجرىبىسىنىڭ مولللىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 3 . خەلق چۆچەكلىرىدىكى سودىگەر ئوبرازلىرى

سودا - تىجارەت بىر خىل مۇستەقىل ئىقتىسادىي پائالىيەت سۈپىتىدە مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان سودىگەرلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. سودىگەرلەر تاۋارلارنى ئېلىپ - سېتىش پائالىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسى قىلغان، ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋاستىچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەردۇر. سودىگەر سودا سۇبيېكتى سۈپىتىدە سودا پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىگۈچى ۋە باشقۇرغۇچىدۇر. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە سودىگەرلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە كەڭ كۆلەمدە ئورۇن بېرىلگەن.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە سودىگەرلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تۇرمۇشى، كۆپ قىرلىق خاراكتېرى ۋە كۆپ خىل سودا پائالىيەتلىرى بىر قەدەر تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئالدى بىلەن چۆچەكلەردە سودىگەرلەر كىشى-

لەرنى مەھلىيا قىلىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ پۇل ۋە مال دۇنيانىڭ ئىگىسى. ئۇ ئۆز قولىدىكى بايلىقنىڭ كارامىتى بىلەن نۇرغۇن ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن. «جۇدالىق ۋە خۇشاللىق»⑨، «ئاتا ۋەسىيىتى»⑩، «تەخەي يىگىت»⑪، «دېدەك قىز»⑫ ناملىق چۆچەكلەردىكى سودىگەرلەر ئەنە شۇنداق قابىلىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. «جۇدالىق بىلەن خۇشاللىق» ناملىق چۆچەكتىكى سودىگەر يىگىت نۇرغۇن گۆھەرلەرنى تۆلەش بەدىلىگە كۆپلىگەن شاھزادىلەر قولغا چۈشۈرەلمىگەن مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىپ بەختكە ئېرىشىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مال - دۇنيا بىلەن ئاچكۆز پادىشاھنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ۋەزىر بولىدۇ ۋە ئاخىرى پادىشاھلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈپ يۇرتتا ئادالەتلىك سىياسەتنى يولغا قويىدۇ. «ئاتا ۋەسىيىتى» ناملىق چۆچەكتە بولسا، بەختىيار ئىسىملىك يىگىت دادىسىنىڭ دوستى بولغان سودىگەرلەرنىڭ نۇرغۇن پۇل چىقىرىشى بىلەن چەت ئەللەردە ئوقۇپ ئاجايىپ قابىلىيەتلىك بولۇپ يېتىلىدۇ ۋە كېيىن زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «تەخەي يىگىت» ناملىق چۆچەكتىكى يىگىتنىڭ سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ مەلىكىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشى، «دېدەك قىز» ناملىق چۆچەكتىكى مەلىكىنىڭ سودىگەر يىگىتنى تاللىۋېلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سودىگەرلەرنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى يۇقىرى ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سودىگەرلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە ئاقكۆڭۈل خاراكتېرىدە تەسۋىرلىنىشى چۆچەكلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان يەنە بىر ھالدۇر. مەسىلەن: «زېرەك بىلەن زېرىككەك»⑬، «قىممەتلىك سوغا»⑭ چۆچەكلىرىدىكى سودىگەر يىگىتلەر، «دانىشمەن ئانا»⑮ چۆچەكلىرىدىكى سودىگەر ئايال قاتارلىقلار دانىشمەن قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقسا، «چاشقان بىلەن سودىگەر»⑯ «ئالتە قارغۇ بىلەن سودىگەر»⑰ ناملىق چۆچەكلەردىكى سودىگەرلەر ئاقكۆڭۈل ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، سودا - تىجارەتتىن ئىبارەت بۇ كەسىپ تېز بېيىش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بولغان، بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدىغان كەسىپتۇر. شۇڭا ئۇلار ئۆز چۆچەكلىرىدە چۆچەك قەھرىمانى بولغان ئاقكۆڭۈل كەمبەغەل يىگىتكە ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرمەكچى بولغاندا، ھەمىشە ئۇلارنى سودا - تىجارەت كەسپى بىلەن شۇغۇللاندۇرىدۇ. ئالايلۇق «تەدبىرلىك پادىشاھ»⑱ ناملىق چۆچەكتىكى ئاكا - ئۇكىلارنىڭ چوڭى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن قەلەندەرچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولسا، كىچىكى سودا - تىجارەت يولىنى تاللىۋېلىپ تېزلا بېيىپ كېتىدۇ. «ئەيىنەك»⑲ ناملىق چۆچەكتىكى كەمبەغەل دېھقان يىگىت باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تۈپتىن ياخشىلايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر قىسىم چۆچەكلەردىكى قاراش بويىچە ئېيتقاندا سودا - تىجارەت بايلىقنىڭ، كۈچ - قۇدرەتنىڭ ۋە بەختنىڭ ئاچقۇچىدۇر. كىمكى بۇ ئاچقۇچنى قولغا چۈشۈرسە ئۇ ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئەمما ھەممە چۆچەكلەردە سودا - تىجارەتكە نىسبەتەن ئۇنداق ئىجابىي كۆز قاراشتا بولغان ئەمەس. بىر قىسىم چۆچەكلەردە سودا - تىجارەتنى مەنسىتمەسلىك، ھۈنەر - سەنئەت ۋە بىلىمنى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش كۆز قاراشلىرى ئىپادە قىلىنغان. «ئۈچ مىڭ تىللالىق ئۈچ ئېغىز سۆز»⑳، «ياخشىلىق يەردە قالماس»㉑، «ھېكمەتلىك سۆز»㉒ «باقىنىڭ سۆز سېتىۋېلىشى»㉓ قاتارلىق چۆچەكلەردىكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دادىسى «سودا قىل» دەپ بەرگەن پۇلنى تاۋار سېتىۋېلىشقا ئەمەس، ھۈنەر ئۆگىنىشكە ياكى بىلىم ئېلىشقا سەرپ قىلغاچقا دادىسى تەرىپىدىن جازاغا ئۇچرىغانلىقى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرى ھۈنەر - بىلىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ بەختنى تاپقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. «سودىگەر بىلەن دېھقان»㉔، «كىشىنىڭ ھەققى»㉕، «بىر لوپلۇقنىڭ سەرگۈزەشتىسى»㉖، «جازانىخور»㉗، «ئېيىقبەگ»㉘ قاتارلىق چۆچەك-

لەردە بولسا، سودىگەرلەرنىڭ جازانىخورلۇقى ۋە ئالدامچىلىقى پاش قىلىنىدۇ. «ئالتۇنتاغ» [29]، «لوقماننىڭ ئوغلىغا نەسىھىتى» [30] قاتارلىق چۆچەكلەردە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا سودىگەرلەرنىڭ باشقىلارنىڭ قان - تەرى، ھەتتا ھاياتى بەدىلىگە ھارام مال - دۇنيا توپلايدىغانلىقى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. دېمەك، بۇ خىل چۆچەكلەردە سودىگەرلەرگە سەلبىي پوزىتسىيە تۇتۇلغان. چۈنكى سودا - تىجارەت كەسپىنىڭ خاسىيىتى بىلەن قولغا كېلىۋاتقان تاپاۋەت بىر قىسىم ئاچكۆز كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ، ئۇلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ خاراكتېرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئۇلار ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي پۇل ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى دو تىكىشتىن يانمايدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ خىل رېئاللىق «ھېرىس باينىڭ ئۆلۈمى» [31]، «شاھزادە بىلەن ساھىبجامال» [32] چۆچەكلىرىدە تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. «ھېرىس باينىڭ ئۆلۈمى» ناملىق چۆچەكتىكى ئاچكۆز سودىگەر پۇل ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە ئوغلىدىنمۇ ۋاز كېچىدۇ. «شاھزادە بىلەن ساھىبجامال» چۆچىكىدىكى سودىگەر بولسا قىلچىمۇ نومۇس قىلماستىن ئۆزىنىڭ قىزىنى شاھزادىگە سېتىۋېتىدۇ.

چۆچەكلەردە بىر تەرەپتىن سودىگەرلەرنى مەدھىيىلەش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى تەنقىد قىلىش ئەھۋالى مەۋجۇت. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ پۇل ئالاھىدە رول ئويناۋاتقان، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى مەممىنى بېسىپ چۈشۈۋاتقان بىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىنتىلىشى، ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشمەكچى بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما پۇلدىن ئىبارەت بۇ بايلىق پەرىشتىسىنىڭ ئۆزىگە ئېرىشمەكچى بولغانلاردىن بارلىق ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنى چۆرۈپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىشى بىر قىسىم كىشىلەردە ئۇنىڭغا نىسبەتەن يىرگىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلماي مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋال كىشىلەرنىڭ قەلبىدە پۇلنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن سەسكىنىش، پۇلغا ئىنتىلىش ۋە ئۇنى مەنسىتمەسلىك، سودىگەرلەرگە ھەۋەس قىلىش ۋە ئۆچلۈك قىلىشتىن ئىبارەت زىددىيەتلىك روھىي ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۆچەكلەردىكى سودىگەرلەرنىڭ بەزىدە ئىجابىي، بەزىدە سەلبىي خاراكتېردە ئوتتۇرىغا چىقىشى مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ روھىي ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى خۇددى يەھۇدىيلارغا ئوخشاشلا تارىختىن بۇيان تىجارەتتە «ئېغىزنى چەنلەش» بىلەن «ئاياللارنى چەنلەش»كە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئىنسانلار تاماقنى ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئاشخانا ئېچىپ، تاماقتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە تاۋار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئاشخانا تىجارىتى زىيان تارتىش خەۋپى ئەڭ ئاز بولغان تىجارەت دەپ قارايدۇ. ئەمما ئاشخانا تىجارىتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە يەنىلا خېرىدارلارنى رازى قىلىشتىن ئىبارەت. «بەدنىيەتنىڭ قازىنى تۆشۈك» [33] ناملىق چۆچەكتە دەل مانا شۇنداق كۆز قاراش ئالغا سۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا ئاكا - ئۇكا ئاشخانا خوجايىنلىرىنىڭ رىقابەت-كۈرەشلىرى ئارقىلىق ئەلا مۇلازىمەتنىڭ سودا- تىجارەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى رولى بايان قىلىنغان. «ئاياللارنى چەنلەش»كە كەلسەك، بۇ ئاياللارنىڭ تەبىئىي ئادىتىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تىجارەت پرىنسىپى. چۈنكى ئاياللار كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇزىننەتكە ئامراق كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىنتىلىشى باشقا ھەرقانداق مىللەتنىڭكىدىن كۈچلۈك. شۇڭا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئاياللار ئېھتىياجلىق بولغان كىيىم - كېچەك، رەخت ۋە زىبۇزىننەت تىجارىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئاياللارمۇ ئۆزلىرىنىڭ رىقابەت شەكلىنى ئالغان ۋە يېڭىدىن - يېڭى پەيدا بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشتى. نەتىجىدە بىر قىسىم ئاياللار ئىچىدە سودىگەرلەرگە قىزىقىش، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش كەيپىياتى ئاستا - ئاستا شەكىللەندى. ھەتتا بەزى ئاياللار سودىگەرلەر تەقدىم قىلغان كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەت بەدىلىگە

ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشتىنمۇ يانمىدى. «گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ» ㉞، «ئال دەمبىزەڭنى» ㉟ قاتارلىق چۆچەكلەردە دەل مانا شۇنداق ئەھۋال بايان قىلىنغان. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەردە بىر تەرەپتىن ئاياللارنىڭ كۈچلۈك ياسىنىش ھەۋەسلىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەخلاقسىز سودىگەرلەرنىڭ ئاياللار پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشتىكى قورالى قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن ئىبارەت پەسكەش قىلمىشلىرى پاش قىلىنىدۇ.

سودىگەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇزىنىنەت جەھەتتىكى ماددىي ھەۋەسلىرى قاندۇرۇلسىمۇ، ئەمما مەنىۋى ھەۋەسلىرى تولۇق قاندۇرۇلمايدۇ. چۈنكى، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا سودىگەرلەر سودا قىلىش ئۈچۈن يۇرت - شەھەر ئاتلاپ چىقىپ كەتسە، بىرنەچچە ئاي ھەتتا بەزىدە بىرنەچچە يىلدا ئاران قايتىپ كېلەتتى. بۇ ھال سودىگەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن ئېغىر ھىجران ئازابى ئېلىپ كېلەتتى. تۆۋەندىكى قوشاق ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ:

مەن يېتىمغا كىم قويۇپتۇ،
سودىگەر يار تۇتقىلى.
سودىگەر سودىغا كەتسە،
ئولتۇرۇپ قان يۇتقىلى.

ئەر سودىگەرگە كەلسەك، ئۇلارمۇ بۇ ئازابلىق پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئامالسىز ھالدا مۇنداق ھەسرەت چەككەن:

ئاتمىش ئالتە دەريا سۈيى،
بىر بولۇپ ئاقتى.
مەن يارىمغا باقاي دېسەم،
سودىنىڭ ۋاقتى.

بەزى سودىگەرلەرنىڭ ئاياللىرى بۇنداق ئېغىر ئىزتىراپقا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆڭۈل ئېچىشقا بېرىلىپ كېتەتتى. «رەمچى» ㊱، «سادات ۋە ئادات» ㊲، «پەرىزات» ㊳ قاتارلىق چۆچەكلەردە مانا مۇشۇ خىل ئەھۋال بايان قىلىنغان.

مەلۇمكى، قەدىمكى يىپەك يولى دەپ ئاتالغان، دۇنيانىڭ شەرقىدىن - غەربىگە سوزۇلغان ئۇزۇن مۇساپىلىق سودا يولى ئىنتايىن جاپالىق ۋە خەتەرلىك يول ئىدى. بۇ يولدا يۈرگۈچى سودا كارۋانلىرى قاقاس چۆللۈكلەردىن ۋە خەتەرلىك تاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. سودا كارۋانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ يول سەپىرى بەزىدە ھايات - ماماتلىق سەپەر بولۇپ قالاتتى. بۇ يولدا يول بويى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ئۇچرايتتى. بىر قىسىم چۆچەكلەردە دەل مانا شۇ سودا كارۋانلىرىنىڭ جاپالىق يول سەپىرى بايان قىلىنىپ بېرىلگەن. مەسىلەن: «بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ㊴، «ھورۇنلۇقتىن شاھلىققىچە» ㊵ قاتارلىق چۆچەكلەردە سودا كارۋانلىرىنىڭ دەشتۇ - چۆلدە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئىنتايىن قاتتىق قىينالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار ئاخىرى چۆلدىكى سىرلىق قۇدۇقنى تېپىپ، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن كارۋان توپىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

سودا كارۋانلىرى ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ ئاپەت يول توسار قاراقچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ئىبارەت. چۆچەكلەردىكى تەسۋىرلەردىن قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا قاراقچىلارنىڭ سودا كارۋانلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئىشلىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرغان. بۇ خىل ئەھۋال يىپەك يولىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت كۆرسىتىپ سودىگەرلەرنى يۈرەكزادە قىلىۋەتكەن. «قىساس مۇئەككىلى» ㊶، «گېلەمچى يىگىت» ㊷، «ئەقىللىق بالا» ㊸، «تۇران باتۇر» ㊹، «سودىگەرلەرنىڭ كەنجى ئوغلى» ㊺ قاتارلىق چۆچەكلەردە سودا كارۋانلىرىنىڭ قاراقچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ خانىۋەيران بولغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئەمما ئاخىرى بىرەر پەم - پاراسەتلىك باتۇر ئوتتۇرىغا چىقىپ، قاراقچىلارنى ئۇستىلىق بىلەن يوقىتىپ سودىگەرلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆتەڭلەردە قايتىدىن خاتىرجەملىك ئورنىتىلىپ، سودا يوللىرى راۋانلىشىدۇ.

بىر قىسىم چۆچەكلەردە سودا - تىجارەت قىلىش ئۈچۈن يىراق شەھەر ۋە مەملىكەتلەرگە بارغان سودىگەرلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ - غارايىپ كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «جادۇگەرنىڭ ھالاكىتى» ㊻ ناملىق چۆچەك-

تىكى كارۋانلار توپى ئوزاق دېڭىز سەپىرىگە چىققاندا خەتەرگە يولۇقۇپ، كېمە پاچاقلاپ تاشلىنىپ ۋەيران بولىدۇ. پەقەت شاھزادە زار ئىسىملىك يىگىتلا بىر تال ياغاچقا ئېسىلىپ ھايات قالىدۇ. كېيىن ئۇ ئادەمسىز ئارالغا بېرىپ ئۇ يەردە بىر مەزگىل ھايات كەچۈرىدۇ ۋە ئاخىرى يەنە باشقا شەھەرلەرگە سەپەر قىلىپ، نۇرغۇن خېيىم - خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. «سودىگەرنىڭ ئوغلى» [47] ناملىق چۆچەكتە بىر سودىگەرنىڭ ھىندىستان ۋە ئافغانىستانلارغا بېرىپ سودا قىلىش جەريانىدا قازاغا ئۇچرىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. «شاراپنىڭ كارامىتى» [48] ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە بولسا، بىر سودىگەرنىڭ شاراپ مەنئى قىلىنغان شەھەرگە شاراپ ئېلىپ كېلىپ ساتقانلىقى ئۈچۈن جازاغا ئۇچرىغانلىقى ۋە ئاخىرى يەنە شاراپنىڭ كارامىتى تۈپەيلى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. «ئىككى كۆزلۈك بىلەن بىر كۆزلۈك» [49]، «شاھزادىنىڭ ئىبرىتى» [50] قاتارلىق چۆچەكلەردىمۇ ئوخشاشلا سودىگەرلەرنىڭ باشقا مەملىكەتلەردىكى ھەيران قالارلىق كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، سىرتقا ئېچىۋېتىلمىگەن فېئوداللىق ئوششاق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى يېڭىلىقلار پەقەت سودىگەرلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىقلا يېتىپ كېلەتتى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، سودىگەرلەر ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرغۇچى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى چۆچەكلەردە سودىگەرلەرنىڭ دەل مۇشۇنداق مۇھىم ئىجتىمائىي رولى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە سودا - تىجارەت جەريانىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلار بايان قىلىنىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەردە سودىگەرلەرنىڭ ئوغۇللىرى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق تىجارەتتىكى نەتىجە قازىنىش بىلەن مەغلۇپ بولۇشنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ، شۇنداقلا قىممەتلىك سودا تەجرىبىلىرى يەكۈنلەپ چىقىلىدۇ. «خاسىيەتلىك دورا» [51]، «دۇئا ئالغان كەنجى ئوغۇل» [52]، «ئورۋاي» [53]، «ئەر ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم» [54] قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر.

بىزنى قىزىقتۇرىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. مەسىلەن، «رەمبال» [55] ناملىق چۆچەكتە بىر سودىگەر سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن تىجارەت ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقى ھەققىدە رەمبالغا پال ئاچقۇزىدۇ. «يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتى» [56] ناملىق چۆچەكتىكى سودىگەر سودىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئەتىگەن تۇرۇپ ئىسرىق سېلىپ دۇكان ئاچىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە «سودا قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇپ قېلىش ۋەجىدىن ئۆيگە قايتا يېنىپ كىرسە، سودىسى يېنىپ كېتىدۇ»، «ئەتىگەندە تۇنجى كەلگەن خېرىدارنى ياندۇرۇۋەتسە، شۇ كۈنلۈك سودا ئاقمايدۇ» دەيدىغان ئېتىقاد بار. ئۇنىڭدىن باشقا تۇنجى سودىدا قولغا كىرگەن پۇلنى يەرگە تاشلاپ دەسسىۋېتىپ ئېلىۋالىدىغان ئادەت بار. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان سېھىرگەرلىك ۋە تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئادەتلىرىنىڭ سودا - تىجارەتتىكى ئىنكاسىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە سودىگەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى، سودىگەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، سودا - تىجارەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئېتىقادلار ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك رايوندا ئېلىپ بېرىلغان سودا پائالىيىتىنىڭ جەريانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

## 4. ماقال - تەمسىللەردىكى سودا - تىجارەت قارىشى

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا ماقال -

تەمسىللەردە ئەڭ كۆپ ئىپادە قىلىنغان. ئۇنىڭدا
بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەتكە تۇتقان پو-
زىتسىيىسى ۋە كۆز قاراش چۈشەنچىلىرى ئەكس
ئەتتۈرۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن سودا - تىجارەت
جەريانىدىكى قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈن-
لەپ بېرىلگەن. بۇ خىل تەجرىبە - ساۋاقلار ئۇي-
غۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى سودا ئەمە-
لىيىتى جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ سو-
دا پائالىيەتلىرى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە يېتەكلەش
رولىنى ئوينىغان. تۆۋەندە بۇلارنىڭ مۇھىمراقلى-
رى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتى-
مىز.

## (1) سودا - تىجارەتتىكى دەسمايىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا

مەبلەغ بارلىق سودا پائالىيەتلىرىنى ئوڭۇش-
لۇق ئېلىپ بېرىشتىكى ئالدىنقى شەرت. ئۇ سودا
- تىجارەتنىڭ «قان تومۇرى»، سودا سۇبيېكتىنىڭ
سودا پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە تەرەققىي
قىلدۇرۇشىدىكى ئاچقۇچ. شۇڭا ئۇيغۇرلار «پۇلنى
پۇل تاپار» [57] دېگەن ماقال ئارقىلىق دەسمايىنىڭ
مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. يەنە بىر قىسىم
ماقاللاردا پۇلنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي قىممىتى
ئىنتايىن روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مەسىلەن،
«پۇل دۈشمەننى دوست قىلار، دوستنى دۈشمەن
قىلار» [58]، «پۇل بولسا گاچىغىمۇ تىل چىقىدۇ» [59]،
«پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا» [60]. ئەمما پۇل
ئاسانلا قولغا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس، «پۇلنىڭ
بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە» [61]. شۇڭا
«مال بەرمەك جان بەرمەك» [62] تۇر. سودىگەرلەر
ئۈچۈن ئېيتقاندا دەسمايە كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەنبە-
ئىدۇر. كىمنىڭ پۇلى كۆپ بولسا، شۇ سودىدا
مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. «كىچىك سودى-
گەربىلەن سوداقىلما» [63] دېگەن ماقال پۇلى ئاز
سودىگەرنىڭ تىجارەتتە ئىشەنچسىز بولىدىغانلىقى-
نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەكسىچە پۇلى كۆپ سو-
دىگەرلەر بىر قەدەر ئىشەنچلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ
«يېغى تۈگىسە، دۈغى قالىدۇ».

## (2) بازارنىڭ تىجارەتتىكى ئورنى توغرىسىدا

بازار — تاۋار ئىقتىسادى بىلەن زىچ بىرلە-
شىپ كەتكەن قەدىمىي ئىقتىسادىي كاتېگورىيە.
تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتىكى مەقسەت ئۆزى ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. تاۋارنىڭ
ئىستېمال قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چو-
قۇم ئۇنى بەلگىلىك قىممەت ياكى پۇل شەكلىگە
ئايلاندۇرۇش كېرەك. مانا مۇشۇنداق ئالماشتۇ-
رۇش ئېھتىياجى مەلۇم تاۋار ئالماشتۇرۇش مەيدانى
ياكى دائىرىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ مەنىدىن
ئالغاندا، بازار تاۋار ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي
ئىش تەقسىماتى تەبىئىي ھالدا كەلتۈرۈپ چىقارغان
مەھسۇلات، ئۇ ئېلىپ - ساتىدىغان ئىككى تەرەپ-
نىڭ ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ
يىغىندىسى، يەنى بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە ئىشلەپ-
چىقىرىش بىلەن سېتىش ئوتتۇرىسىدىكى، ھەرقاي-
سى كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە رايونلار ئوتتۇر-
سىدىكى ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي
نامى.

ئۇيغۇرلار ياشايدىغان «يىپەك يولى» دىكى
ھەرقايسى شەھەرلەر ئۆزىنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيە-
سىنى تارىختىن بۇيان ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇ-
رۇپ كەلگەن. شۇڭا بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر بازارغا
ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رولىنى تولۇق چۈشىنە-
دۇ. «ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار» [64]، «بازارغا
چىق، بەختىڭنى كۆر» [65]، «قەلەندەرگە مازار ياخ-
شى، سودىگەرگە بازار ياخشى» [66] قاتارلىق ماقال-
لار بازارنىڭ ئەھمىيىتىنى بىر قەدەر تولۇق ئىپا-

دىلەپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، بازارلا مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا تولۇق رېئاللاشتۇرىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ. «بازار ئارقىلىق تەڭشەش» مۇھىم بىر ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنى رەتكە سېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. «ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ بازارغا چىقسا نەرقى بار» (67) «ئۆيدىكى گەپ بازارغا توغرا كەلمەيتۇ» (68) قاتارلىق ماقاللاردا بازارنىڭ دەل مانا شۇنداق تاۋارلارنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەشتىكى تەبىئىي رولى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

## (3) سودا - تىجارەتنىڭ مۇددىئاسى توغرىسىدا

سودا - تىجارەتنىڭ فۇنكسىيىسى ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتىچىلىقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىسى پايدىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. سودا پائالىيىتى جەزمەن پايدىنىڭ يېتەكلىشىدە بولىدۇ. پايدا قوغلىشىش سودىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت جەريانى. ئەگەر پايدا بولمىسا، سودا - تىجارەت پائالىيىتى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلىيەلمەي ھەرىكەتتىن توختاپ قالىدۇ. شۇڭا پايدا سودا - تىجارەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. بىر سودىگەرگە نىسبەتەن ئالغاندا، ئۇ پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، كۆپلەپ پۇل تاپقاندىلا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار «سودىدا دوستلۇق يوق، سالامدا بوشلۇق يوق» (69)، «سودىگەرنىڭ تۇغقىنى پۇل، دادىسى قول» (70)، «بازاردا سالام يوق، نامازدا تەكلىپ يوق» (71) دېگەنگە ئوخشاش ماقاللار ئارقىلىق ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق ۋە دوست بۇرادەرچىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ سودىغا تەسىر كۆرسىتىشىنى چەكلەشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «تېكە بولسىمۇ سۈت بەرسۇن» (72)، «زىيان ئاچچىق، پايدا تاتلىق» (73) قاتارلىق ماقاللاردا پايدىغا ئىنتىلىش پسىخىكىسى تېخىمۇ روشەن ئىپادە قىلىنغان.

## (4) سودا - تىجارەت بىلىملىرى توغرىسىدا

ماقال - تەمسىللەردە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە تىجارەت كۆز قاراشلىرى كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

ساپ مال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش تىجارەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر. «ئىسىلىنى ئالساڭ خاتا يوق، ئەسكىنى ئالساڭ ۋاپا يوق» (74)، «ياخشى مال ئۆزىنى - ئۆزى ماختايدۇ» (75)، «ئەرزان نەرسە ئىللەتسىز بولماس، قىممەت نەرسە ھېكمەتسىز بولماس» (76)، «مېلى ناچار سودىگەر ھەممىدىن بەك ماختايدۇ» (77)، «ئۆتمەس ماتان زورلاپ ساتار» (78) دېگەنگە ئوخشاش ماقاللاردا ھەقىقىي سۈپەتلىك ماللار تىجارەتتە سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكى، ناچار ماللار بولسا، تىجارەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، نېسى سودا تىجارەتتىكى يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتسىز سودا بولۇپ، ئىقتىدارلىق كىشىلەر ھەرگىزمۇ نېسى سودا بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. چۈنكى «كىشىدىكى پۇل چۈشىدىكى پۇل» (79)، «كەمبەغەل بولاي دېسەڭ، نېسى سات» (80)، «نېسى ساتقاننىڭ ھالى خاراپ، قالىدۇ قۇرۇق دەپتەرگە قاراپ» (81)، «نەقتىن ھەسەل چىقىدۇ، نېسىدىن كېسەل» (82). ناھايىتى روشەنكى، مال ۋە پۇلنى نەقلەشتۈرۈش سودا - تىجارەتنىڭ ئىزچىل مۇقىملىقىنى ساقلايدىغان مۇھىم كاپالەتتۇر.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سودىدىكى «قەرز» سۆزى ئىنتايىن قورقۇنچلۇقتۇر. بۇ سۆز تىلغا ئېلىنسىلا ۋەھىمە ۋە ئەندىشە پەيدا بولىدۇ. چۈنكى «قەرزدارلىق» پۈتۈنلەي ئىلاجىسىز، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى ئۇرۇنۇش، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە «قەرز» ئالغانلىق ھالاكەت يولىغا قەدەم تاشلىغانلىق. شۇڭا بىر قىسىم ماقالىلاردا قەرزدارلارنىڭ ئازابلىق پسىخىك روھىي ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «قەرزى بار كىشىنىڭ يۈرىكىدە دەزى بار» [83]، «قەرز ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي، تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي» [84]، «قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا» [85]، «ئاغرىق بولساڭ ئۆلۈپ قۇتۇل، قەرزدار بولساڭ بېرىپ قۇتۇل» [86] قاتارلىق ماقالىلار كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق قەرزدىن قورقۇش پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

يەنە بىر قىسىم ماقالىلاردا سودىدا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «مىڭ سەرنى يوقاتقاڭ بىر سەر» [87]، «سودا ساقال سىپىغىچە» [88] قاتارلىق ماقالىلاردا سېتىش ۋە سېتىۋېلىش پائالىيىتىدە ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەكلىكى كۆرسىتىلسە، «ئېشىكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش بەڭگە» [89] دېگەن ماقالدا پايدا زىيانىنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈپ ئىش قىلىش لازىملىقى ئىپادە قىلىنغان. «پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان» [90] دېگەن ماقالدا بولسا تىجارەتتە پايدىنىڭ زىيانغا، زىياننىڭ پايدىغا ئۆزگىرىشى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئىش ئىكەنلىكى، شۇڭا پايدا ئالغاندا مەغرۇرلىنىپ بىخوتلىشىپ كەتمەسلىك، زىيان تارتقاندا چۈشكۈنلىشىپ كەتمەسلىك تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

سودا - تىجارەتتە ئېھتىياتچان بولۇش بىلەن يۈرەكلىك بولۇشمۇ بىر - بىرىگە زىت ئەمەس. پايدا ئالالمىغان تەقدىردىمۇ دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئەھۋال ئاستىدا «كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام پىشارمۇ» [91] دەپ ئولتۇرماي سودىغا دادىل كىرىشىش كېرەك. «بولسا بۇلار بولمىسا ئىز پۇلى» [92]، «ھازىر ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل، مىڭ يىل ياشايدىغاندەك تاپاۋەت قىل» [93] دېگەنگە ئوخشاش ماقالىلار كىشىلەرنى يۈرەكلىك سودا قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سودىگەرلەرگە قويىدىغان تەلىپى شۇكى، باشقىلارنى بوزەك قىلىش ياكى زىيانكەشلىك قىلىش بەدىلىگە پايدا ئالماسلىق كېرەك. پۇلنى قولغا كىرگۈزىمەن دەپ باشقىلارنى ئورنىغا ئىتتىرىۋېتىش قىلمىشلىرى جەمئىيەتنىڭ بىردەك نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. «كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىقمۇ كۆيمىسۇن» [94]، «ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول» [95] قاتارلىق ماقالىلار ئەنە شۇنداق كۆز قاراشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھېسابات سودا - تىجارەتنىڭ يەنە بىر تۈپ كاپالىتى. تىجارەتتە ئىنچىكە ۋە پۇختا ھېسابات بولۇشى كېرەك. سودىگەر بولغان كىشى «ساقال سىپىغىچە ئارىلىقتا» بولىدىغان كېلىشىمدە «كۆزنى چىمچىقلاتقۇچە» ئارىلىقتا ھېسابات قىلىپ بولۇشى كېرەك. كۆڭۈل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ھېساباتقا مانا شۇنداق ماھىر بولغاندىلا، زىيان تارتىش ۋە ئالدىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. «ھېسابنىڭ سىرتىدا ئىش يوق، كالپۇكنىڭ سىرتىدا چىش يوق» [96]، «پۇل تاپقىچە ھېساب تاپ» [97]، «پۇل تېپىۋالساڭ سانىۋال» [98] قاتارلىق ماقالىلار ھېساباتنىڭ سودا - تىجارەتتىكى مۇھىم قىممىتىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال - تەمسىللىرىدە سودا - تىجارەتتىكى مەبلەغ ۋە بازار مەسىلىسى، تىجارەتنىڭ رولى ۋە مۇددىئاسى، تىجارەت ئۇسۇلى، تىجارەت تەجرىبە - ساۋاقلىرى ۋە سودا ئىشلىرىغا بولغان ئىجابىي - سەلبىي كۆز قاراشلار خېلىلا كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

## 5. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا قارىشى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ سودا قارىشىدىكى ئوخشاشلىقلار ۋە پەرقلەر

ياپونىيىلىك داڭلىق كارخانىچى تودېندىن ئەپەندى «يەھۇدىيلارنىڭ پۇل تېپىش سىرى» ناملىق كىتابنى يېزىپ، 5 مىڭ يىللىق سودا ئەنئەنىسىگە ئىگە، تىجارەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا

تۇرىدىغان يەھۇدى مىللىتىنىڭ مول تەجرىبىلىرى-
نى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن[19]. بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا
قويۇلغان بىرمۇنچە يەھۇدىچە سودا ئۇسۇلى يۇقىرى-
دا بىز مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ
سودا كۆز قاراشلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مە-
سىلەن، يەھۇدىلارنىڭ «نەق پۇلچىلىق ئۇسۇلى»
ئۇيغۇرلارنىڭ «كىشىدىكى پۇل چۈشىدىكى پۇل»
دەيدىغان كۆز قارىشىغا، يەھۇدىلارنىڭ باھانى چۈ-
شۈرمەسلىك، ئەرزان ساتماسلىق ئۇسۇلى ئۇيغۇر-
لارنىڭ «ئەرزان نەرسە ئىللەتسىز ئەمەس، قىممەت
نەرسە ھېكمەتسىز ئەمەس» دېگەن كۆز قارىشىغا،
يەھۇدىلارنىڭ بىر ئىزدا چۆگىلەۋېرىشتەك پاسسىپ
سودا ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق ھەققىدىكى كۆز قا-
راشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ «بولسا بولار، بولمىسا ئىز
پۇلى» دەيدىغان تەۋەككۇلچىلىك روھىغا، يەھۇدى-
لارنىڭ كۆڭۈل ھېساباتىغا ماھىرلىقى ئۇيغۇرلار-
نىڭ «پۇل تاپقىچە ھېساب تاپ» دېگەن كۆز قارى-
شىغا، يەھۇدىلارنىڭ «ئاياللار ۋە ئېغىز»نى چەن-
لەش ئۇسۇلى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئاياللارنىڭ
كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەتلىرى ۋە ئاشخانا تىجا-
رىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كۆز قارىشىغا
تامامەن ئوخشايدۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن يەھۇدى
خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق سودا ئەمەلىيىتى جەريانى-
دا، ئوخشاشمىغان جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە ئوخ-
شاشمىغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ھاسىل قىلغان
ئوخشاش سودا- تەجرىبىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ھال
سودا - تىجارەت كەسپىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەت -
پرىنسىپلىرى ئوبيېكتىپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسى-
تىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى مىللەت-
نىڭ سودا - تىجارەت توغرىسىدىكى كۆز قاراشلى-
رىدا يەنە روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. مەسىلەن،
ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئاز پايدا ئېلىپ كۆپ سېتىش
ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار مال-
نىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ.
ئەمما يەھۇدىلار بۇنداق ئۇسۇلغا تۈپتىن قارشى،
ئۇلار ھەر ۋاقىت كۆپ پايدا ئېلىشنى تەشەببۇس
قىلىدۇ. ماللىرى بېسىلىپ قالسىمۇ باھانى مۇت-
لەق چۈشۈرمەيدۇ. يەھۇدىلار يەنە پۇلنى ھارام ۋە
ھالال دەپ ئايرىمايدۇ. سودىدا مەقسەتكە يېتىش
ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىشنى بىر خىل
ئاقىلانىلىق دەپ ھېسابلايدۇ. سودىدا بوزەك قىلى-
نىپ زىيان تارتقانلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئۇياقتا
تۇرسۇن، بەلكى ئۇلارنى «ئىقتىدارسىز» دەپ
كەمسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۇ-
لار ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن
قارايدۇ. سودىدىمۇ ئىنساپلىق بولۇشنى تەكىتلەي-
دۇ. پۇلنى ھارام ۋە ھالال دەپ ئايرىيدۇ. باشقى-
لارنى بوزەك قىلىشتا چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى
پۈتكۈل جەمئىيەت قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ
قىلمىشىنى چەكلەيدۇ. يەھۇدىلار يەنە سودا - تىجا-
رەتتە بايلارنى ئوبيېكت قىلىدۇ، بارلىق تىجارەتتە
بايلارنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مۇ-
ھىم پرىنسىپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تىجا-
رەت لۇغىتىدە «بايلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»
دېگەن ئىبارە يوق. ئۇلار ئەكسىچە جەمئىيەتتىكى
ھەممە ئادەم ئېھتىياجلىق بولىدىغان تاۋارلارنى ئې-
لىپ سېتىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مانا
بۇنداق پەرقلەر يەھۇدىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ
ئوخشاش بولمىغان تارىخىي سەرگۈزەشتىسى، ئوخ-
شاش بولمىغان مەدەنىيەت سىستېمىسى ۋە ئوخ-
شاش بولمىغان دىنىي ئېتىقادىدىن ھاسىل بولغان
ئوخشاش بولمىغان ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ روشەن
ئىنكاسى.

## 6. خاتىمە

يۇقىرىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى
چۆچەكلەردە بايان قىلىنغان سودا - تىجارەت تۇر-
مۇشى ۋە ماقال - تەمسىللەردە ئىپادە قىلىنغان
سودا - تىجارەت كۆز قاراشلىرىنى ئاساس قىلىپ
تۇرۇپ، ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكى، ھەققىدە قىسقىچە
مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتتۇق. ناھايىتى ئېنىقكى،
بۇ ماقالە ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت كەسپىنى
بىرلا نۇقتىدىن كۆزىتىش بىلەن چەكلىنىدىغان

بولغاچقا، ئۇ ئومۇملۇق ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىن تولىمۇ يىراقتا تۇرىدۇ. ئەمما، مۇشۇنداق ئايرىم - ئايرىم نۇقتىدىن مىكرولۇق هالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ جۇغلىنىشى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخ، پۇختا ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان سودا - تىجارەت كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىر پۈتۈن شەكىلدە يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ ئاخىرقى نىشانىمىز — ئۇيغۇر سودا - تىجارەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي جەريانلىرىنى ئىلمىي هالدا يەكۈنلەش ئارقىلىق، ئۇنى بۈگۈنكى رىقابەت دەۋرى ئىچىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان ۋە راۋاجلىنالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش ۋە خەلقئارا سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشتىن ئىبارەت.

---

ئىزاھلار:

① ساۋخوچاڭ: «هازىرقى زامان سودا ئىلمى»، خەنزۇچە، 4 - بەت.
② «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1990 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانى.
③ ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - قىسىم، 110 - بەت.
④ ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم 160 -، 161 - بەت، 231 -، 232 - بەتلەرگە قارالسۇن.
⑤ ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم 337 -، 338 - بەت.
⑥ جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگو - غەرب قاتناش ئىشلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە، 1 - كىتاب 421 - بەت.
⑦ «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 - قىسىم 1072 - بەتتە ئېلىنغان ستات.
⑧ سۇيبىخەي: «خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان يايلاقتىكى يىپەك يولى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژۇرنىلى 1987 - يىللىق 1 - سان.
⑨⑩⑭㉚㊸㊾ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 7- قىسىم.
⑪⑫⑯⑰㉓㊲㊳㊵ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 8 - قىسىم.
⑮㊷㊻㊼(51) «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 4 - قىسىم.
⑬⑱⑲㉞ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 1 - قىسىم.
⑳ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 2 - قىسىم.
㉑㉔㉙㊴ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 3 - قىسىم.
㉒㉘ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 10 - قىسىم.
㉕㉖㊽ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 5 - قىسىم.
㊹(56) «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 9 - قىسىم.
㊶ «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 11 - قىسىم.
㉝㉗(52)(53)(55) «ئۈرۈمچى تىيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى»
㉛ «ئاقسۇ كونا شەھەر خەلق چۆچەكلىرى»
㉜㊱㊺㊿ «شايار خەلق چۆچەكلىرى»
㉟ «ئۇچتۇرپان خەلق چۆچەكلىرى»
(54) «ئاۋات خەلق چۆچەكلىرى»
(57)(58)(61)(62)(64)(65)(66)(67)(68)(71)(72)(73)(74)(75)(76)(79)(80)(81)(82)(83)(84)(86)(87)(88)(90)(92)(94)(96)(97)(98) «ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 261 -، 272 - بەتلەر.
(59)(60)(78)(85)(89)(91) «شايار خەلق ماقال - تەمسىللىرى» 168 -، 171 - بەتلەر.
(63)(69)(70)(77)(93) «ئۈرۈمچى تىيانشان رايونى خەلق ماقال- تەمسىللىرى»، 229 -، 232- بەتلەر.
(99) تودبىندىن: «يەھۇدىلارنىڭ پۇل تېپىش سىرى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى.

(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى

# خەلق چاقچاقچىسى ھىسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ھەققىدە

ئەنۋەر تاجىدىن*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە «ھازىرقى زامان نەسىردىن ئەپەندىسى» دەپ نام ئالغان ھىسام قۇرباننىڭ چاقچاق، لەتىپىچىلىكتە يېتىلىشى، ئۇنىڭ چاقچاق، لەتىپىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، كىشىلەرگە بولغان تەسىرى، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ھىسام قۇربان چاقچاق، لەتىپىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文简要介绍素有“当代阿凡提”之称的伊萨木·库尔班在幽默艺术方面的造诣,其幽默故事的特点,对人们的影响以及维吾尔及其他民族知识界对其幽默故事的研究情况。

**Abstract**: This artide explains Hisam Kurban, who is now called 《contemporary Hoja Nasserdin》, and his mature in humour, the characteristics of his humours and their influence on people, as well as the research work of Uighur and other nationality's intellectuals on his humours.

مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى گۈلزارى ئىچىدە ئىدىيىۋى - تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، بەدىئىي - ئېستېتىك قىممىتى، ۋە قايىل قىلىش كۈچى زور بولغان بىر گۈزەل تۈر بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىدىن ئىبارەت. چاقچاق — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەجۋى تۈرىگە كىرىدىغان بىر خىل ئاممىباب ژانىر. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان، تەبىئەت گۈزەللىكىدىن بەھرى ئېلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارىدىغان «باھار سەيلىسى»، «گۈل سەيلىسى»، «قوغۇن سەيلىسى»، «بوستان سەيلىسى»، «ئۈرۈك سەيلىسى» قاتارلىق سەيلە ئەنئەنىسى، سەنئەت مەكتىپى بولغان خەلق مەشرەپلىرى ھەمدە توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلاردىن ئىبارەت باي، ئەنئەنىۋى پائالىيەت شەكىللىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ مەشرەپلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ چاقچاقتىن ئىبارەت بۇ ژانىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىشىنى بىر خىل ئەۋزەل ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن تەمىنلەپ ئۇنى قەدىمىي، تارقىلىشى كەڭ، سېھرىي كۈچى زور بولغان بىر خىل ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرىغا ئايلاندۇردى.

* ئەنۋەر تاجىدىن: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار خۇشخۇي، ئوچۇق-
يورۇق، ئۈمىدۋار، ئىجادكار، ناخشا ـ مۇزىكىغا،
كۈلكە ـ چاقچاققا ماھىر قەدىمىي مىللەت. ئۇلار
ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات مۇساپىسىدە مەز-
مۇنى مول، شەكلى خىلمۇ خىل، ئۆزىگە خاس
مىللىي ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت
تارىخىنى جۈملىدىن ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى
ۋە پىسخىك خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان ئاجايىپ
كۆركەم ۋە خىلمۇ خىل سەنئەت شەكىللىرىنى يا-
راتقان، ئەنە شۇلارنىڭ بىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولغان چاقچاقتىن ئىبا-
رەت. چاقچاقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ
مەزمۇنى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا پەيدا
بولىدىغان ئۈنۈملۈك ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئېستې-
تىك زوق، كۈچلۈك كومېدىيىلىك تۈس ۋە شۇ
ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن جاراڭلىق كۈلكىدىن ئى-
بارەت. بۇنداق كۈلكىنى پەيدا قىلىش ئاسان ئە-
مەس، بۇنىڭ ئۈچۈن چاقچاقچى تۇرمۇش ۋە ئادەم-
لەرنى ئەتراپلىق، پۇختا كۆزىتىشى، ماھىيەتلىك
ھادىسىلەرنى ۋە تۈرلۈك تىپلارنى زېرەكلىك بىلەن
بايقاشقا، چىچەنلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە ما-
ھىر بولۇشى، ئۇ كەڭ فانتازىيىگە، تىل بايلىقىغا،
ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈم-
لۈك، دەل جايىدا پايدىلىنىشقا، ئاللېگورىيىلەرگە
مۇراجىئەت قىلىشقا ئۇستا بولۇشى لازىم. شۇنداق
قىلغاندىلا، چاقچاقنى يۇقىرىقىدەك زور بەدىئىي
ئۈنۈمگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شەكلى جەھەتتىن
ئېيتقاندا، چاقچاق بىر خىل دىئالوگ بولۇپ، ئۇ-
نىڭغا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئادەم قاتنى-
شالايدۇ. بىراق چاقچاق ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ
ئادەتتىكى سۆھبىتى ياكى ئاددىي سۆز ئويۇنى ئە-
مەس. چاقچاقتا ھازىر جاۋابلىق، تېكىست مەزمۇ-
نى ئەستەرلىك ۋە مەنتىقىلىق بولۇش، ئۆزئارا دى-
ئالوگدىكى پىكىر مەزمۇنلىرى بىر ـ بىرىگە چەم-
بەرچاس باغلانغان بولۇشتەك روشەن ئالاھىدىلىك-
لەر بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس سيۇژ-
تى، كومپوزىتسىيىسى، ھەجىم جەھەتتىن ئىخچام
ۋە چاققانلىقىغا ماس ھالدىكى تۈگۈن، راۋاج،
كولمىناتسىيىسى ۋە يېشىمى بولىدۇ.

ئىلى چاقچاقلىرى ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى-
نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر
راۋاجى. بىز ئىلى چاقچاقلىرىغا قارايدىغان بول-
ساق، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ چاقچاق ۋە چاقچاقلە-
شىشتىن ئىبارەت قەدىمىي، ئەنئەنىۋى مىللىي ئا-
لاھىدىلىكىنىڭ ھەمدە بۇ تۈردىكى ئىجادىيەت ۋە
مىراسلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلى-
رىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ باي، روشەن ۋە ئۆزگى-
چە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ
قويۇق يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ
بايقىۋالالايمىز.

ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ، يەنە بىر
تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ تۇرمۇشتىن كېلىدۇ
ۋە تۇرمۇشقا قايتىدۇ. ئىلى دىيارىدا ياشىغان ۋە
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان خەلق چاقچاقچىلىرى-
نىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىق-
قان. ئۇلار ئۆز ھاياتىدا بېشىدىن نۇرغۇن ئوڭۇش-
سىزلىق ۋە ئىسسىق ـ سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن، ئا-
جايىپ قىسمەتلىك سەرگۈزەشتىلەر ۋە كۈچلۈك ئى-
دىيىۋى ھېسسىياتقا ئىگە بولغان، ئۇلار ئەنە شۇن-
داق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەنە ھاياتنى
پۇختا كۆزىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى ئار-
قىلىق تۇرمۇشتىكى ئەھمىيەتلىك ۋەقە ـ ھادىسى-
لەرنى ماھىرلىق بىلەن بايقاپ، ئۇنى ئۆز تۇرمۇش
سەرگۈزەشتىلىرى ھەم ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن
زىچ بىرلەشتۈرۈپ چاقچاقلارغا سىڭدۈرۈپ، كىشى-
لەرگە ئىدىيىۋى تەربىيە بەدىئىي ـ ئېستېتىك
زوق، كۆڭۈل خۇشلۇقى ۋە شادلىق ئاتا قىلىپ
كەلگەن. ئىككىنچىدىن، ئىلى چاقچاقلىرى ئىل-
مىيلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى تىلىنىڭ گرام-
ماتىكىلىق قائىدىلەرگە، ئېستېتىكىلىق تەلەپلەر
ۋە لوگىكىلىق پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولۇشىدا،
ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيە، يەتمەكچى بولغان
مۇددىئانىڭ پەلسەپىۋى قانۇنىيەتكە زىچ ماسلاشقان-
لىقىدا، ئىنسان تەبىئىتىنى ئۇلۇغلاش، كىشىلىك
غورۇرنى قوغداش ئارقىلىق ئاقىۋىتى ناھايىتى خە-
تەرلىك بولىدىغان يامان ئىش ۋە ئادەملەرنى خەير-
لىك ئىش ۋە ئىجابىي ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇش قا-

تارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئىلىدا ئۆتكەن مەشھۇر چاقچاقچى باۋخان كورنىڭ ئەل ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بىر مۆتىۋەر زاتنىڭ بىر ئەشەددىي ئات ئوغرىسىنى قانداق قىلىپ تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇنى يامان ئىشتىن قول ئۈزدۈرگەنلىكى ھەققىدىكى چاقچىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. بۇ چاقچاقتا كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىلمىيلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ئات ئوغرىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا رەزىللىك تەرىپىدىن چۆمكۈلۈپ قالغان ئىنسانىي پەزىلەت قايتىدىن باش كۆتۈرىدۇ، ئىككىنچىدىن، يوقالغان ئات ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئوغرىنىڭ تالاپىتى دەستىدىن دەككە - دۈككىدە ياشاۋاتقان يېزا ئاھالىسى بىر چوڭ غەمدىن خالاس بولىدۇ، تۆتىنچىدىن، بۇ مۆتىۋەر زاتمۇ ئۆز ئەمگىكىنىڭ غەلىبىسىدىن بىر خىل شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىلى چاقچاقلىرى يۇمۇر ۋە ھەجۋىيگە باي. چاقچاق ھەجۋىي ئەدەبىياتقا تەۋە، ھەجۋىي ئەدەبىياتنىڭ پېرسوناژلار ھەرىكىتى جانلىق ۋە قىزىقارلىق بولۇش، تىلى يوشۇرۇن مەنىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. ئىلى چاقچاقلىرىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك تولىمۇ روشەن. ئىلى چاقچاقلىرى چاقچاقنىڭ جېنى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان يۇمۇرغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار چىنلىق چاقچاقنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، تۇرمۇش قايىنىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يۇمۇرىستىك كۈلكىنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەت ھاياتىدىكى ھەر خىل قالاق ھادىسىلەر ۋە يىرگىنىشلىك مەنىۋى ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە قامچىلاشقا ئۈنۈملۈك ھالدا تەدبىقلاپ كۈچلۈك ھەجۋىيلىك پەيدا قىلالىغان.

ئەگەر بىز كۈلكە - چاقچاقتا بولغان ماھىرلىقنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاقلىقى دېسەك، ئەنە شۇ چاقچاقنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلاشتۇرۇشى، ئۇنىڭغا بولغان ئالاھىدە ئىنتىلىش ۋە ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقى دېيەلەيمىز. ئىلى ئۇيغۇرلىرىدا ئەنە شۇنداق روشەن ئالاھىدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدىن كۆپلىگەن چاقچاقچىلار يېتىشىپ چىققان ۋە چاقچاق ئىجادىيىتى گۈللەنگەن ھەمدە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ دوراش شەكلى، ھېكايە شەكلى، دىئالوگ شەكلى، لەقەملىك شەكلى، ماسلىشىشچانلىق شەكلى قاتارلىق شەكىللىرى ۋە سېھرىي قۇۋۋەتكە ئىگە سەممىي ۋە جاراڭلىق كۈلكە پەيدا قىلىشىنىڭ مۇبالىغە، ھازىرجاۋابلىق، تەتۈر ئىسپاتلاش، تېپىشكلەشتۈرۈش، سىلىق - سىپايە سۆزلەش قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلگەن.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىلى ئۇيغۇرلىرى چاقچاق ۋە چاقچاقلىشىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ پۈتكۈل مەنىۋى ھاياتىغا دېگۈدەك سىڭىپ كەتكەن. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ توي - تۆكۈنلىرى مەشرەپ - ئولتۇرۇشلىرى، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، دەم ئېلىش كۈنلىرى كۈلكە - چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ. ئىلى خەلقىنىڭ بۇ خىل ساغلام ۋە جۇشقۇن مەنىۋى پائالىيىتى خۇددى ئۈزۈلمەس ئېقىندەك ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلىنىپ، روشەن ئەنئەنىگە ۋە تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ كەلدى. ئىلىدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت زېمىندا ۋە ئۇنىڭ ئەۋزەل مەنىۋى مۇھىتىدا تارىختىن تارتىپ كىشىلىك پەزىلىتى دۇرۇس، چاقچاقچىلىق ئىستىلى ساغلام، ئىجادىيىتى مول بولغان قۇربان ئىسمائىل، باۋخان كور، غوپۇر دىڭخۇلۇ، تۇرسۇن تېيىپ، زوردۇن، جانى يولداشۇۋ، موللا مەتيا خەلپىتىم، ياقۇپبەك پوچى قاتارلىق ئاتاقلىق چاقچاقچىلار ئۆتكەن. ئۇلار بىر تەرەپتىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىدىكى چاقچاق ھەۋەسكارلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان، كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن زامانىمىزدىكى ھايات نەسىرىدىن ئەپەندى دەپ نام ئالغان شەخس ھېسام قۇرباندۇر

ھىسام قۇربان 1930 - يىلى غۇلجا شەھىرى-
نىڭ شەھەر ئىچى ئوردا مەھەللىسىدە بىر تىجارەت-
چى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1940 - يىلىدىن
1944 - يىلىغىچە شەھەر ئىچىدىكى بەيتۇللا مەد-
رىس مەكتىپىدە ئوقۇغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلە
قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرال-
ماي تاكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر ئۇششاق
تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ھىسام قۇربان 1951
- يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك ۋە
غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلەپ،
ئۆزىنىڭ سەنئەت ماھارىتى ئارقىلىق كەڭ ئامما-
نىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1961 - يىلى-
نىڭ ئاخىرى غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى
تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇ تورپانيۈزى، گەمە
قاتارلىق يېزىلاردا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللان-
غان. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرى غۇلجا شەھىرىگە
قايتىپ كېلىپ تاكى 1980 - يىلىغىچە ئىشتىن
سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتنىشىپ ئۆز ماھا-
رىتىنى داۋاملىق نامايان قىلغان. 1980 - يىلى
9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئەدەبى-
يات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، مەر-
كەزدىن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەل-
گەن سەنئەت ئەھلىگە ماھارەت كۆرسىتىپ، زور
ئالقىشقا ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. شۇ يىلنىڭ
ئاخىرى ئۇنىڭ خىزمىتى ئەمەلىيلىشىپ غۇلجا شە-
ھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ھىسام قۇربان ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ،
جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەتكارلار جەم-
ئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئې-
غىز ئەدەبىيات - سەنئەتكارلار جەمئىيىتىنىڭ دائى-
مىي ئەزاسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، غۇلجا شەھەر-
لىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلى-
نىپ، ئىجتىمائىي ئىشلاردا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ
رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇ يەنە ئوبلاست-
لىق، شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت
تارماقلىرى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىيات -
سەنئەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە خەلق ئەدە-
بىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشتىكى نەتىجىسى ئۈچۈن

مۇكاپاتلىنىپ شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىغا ئېرىشتى.

ھىسام قۇربان ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجا-
دىيەت مۇساپىسىدە ئەقىل - پاراسىتى، چېچەنلى-
كى، تۇرمۇش ئاساسىنىڭ پۇختىلىقى، بىر خەلق
ئېغىز ئىجادىيەتچىسىگە مۇناسىپ ئىجادىيەت خاس-
لىقى، تىل ۋە تەپەككۇر بايلىقى ھەمدە يۇقىرى
بەدىئىي ماھارىتى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىغا مول
مەنىۋى ئوزۇق، مەنىۋى زوق ئاتا قىلىدىغان چاق-
چاقلىرىنى تەقدىم قىلىپ، ئەل ئىچىدە شۆھرەت
قازاندى، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ
خەلق سەنئىتى ئىجادىيىتىدە مۇشۇنداق مۇۋەپپەقى-
يەت ۋە شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولالىشىدىكى
بىرىنچى مۇھىم ئامىل دەل ئۇنىڭ خەلق فولكلورى-
نىڭ چاقچاق - لەتىپىچىلىكتىن ئىبارەت بۇ قەدى-
مىي، ئەنئەنىۋى تۈرىگە بولغان قىزغىن مۇھەببى-
تى، بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئال-
دىدا ھەرگىز قانائەتلەنمەي داۋاملىق ئىزدىنىش،
ئىجاد قىلىش روھى ۋە غەيرەت - شىجائىتىدىن
ئىبارەت بولسا، ئىككىنچى مۇھىم سەۋەب ئۇ ياشى-
غان، پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي مۇھىت
ئامىللىرىنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئىبا-
رەت. ھەرقانداق بىر دۆلەت، مىللەت، دەۋر ئەدە-
بىياتىدا مەيلى ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتى ياكى خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىدا بولسۇن ۋەكىللىك خاراكتېرگە
ئىگە نامايەندىلىرىگە باھا بەرگەندە ئاشۇ كىشىنىڭ
تۇغۇلغان ۋاقتى، ياشىغان دەۋرى، ئائىلە ۋە جەم-
ئىيەتتىكى تەربىيىلىنىش مۇھىتى، ئىجتىمائىي
ئالاقە پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل تو-
نۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى بۇ خىل ئامىل-
لار ئاشۇ يازغۇچى - سەنئەتكارنىڭ پسىخىك ئالاھى-
دىلىكى، سەنئەت خاھىشى، ئىجادىيەت خاسلىقى ۋە
مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم
تاشقى ئامىل ياكى تاشقى سەۋەبلەردىن ئىبارەت.

ھىسامنىڭ ئاتىسى قۇربان ۋە چوڭ دادىسى
ئىسمائىللار ئۆز دەۋرىدىكى يۇرت - جامائەت ئىچىدە
تەسىرى بار ئاتاقلىق خەلق قىزىقچىلىرى ئىدى.
ئۇلار شۇ دەۋردىكى ھاكىم بەگ غوجا قاتارلىق
يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەشرەپلەردە بىرگە بولا-
تتى. قۇربان ئاكا ئوغلى ھىسامنى ناھايىتى ياخشى

كۆرگەچكە ئۇنى ئۆزى قاتناشقان مەشرەپ - ئولتۇرۇشلارغا بىرگە ئېلىپ باراتتى، بۇ مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ مەنىۋى مۇھىتى ناھايىتى ساپ، سورۇن ئەخلاقى ئۈلگىلىك ئىدى، ئۇنىڭدا ئادەملەرنى روھىي ئازادىلىككە ئېرىشتۈرىدىغان ۋە ئىنسان دىلىنى ساپلاشتۇرىدىغان نۇرغۇن قىزىقچىلىقلار ۋە ساغلام، گۈزەل چاقچاقلار بولاتتى. مانا مۇشۇنداق گۈزەل ئائىلە مۇھىتىدا ياشىغان ھىسام قۇربان ئەڭ ئالدى بىلەن ئاتىسى ۋە چوڭ دادىسىنى ئۇستاز تۇتۇپ، چاقچاق قىلىشنىڭ ھەمدە چاقچاقلارنى ساغلام، كۈلكىلىك، كۈچلۈك يۇمۇر تۈسكە ۋە ھەجۋىيلىككە ئىگە قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندى. جەمئىيەتتە بولسا، بىز يۇقىرىدا نامىنى ئاتاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق چاقچاق ئۇستىلىرىدىن ھاۋخانكور، تۇرسۇن تېيىپ، غوپۇر دىڭخۇلۇ، زوردۇن (شۇۋە)، ھۇسەيىن قاتارلىقلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، ئۇلار بىلەن تۈرلۈك سورۇنلاردا بىللە بولدى ھەمدە ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا يېتىلدۈرگەن ماھارەت ۋە تەجرىبىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى. ئۇ دەۋردىكى چاقچاقلارنىڭ ماقال - تەمسىللىك، لەتىپىلىك ئالاھىدىلىكىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى— لەقەملەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ لەقەملىرى توغرىدىن - توغرا، قوپال ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلماي، بەلكى ئەگىتمە يوللار، ناھايىتى سىلىق ئۇسۇللار، يېقىملىق سۆز - ئىبارىلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلەتتى ھەمدە چاقچاق قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن سورۇن ئەھلىگە بىر خىل ئېستېتىك زوق بېغىشلايتتى. ئۇلار چاقچاق كىشىلەرگە روھىي ئوزۇق بېرىشى لازىم دەپ قارايتتى ۋە ئىزچىل ھالدا كىشىلەرنىڭ ئار - نومۇسىنى قوغدايتتى، ئىنسانىي غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق كىشىلىك پەزىلىتى، خەلق ئېغىز ئىجادىيەتچىلىرىگە خاس سەنئەت قابىلىيىتى، ئىلمىي چاقچاقلىشىش ئىستىلى ۋە ئۇسۇللىرى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مۇشۇ ساھەسىگە كۈچلۈك مۇھەببەت باغلىغان ۋە بۇ يولدا تىرىشىۋاتقان ھىسام قۇرباننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى ئىجادىي تەتبىقلاپ سورۇنلاردا تۈرلۈك ئوبيېكتلارنىڭ مەسىلەن، زىيالىيلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، رەھبەرلەر، سودىگەرلەر، ئوقۇغۇچىلار، دىنىي زاتلار، چوڭلار ۋە كىچىكلەر، ئەرلەر ۋە ئاياللار، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى، كەيپىياتىنى، چاقچاقنى كۆتۈرۈش، قوبۇل قىلىش قۇۋۋىتىنى كۆزىتىپ، ئۇلارغا قانداق چاقچاقلارنى قىلىش، قانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋە پۈتۈن سورۇن ئەھلىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، جۇشقۇن سورۇن كەيپىياتى يارىتىش جەھەتتە كەڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ئۆزىگە خاس چاقچاقچىلىق ئىستىلى ۋە ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈردى.

ھىسام قۇرباننىڭ چاقچاق ئىجادىيىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا باشلانغان بولۇپ، 1946 - يىلىدىن ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە مۇشۇ ساھەدە مەنىۋى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ھىسام قۇرباننىڭ ھايات مۇساپىسى تولىمۇ ئەگرى - توقاي بولدى. ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىپ، ئاق - قارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي ئالاقىلىرى ۋە پىكىر ئەركىنلىكى قاتتىق بوغۇلغان ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا ئۇ ئۆز يۇرتىدا مۇساپىر، مۇقىم تۇرالغۇسى يوق سەرگەردانغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ خەلق ئارىسىدا، خىلمۇخىل سورۇنلاردا چاقچاق ئىجادىيىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ كۆڭۈل - كۆيلىرىنى، قەلب سادالىرىنى ئىخچام ۋە تولىمۇ تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەردى، ئۇنىڭ دەۋر روھىغا باي «كەتمەنخۇي»، «تەتۈر قوزۇق»، «ئىچىدىكىسى» قاتارلىق گۈزەل چاقچاقلىرى ئاشۇ يىللاردا مەيدانغا كەلگەندى.

ھىسام قۇرباننىڭ چاقچاق ئىجادىيىتىنى تېمىتىك مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن تۆت باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ، ھىسام قۇرباننىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى چاقچاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مە-

گىلى ئىدى. ئىككىنچى باسقۇچ، ئۇنىڭ يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابىنىڭ هارپىسىغىچە بولغان يىللار ئىچىدە-
كى چاقچاق ئىجادىيىتى. ئۈچىنچى باسقۇچ، ئون
يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى
چاقچاقلىرى. تۆتىنچى باسقۇچ بولسا، «تۆت كە-
شىلىك گۇرۇھ» تار - مار قىلىنغاندىن تارتىپ
هازىرغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى چاقچاقلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر پۈتۈن ئىجادىيەت مۇساپە-
سى ئىچىدە ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى باسقۇچتا ئۇنىڭ
چاقچاقچىلىق ئىجادىيىتى ناهايىتى گۈللەندى؛ يەنى
مۇشۇ يىللاردا ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىغا زور مەنىۋى
شادلىق ۋە ساغلاملىق ئاتا قىلالىغان، ئەلنىڭ قەلب
سادالىرىنى تولۇق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرەلە-
گەن ئەلا نادىر چاقچاقلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەي-
دانغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەك نەتىجىلىرى-
نىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ۋە خەلق ئارىسىغا
كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، مەرهۇم شائىرىمىز
تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تولۇق
ئەهمىيەت بېرىشى، بولۇپمۇ شائىر ۋە يازغۇچى
مەهمۇت مۇهەممەتنىڭ يىغىش، رەتلەش قەلەمگە
ئېلىپ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئۇنىڭ بەش پار-
چە چاقچاقلار توپلىمى 1982- يىلىدىن 1995- يى-
لىغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن رەس-
مىي نەشر قىلىندى. ئەدەبىي تەرجىمان جاۋشىجى
توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان
قىلىنغان هىسام چاقچاقلىرىدىن 115 پارچىسىنى
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇردى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ئاپتونوم رايونى-
مىز ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كەڭ خەنزۇ كىتاب-
خانلار ئارىسىغا تارقالدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، هىسام
قۇربان يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيەت هاياتىدا ئۆزىگە
خاس مول تۇرمۇش بىلىمىگە ئاساسەن تۇرلۇك مۇ-
هىت - شارائىت ۋە خىلمۇ خىل ئوبيېكتلارنىڭ
ئەمەلىي ئەهۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىخچام، قۇ-
رۇلمىسى پۇختا، تىلى ئۆتكۈر، يۇمۇرلۇقى ۋە
هەجۋىيلىكى كۈچلۈك، ئىدىيىۋى - بەدىئىي تەسى-
رى چوڭقۇر، ئىلمىي ۋە هازىر جاۋاب چاقچاقلىرى
بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ،
خەلقنىڭ كۆيۈمچىسى، يېقىن دوستى، خەلق قەلبى-
نىڭ روشەن ئەينىكى بولۇپ كەلدى. خۇددى ئەدە-
بىيات تەتقىقاتچىسى ليۇ يىنلياڭ ئەپەندى كۆرسە-
تىپ ئۆتكەندەك هىسام قۇربان چاقچاقلىرىنىڭ تې-
ماتىك مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى ئۈچ چوڭ تۈرگە يى-
غىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، دۆلەت ۋە خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ
كەلگەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇنىڭ غال-
چىلىرىنى پاش قىلغان ۋە ئۇلارغا كىنايە قىلغان
چاقچاقلار. ئۇ ياشىغان، ئۇۋۇالچىلىقتا يولۇققان ئا-
شۇ ئاپەتلىك يىللاردىكى هەق بىلەن ناهەق ئاستىن-
ئۈستۈن قىلىنىپ ئاق بىلەن قارا ئارىلاشتۇرۇۋې-
تىلگەن رەھىمسىز رېئاللىق بۇ خەلق ئېغىز ئەدە-
بىياتى ئىجادىيەتچىسىنى مول ئىجادىيەت ماتېرىيال-
لىرى بىلەن تەمىنلىگەن، شۇڭا مۇشۇ يىللاردا
هىسام قۇربان چاقچاقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەنقى-
دىي كۈچى ۋە پاش قىلىش رولى ناهايىتى ياخشى
گەۋدىلەندى. «ئىچىدىكىسى»، «باشلىقنىڭ خەرد-
تىسى»، «ئاغىنىلىرىمنى دەپ بېرەيمۇ»، «سە-
لەرنى ئاۋارە بولمىسۇن دەپ»، «ئانام شۇنداق
سىدام تۇغۇپتىكەن»، «چاقچاقنى كۆتۈرۈش»،
«دۇنيانىڭ قارىشى»، «مېهمانلىرىڭنى كۈتۈۋال-
غىن» قاتارلىق چاقچاقلىرىدا مەدەنىيەت زور ئىن-
قىلابىدىكى ئۇرۇش - چېقىش، بۇلاش ئەسەبىيلە-
كىنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن ئېغىر ماددىي ۋە
مەنىۋى ۋەيرانچىلىقى، هەممىدىن گۇمانلىنىش،
قىستاش، مەجبۇرلاش هەمدە شۇ ئارقىلىق كىشى-
لەرنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەهەتتىن ئېغىر دەرد-
جىدە ئازابلاش، بىلىمگە، ئىلمىي قانۇنىيەتكە
هۆرمەت قىلماسلىق، مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا
توسقۇنلۇق قىلىش، زىيالىيلارنى پەس كۆرۈش ۋە
ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، ئاخباراتتىكى ئۇچىغا
چىققان سولچىللىق ۋە ساختىلىق، هۆكۈمەتسىز-
لىك يامراپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پالەچ هالەتكە چۈ-
شۈپ قالغانلىقى، ئايىغى چىقماس قۇرۇق يىغىن-
لار، خەلقنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنىڭ ئېغىر
دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەنلىكى، خەلق ئىگىلىكى
ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ زەئىپلىشىپ سىرىقتال ها-

لەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر قاتتىق پاش قىلىنغان ۋە قامچىلانغان.

ئىككىنچى، كىشىلەر ئارىسىدىكى خىلمۇ خىل قالاق ئىدىيە ۋە ناچار ئىللەتلەرنى ھەجۋىي ۋە تەنقىد قىلىشنى مەقسەت قىلغان چاقچاقلار. ھېسام قۇرباننىڭ «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى»، «ئىسىمىم دېموكراتىيە»، «ئاۋارىگەرچىلىك»، «ئالامىدەغان» قاتارلىق چاقچاقلىرىدا ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان بيۇروكراتلىق، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش، تۆرىچىلىك بىلەن خىزمەتنى ئاقسىتىپ ئاممىنى كولدۇرلىتىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنىدۇ ۋە تەنقىدلىنىدۇ. «فىرما قالىدۇ»، «گۇناھ كىمدە؟»، «مۇشۇنداق كېلىۋەرسىڭىز»، «نىمە تېتىيدۇ؟»، «بىر يورۇشلا بولۇپ كەتسۇن» قاتارلىق چاقچاقلىرىدا خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىش، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىش، ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ ئومۇمنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش، ماختانچاقلىق، كۆرەڭلىك، پوچىلىق، كۆچۈرمىكەشلىك، ئۆلۈك ھالدىكى تەقلىدچىلىك، ساۋاتسىزلىق، نادانلىق، غەيۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق قاتارلىق خىلمۇ خىل رەزىل قىلمىشلار ھەم يىرگىنىشلىك مەنىۋى ئىللەتلەر قاتتىق تەنقىد ۋە ھەجۋىي قىلىنىپ، كىشىلەرنى بۇ خىل مەنىۋى مەرەزلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا ھەمدە پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا گۈزەللىك ۋە ئالىيجانابلىقنى، ساغلام ۋە ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇنىڭ «كۆلۈمسىرەش»، «پىيما»، «جۈملە تۈزۈش»، «دەرۋىشكە ئوخشايدۇ»، «ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى» قاتارلىق چاقچاقلىرىدا ئېغىر دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك، سۆرەلمىلىك، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سورۇنلىرىدىكى قوپاللىق، ئەدەبسىزلىك، مەينەتچىلىك قاتارلىقلار تەنقىد قىلىنىش بىلەن بىللە يەنە ياشلارغا مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، قارىغۇلارچە مودا قوغلاشماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. «تويىدۇ - دە»، «مۇھەببەت ئىزى» قاتارلىق چاقچاقلىرىدا ئاياللارنى خارلاش ۋە ئۇلارغا تەن جازاسى بېرىشتەك لۈكچەكلىك قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ھېسام قۇرباننىڭ ئۈچىنچى خىلدىكى چاقچاقلىرىدا گەرچە ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىلدىكى چاقچاقلىرىدىكىدەك روشەن ھەجۋىي قىلىش ئوبيېكتى ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆتكۈر ۋە جانلىق تىلى، ئىخچام قۇرۇلما، ئەپچىل ۋەقەلىك، كۈچلۈك كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەت ئارقىلىق كىتابخانلاردا ئىختىيارسىز كۈلكە پەيدا قىلىپ، ئۇلارغا روھىي ئازادىلىك ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقى ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ «بىز بارغىچە»، «زەرەتكارلىقنى يۆتكەش»، «كالاچ ئىزدەش»، «مەرگەن»، «قاراڭغۇدا ئۆزەمنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم»، «قاپاقنىڭ پەرقى»، «تاڭ ئاتقاندا»، «مۈشۈكتىن سوراڭ»، «ئېشەكتىن چۈشسەم» قاتارلىق چاقچاقلىرى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

ھېسام قۇربان ئەڭ ئالدى بىلەن چاقچاق — روھىي ئوزۇق دېمەكتۇر، ئۇ كىشىلەرگە مەنىۋى لەززەت، مەنىۋى ساغلاملىق ۋە خۇشاللىق بەخش ئېتىشى لازىم دەپ قارايدۇ. بۇ ئۇنىڭ چاقچاق ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ يادروسى. ئۇ يەنە چاقچاقنىڭ تىلى كونكرېت سورۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئاممىباب، توغرا، جانلىق، گۈزەل ۋە تەسىرلىك بولۇشى، چاقچاقلىشىشتا كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان، كىشىلەر ئارا ئىختىلاپ، سۈركىلىش ۋە جېدەل - ماجىرا، دىل جاراھىتى ۋە روھىي ئازاب پەيدا قىلىدىغان قوپال، يامان، زەھەرخەندە سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك، چاقچاقتا مەنتىقىغە ئۇيغۇن ئىبما بولۇشى، چاقچاق قىلغۇچى سورۇننى، ئادەملەرنى ئەستايىدىل كۆزىتىشى، ئۇنىڭدا ھەر خىل سورۇن ۋە تۈرلۈك ئوبيېكتلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىبمىلەرنى دېيىش، قايسى ۋاقىتتا، قانداق ئۇسۇللار بىلەن دېيىش، ھەر خىل ئىنكاسلارغا قانداق قىلىپ دەل جايىغا

تېز ھەم توغرا جاۋاب قايتۇرۇپ سورۇن ئەھلىنىڭ زوقلىنىشى، قايىللىقى ۋە روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈكلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك ۋە ئىلمىي ئۇسۇللىرى ھازىرلانغان بولۇشى، بۇ خىل ئۇسۇل ۋە ماھارەتنى ئەمەلىيەت جەريانىدا يېتىلدۈرۈشى ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا بارغانسېرى بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشى لازىم دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە چاقچاق قىلغۇچىدا تېز ئىنكاس قايتۇرۇش، ئالدىن توغرا مۆلچەرلەش، تەبىئىي ۋە تەمكىن بولۇشتەك روشەن ئالاھىدىلىكلەر بولۇشى، چاقچاقچىنىڭ ئىستىلى ساغلام، ئۇسلۇبى جانلىق، تەبىئىتى ئوچۇق - يورۇق، كەيپىياتى تۇراقلىق بولۇشى، چاقچاقنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، ھەجمى ئىخچام، تىلى مەنتىقىلىق بولۇشى لازىم دەپ قارايدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ھېسام چاقچاقلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرىنىڭ نەمۇنىسى ۋە جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھېسام قۇربان چاقچاقلىرىغا تېماتىك مەزمۇن، ئىدىيىۋى تەربىيە، بەدىئىي ۋە ئېستېتىك ئۈنۈم، كىشىلەرگە بېرىدىغان روھىي ئوزۇق، مەنىۋى لەززەت ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقى قاتارلىقلار مۇجەسسەملەشكەن. ئىككىنچى، ئۇنىڭ چاقچاقلىرى شەكىل جەھەتتىن چاقچاققا ئوخشاپ كېتىدىغان شاڭخودىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. شاڭخودا كىشىلىك سالاھىيەتكە ھۇجۇم قىلىش، باشقىلارنى زاڭلىق - ھاقارەت قىلىش، ئۇلارغا تەنە ۋە دوق قىلىپ قوساق كۆپۈكىنى چىقىرىش بۇ ئارقىلىق ئۆزگىنىڭ دىل ئازابى ھېسابىغا كۆڭلىنى ئېچىش قاتارلىق سەلبىي مەزمۇنلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شاڭخومۇ كۈلكە پەيدا قىلىدۇ، بىراق ئۇ چاقچاق پەيدا قىلغان كۈلكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

ھېسام قۇربان ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق چاقچاق ئىجادىيىتىدە باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ئادەتتىكى شاڭخودىن پەرقلىق ھالدا مەيلى قەيەردە، قانداق سورۇندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چاقچاقلىرى ئارقىلىق باشقىلارنى تەربىيىلىدى، شاڭخونى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى خەلق چاقچاقلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىلىرىنى ياراتتى. بۇ دەل ھېسام قۇرباننىڭ خەلق ئارىسىدا شۇنچىۋالا چوڭقۇر يىلتىز تارتالىشىنىڭ، مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى. ئۈچىنچى، ھېسام قۇربان ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشقا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى ۋە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

ھېسام قۇربان ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق چاقچاق ئىجادىيىتىدە ياراتقان ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزغا بولغان تەسىرى ئىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن كېيىنكى ئىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بولغان يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى مەتتىمىن ھوشۇر، مەھمۇت مۇھەممەت، قاسىم سىدىق، جاپپار قاسىم، تۇرسۇنجان ئەمەت، ئىسھاق باسىت، سىدىق تۇرسۇن ھەمدە ئىجادىيەت سېپىگە يېڭىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان ياش يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن كۆرەلەيمىز. بۇ يازغۇچىلار ھېسام قۇربان بىلەن يۇرتداش، زاماندىش ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە پىكىرداش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىكى پايدىلىق ئامىللارنى ئۆز ئەسەرلىرىگە ئىجادىي ھالدا تەدبىقلاپ، ئەسەرلىرىنىڭ ئورگانىك قىسمىغا ئايلاندۇردى. بۇنىڭغا مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ «خاسىيەتلىك قار» پوۋېستى ۋە «ساراڭ» ناملىق بىر يۈرۈش چاتما ھېكايىلىرىدىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە، ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ بېيىشىغا، جەمئىيەتتىكى نامى ۋە شان - شۆھرىتىنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈپ، ئاممىۋى ئاساسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ چاقچاقلىرى زامانىمىزدىكى ھايات نەسىردىن ئەپەندى — ھېسام قۇرباندىن ئىبارەت بۇ ئاتاقلىق شەخسنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە تېخىمۇ ئىجتىمائىيلاشقان، مۇكەممەللەشكەن لەتىپىلەرگە ئايلاندى. خۇددى رۇس ياز-

غۇچىسى لېئونىد سولوۋيېۋ ئۆزىنىڭ «خوجا نەسىر-
دىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق يىرىك بىئوگرافىك
ئەسىرىدە نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت خەلق ئې-
غىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئۆلمەس ئوبرازنى پىروتو-
تىپ قىلىپ ئۇنى يازما ئەدەبىياتتىكى يەنە بىر بۈ-
يۈك ئوبراز ياكى ئابىدە سۈپىتىدە قايتا ياراتقىنىغا
ئوخشاش تالانتلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرمۇ
ئۆزىنىڭ «سالام ھىسام ئاكا» ناملىق پوۋېستىدا
ھىسام قۇرباننىڭ روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە
ئورتاقلىقى ئىگە بولغان جانلىق ئوبرازىنى مۇۋەپپە-
قىيەتلىك ھالدا يارىتىپ ئۇنى ئۆلمەس تىپلارنىڭ
بىرىگە ئايلاندۇردى، بۇمۇ ئەلۋەتتە ھىسام قۇربا-
نىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزغا بولغان مۇئەييەن تەسى-
رىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھىسام قۇربان چاقچاقلىرى (جۇملىدىن لەتى-
پىلىرى) رايون دائىرىسىدىن، ھەتتا دۆلەت چېگ-
رىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قېرىنداش مىللەتلەرگە ۋە
قوشنا ئەللەر خەلقلىرى ئارىسىغا تارقالدى. 1981
- يىلى ئەدەبىي تەرجىمان جاۋ شىجىنىڭ تەرجىمە
قىلىپ تەييارلىشى بىلەن ھىسام چاقچاقلىرىنىڭ
خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىشى، «مىللەتلەر رە-
سىملىك ژۇرنىلى» نىڭ خەنزۇچە سانىدا ئۇنىڭ
تەرجىمىھالى ۋە بىر قىسىم چاقچاقلىرىنىڭ كۆر-
كەم سۈرەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرۇلۇ-
شى ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «ۋېنى-
خۇيباۋ» ، «نۇر گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق تار-
قىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭمۇ ئۇنى مەخسۇس تونۇشتۇ-
رۇشى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلى-
گەن ھىسام قۇربان ھەققىدىكى ئىككى قىسىملىق
مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ قويۇلۇشى، ھى-
سام قۇربان ئۆزىنىڭ شىجياجۇاڭدا ئېچىلغان تۆ-
تىنچى قېتىملىق خەلق فولكلورى قۇرۇلتىيىغا
قاتنىشىشى ھەمدە داڭلىق سەنئەتچىلەر ۋە سەنئەت
تەتقىقاتچىلىرى يىغىلغان بۇ كاتتا سورۇندا جۇملى-
دىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى باشقا چوڭ شەھەرلەردە
ماھارەت كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ نامى ۋە
چاقچاق - لەتىپىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كەڭ
خەنزۇ كىتابخانىلار ۋە خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان
باشقا قېرىنداش مىللەت كىتابخانىلار ئارىسىدا تار-
قالدى. ئۇنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن قىزى-
قارلىق، سېھرىي كۈچى زور چاقچاقلىرىدىن زوق-
لانغان بىر قىسىم خەنزۇ كىتابخانىلاردىن ئۇنىڭغا
بولغان ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلغان مەكتۇپلار كەل-
دى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
تەتقىقاتچىسى پروفېسسور ماشۆليالڭ ئەپەندى، ئېت-
نوگرافىيە ئالىمى پروفېسسور تاۋلىفەن ئەپەندى،
ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ليۇ يىنلياڭ ئەپەندى، جاۋ
شىجى ئەپەندى قاتارلىق خەنزۇ زىيالىيلىرىمۇ ئۇ-
نىڭغا يۇقىرى باھالارنى بەردى.

1988 - يىلى سابىق سوۋېت قازاقىستانىنىڭ
پايتەختى ئالما-ئاتادىكى «نائۇكا» نەشرىياتى تەرى-
پىدىن قازاقىستان سابىق س س س ر پەنلەر ئاكا-
دېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىكى
ئىلمىي خادىملار نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇر
فولكلورىنىڭ ئانتالوگىيىسى» ناملىق توپلام نەشر
قىلىنغان، بۇ توپلامغا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبى-
ياتىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىكى نادىر ئۆلگىلەر
تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ توپلامغا خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەمۇنىلىرى قاتارىدا
«ھىسامدىن قىزىقچىنىڭ ھەزىللىرى» دېگەن ماۋ-
زۇ ئاستىدا ھىسام قۇرباننىڭ يىگىرمە ئالتە پارچە
چاقچىقى كىرگۈزۈلگەن. بۇ، ھىسام قۇربان چاق-
چاقلىرىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرى
ھەمدە بۇگۈنكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە
گەۋدىسىدىكى قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا تارقال-
غانلىقى ۋە تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات-
چىسى ئابدۇكېرىم رەھمان 1993 - يىلى ئىلمىي
خىزمەت بىلەن تۈركىيىگە بارغاندا ئۇ يەردىكى كە-
سىپداشلىرىغا ھىسام قۇربان ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى-
نى تونۇشتۇرغان. بۇ تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ھى-
سام چاقچاقلىرى ئۇلاردا قىزىقىش پەيدا قىلغان،
نەتىجىدە ئۇنىڭ بىر قىسىم چاقچاقلىرى تۈرك تى-

لىغا تەرجىمە قىلىنىپ تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ياپونىيىلىك تارىخ ئىلمىي بويىچە دوكتور ئاسپىرانت جون سوگاۋارا 1993 - ۋە 1994 - يىللىرى ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەن مەزگىلىدە ھەسام چاقچاقلىرىدىن بىرنەچچە پارچىنى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتى جې داۋچىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەن مەزگىلىدە ھەسام قۇربان چاقچاقلىرىدىن بىرنەچچە پارچىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ھەسام چاقچاقلىرى يىغىلىپ، رەتلىنىپ، قەلەمگە ئېلىنىپ ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا رەسمىي نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئابدۇساتتار ناسىرى، مەتتىمىن ھوشۇر، مەھمۇت مۇھەممەت، جاپپار قاسىم، ئەخمەتجان قۇربان قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا تەھلىل يۈرگۈزگەن، باھا بەرگەن ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەنزۇ زىيالىيلىرىدىن تاۋلىخەن، ليۇيىنلياڭ، جاۋشىجى قاتارلىق ئەدەبىيات ۋە ئېتنوگرافىيە ئىلمى تەتقىقاتچىلىرىنىڭمۇ ھەسام چاقچاقلىرىغا ئىدىيىۋىلىك، بولۇپمۇ بەدىئىيلىك جەھەتتىن تەھلىل يۈرگۈزگەن ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

ھەسام قۇرباننىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق شۇنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ يازما ئەدەبىيات ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تۆھپىسى يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى ياكى سەنئىتىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى مەشھۇر شەخسلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، شۇنداقلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ چاقچاق - لەتىپىچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئەنئەنىۋى تۈرىنىڭ زامانىمىزدىكى ئەڭ كۆزگە كۆررۈنگەن، ئەڭ نادىر ۋەكىلىگە ئايلاندى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. ئابدۇكېرىم رەھمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» (1 .، 2 - قىسىم).
2. «ھەسام چاقچاقلىرى» 1 .، 2 .، 3 .، 4 .، 5 - قىسىملىرى.
3. خەنزۇچە «ھەسام چاقچاقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.
4. ليۇ يىنلياڭ: «ھەسام چاقچاقلىرىدىكى كۈلكىنىڭ سىرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1993 - يىللىق 4 - سانى.
5. «ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ئانتالوگىيىسى»، ئالما-ئاتا «نائۇكا» نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى.
6. ئەخمەتجان قۇربان: «ئىلى چاقچاقلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1982 - يىللىق 3 - سان.



(پوچتا نومۇرى: 835000)



تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش

رۇقىيە مۇھەممەد، دىلنۇر ئابلىز، گۈلمېھرى ئابلەت*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئەھۋالى، مىللىي ئوقۇغۇچىلار چەت ئەل تىلى مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشىدىكى پسىخولوگىيىلىك جەريانى تەتقىق قىلىنىپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش ۋە بىر يۈرۈش ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكى كۆرسىتىلىدۇ.

**摘要**：本文通过对民族学生英语学习状况的调查研究，指出了民族学生英语教育中存在的问题，并且以民族学生外语学习中的心理过程为依据，指出编写一套适合民族学生特点的英语教材的十分迫切的必要性。

**Abstract**: This article points out the problems existing in minority students' learning process of foreign languages by making a research on English studying of minority students. Further more it points out the essential of editing a teaching material that suitable for the characteristics of minority students on the base of psychological process of minority students in learning foreign lanuages.

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىدىكى مۇھىم ۋاستە. بۇ، بىر مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشى ئۈچۈنمۇ، باشقا ـ باشقا مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. پەقەت تىل ۋاستىسى ئارقىلىقلا قارشى تەرەپ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغىلى، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرغىلى، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغىلى ۋە ئۆزئارا پەن ـ مەدەنىيەت ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. ئۆزئارا تەجرىبە، پەن ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرغاندا، جەمئىيەتتە يۈكسىلىش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بىز توختىلىۋاتقان ئىنگلىز تىلى خەلقئارادا خېلى

* رۇقىيە مۇھەممەد: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، دىلنۇر ئابلىز، گۈلمېھرى ئابلەت: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاممىۋى چەت ئەل تىلى كافېدراسىنىڭ لېكتورى.

كەڭ قوللىنىلىۋاتقان تىل بولۇپ، دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەر بۇ تىلنى دۆلەت تىلى، ھۆكۈمەت تىلى ياكى ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە قوللىنىۋاتىدۇ، گەرچە شىنجاڭدا خېلى كۆپ تىلنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، بىراق، بىز پەقەتلا ئىنگلىز تىلىنى ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇشنى نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى پىكىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز.

شىنجاڭنىڭ چەت ئەل تىلى مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان بىر مەسىلە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا تەسىس قىلىنغان چەت ئەل تىلى دەرسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدا چەت ئەل تىلى مائارىپىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى قاتارلىقلار. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا چەت ئەل تىلى مائارىپىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا بىز «شىنجاڭنىڭ مىللىي چەت ئەل تىل مائارىپى ھەققىدە ئويلانغانلىرىمىز» دېگەن ماقالىمىزدا ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بۇ جەھەتكە ئېتىبار بىلەن قارىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مىللىي سىنىپلىرىغا چەت ئەل تىلى دەرسى تەسىس قىلىش كۆپ تەرەپلىمىلىك مەسىلىلەرگە چېتىشلىق بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولدى، جەمئىيەتتە ئارقا ـ ئارقىدىن تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرى بارلىققا كەلدى. مەكتىپىمىز 1992 ـ يىلدىن بۇيان، ئۆزلۈكسىز ھالدا ھەرقايسى فاكۇلتېت مىللىي ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى دەرسى تەسىس قىلدى، ھەربىر قارارنىڭ ئۆگىنىش مۇددىتى ئىككى يىل بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئۈچ قارار ئوقۇغۇچى ئوقۇش تاماملىدى. ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ئۈچۈن فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن غەيرىي ئىنگلىز تىلى كەسپى ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتاب ئىشلىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن بىر قەدەر ياخشى ئاساس سېلىندى. يۈرۈشلەشكەن پروگراما، ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ بۇنداق يۈرەكلىك ھالدا ئورۇنۇپ بېقىشىمىزدا مۇقەررەركى، يا ئۇنداق، يا مۇنداق مەسىلىلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بۇ مەسىلىلەرنى بىزنىڭ تەدرىجىي ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىرنەچچە يىللىق مىللىي ئىنگلىز تىلى مائارىپى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، بىز مۇھىم ئىككى چوڭ مەسىلە مەۋجۇت دەپ قارىدۇق. ئۇنىڭ بىرى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى مەسىلىسى، يەنى بىزدە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن يۈرۈشلەشكەن ئوقۇتۇش ماتېرىيالى يوق. يەنە بىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى مەسىلىسى. بىزنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىمىز خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ئالاھىدىلىكى ئويلىشىلمىغان. بۇ ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەرەپلەردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ دەپ ھېسابلىدۇق: ① مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش جەريانىدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ ئۆگىنىشكە قارىتا تەسىرى ۋە رولى. ② مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشىدىكى تىل ئاتلاش، مەدەنىيەت ئاتلاش پسىخولوگىيىلىك جەريانىنى تەتقىق قىلىش. ئاندىن كېيىن، مۇشۇ ئاساستا، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باب كېلىدىغان بىر يۈرۈش ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تۈزۈپ چىقىشنى ئويلىشىش كېرەك. بۇ خىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىز بەش مەكتەپتىكى 98 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى ئىگىلەپ چىقتۇق. مەكتەپ ئىچىدە ئاممىۋى چەت ئەل تىلى مىللىي سىنىپىنىڭ 15 نەپەر ئوقۇغۇچىسى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى تەييارلىق سىنىپىنىڭ 15 نەپەر ئوقۇغۇچىسى، مالىيە ئىنستىتۇتى مىللىي سىنىپىنىڭ 20 نەپەر ئوقۇغۇچىسى (جەمئىيەتتە ئېچىلغان سىنىپنىڭ 10 نەپەر ئوقۇغۇچىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ ئىنگلىز تىلى سىنىپىنىڭ 18 نەپەر ئوقۇغۇچىسى، 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 30 نەپەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ئىچىدە سورىلىدىغان سوئال تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن: 1 ـ ئائىلە ئەھۋالى؛

2 ـ ئۆگىنىش ئەھۋالى؛ 3 ـ ئۆگىنىش مۇددىتى؛ 4 ـ ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش ئەھۋالى. بۇ مەزمۇنلار بويىچە تەكشۈرۈلگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا: %60 ئوقۇغۇچى زىيالىيلار ئائىلىسىدىن كەلگەن، قالغان %40 ئوقۇغۇچى ئىشچى، دېھقان ياكى سودىگەر ئائىلىسىدىن كەلگەن. %90 ئوقۇغۇچى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى دەپ تونۇيدىكەن، قالغان %10 ئوقۇغۇچى مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، دوست ـ ئاغىنىلارنىڭ تەسىرى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پىكرىدىن دەپ قارايدىكەن. ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشتىن مەقسىتىڭىز نېمە دەپ سورالغان سوئالغا: %50 ئوقۇغۇچى ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش قورالى ياكى ئالاقىلىشىش ۋاستىسى قىلىش دەپ جاۋاب بەرگەن، %30 ئوقۇغۇچى كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىش ئۈچۈن دەپ، %20 ئوقۇغۇچى بولسا خىزمەتكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىنگلىزچە ئۆگىنىش نەتىجىسى: %30 ئوقۇغۇچىنىڭ ئەلا، %40 ئوقۇغۇچىنىڭ ياخشى بولغان، قالغان %30 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇراھال ۋە ئادەتتىكىچە ئىكەن.

%97 ئوقۇغۇچى ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى قوللىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا: %37 ئوقۇغۇچى «يېڭى ئۇقۇملۇق ئىنگلىز تىلى» دەرسلىكىنى ئىشلەتكەن، %30 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئىنگلىز تىلى دەرسلىكىنى ئىشلەتكەن (14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ). %18 ئوقۇغۇچى شۈي گوجاڭنىڭ ئىنگلىز تىلى كىتابىنى ئىشلەتكەن، %10 ئوقۇغۇچى باشقا ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەتكەن. قايسى خىلدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ياخشى كۆرىسىز، دەپ سورالغان سوئالغا: %64 ئوقۇغۇچى ئۇنىۋېرسال تىل ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرەلەيدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ياخشى كۆرىمىز، دەپ جاۋاب بەرگەن؛ %20 ئوقۇغۇچى ئېغىز تىلى ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرىدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ياخشى كۆرىمىز دەپ جاۋاب بەرگەن، قالغانلىرى ئوقۇش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرىدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن.

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق ھەققىدىكى سوئالغا: %58 ئوقۇغۇچى ئەڭ قىيىنى گرامماتىكا قىسمى؛ %27 ئوقۇغۇچى سۆزلۈك؛ %15 ئوقۇغۇچى تاۋۇش؛ قالغانلىرى يوق، دەپ جاۋاب بەرگەن. گەرچە كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار گرامماتىكا قىيىن دەپ تونۇسىمۇ، ئەمما %85 ئوقۇغۇچى گرامماتىكا ئۆگىنىشنى خالىمىز دەپ جاۋاب بەرگەن، پەقەت ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلارلا گرامماتىكىنى مەنىسىز دەپ تونۇغان. سىز ئىنگلىزچە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەمسىز ياكى ئىنگلىزچە سۆزلىشىشنىمۇ دېگەن سوئالغا، %77 ئوقۇغۇچى ئىنگلىزچە سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرىمىز دەپ جاۋاب بەرگەن، %21 ئوقۇغۇچى كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن. %85 ئوقۇغۇچى ئۆز ئانا تىلى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىكەن، %15 ئوقۇغۇچى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تەپەككۇر قىلىدىكەن (بەلكىم قىسمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ئاساسى بىر قەدەر ياخشى بولۇشى مۇمكىن). %50 ئوقۇغۇچى ئىنگلىز تىلى دەرسىنى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن، %44 ئوقۇغۇچى مىللىي ئوقۇتقۇچى بولسىمۇ، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ دەپ قارايدىكەن. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا ئىنگلىز تىلىنى تەكرار قىلىپ بېرىدىغان كىشى بارمۇ دېگەن سوئالغا، %20 ئوقۇغۇچى بار دەپ، %80 ئوقۇغۇچى يوق دەپ جاۋاب بەرگەن.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن بىز تۆۋەندىكىچە تەھلىلىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز:

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى زىيالىيلار ئائىلىسىدىن كەلگەن، خېلى كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى، بەلكى مەقسىتىمۇ ئېنىق بولۇپ، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭلاشقا ئۆگىنىش نەتىجىسى كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا ھالدىن يۇقىرى، بۇ ئىنتايىن پايدىلىق ئامىل. بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىن باشقىچە بولغان ئەھۋال شۇ بولدىكى، گەرچە كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا گرامماتىكا ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار گرامماتىكا ئۆگىنىشنى خالايدىكەن. بىزنىڭ تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، زور بىر قىسىم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ گرامماتىكا ئۆگىنىشكە دەسلەپتە خېلى قىزىقىشى بار بولسىمۇ، ئەمما قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ تەدرىجىي ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ قىزىقىشىمۇ ئاجىزلاپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇش ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېغىزچە سۆزلەش ئىقتىدارى گەرچە ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما گرامماتىكىدا پىششىق بولمىغاچقا، ئىپادىلىگەندە گرامماتىكىلىق خاتالىق بىر قەدەر كۆپ، قەلەم قۇۋۋىتىمۇ بىر قەدەر ئاجىز. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار گرامماتىكا ئۆگىنىشنى مەنىسىز دەپ تونۇغان. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ شەكىللىنىشىدىكى

سەۋەب قەيەردە؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەڭ دەسلەپتە ئوقۇغۇچىلاردا قىزىقىش بولىدۇ، ئەمما ئوقۇتۇش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولمىغاچقا، ھەمدە گراماتىكىنىڭ ئۆزىمۇ قۇرۇق بولۇپ، نەزەرىيىۋىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى تەدرىجىي سۇسلىشىپ قالغان. گراماتىكا دەرسىنى ئۆتكەندە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆتۈش كېرەك، ئۆلۈك ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. زادى قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىپ دەرس سۆزلەش كېرەك، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئاساسىدا، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باب كېلىدىغان بىر خىل مۇۋاپىق ئۇسۇل تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

قايسى خىلدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تۈزۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، نۆۋەتتە مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىۋاتقان دەرسلىك كىتابلىرى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئىنگلىزچە دەرسلىك ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. بۇ پۈتكۈل ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا مۇنداق بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، يەنى ئوقۇغۇچىنىڭ ئەسلىدىكى چەت ئەل تىلى ۋە خەنزۇچە سەۋىيىسى مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلىش. دەرس سۆزلىگۈچى گەرچە ئۆز مىللەت تىلى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغاندىمۇ، نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، دەرسلىك ماتېرىيالدىكى خەنزۇچە قىسىملارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە قانداق قىلىپ دەرسلىكتىكى سۆز، گراماتىكا مەزمۇنلىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈش، قانداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، تەرجىمە قىلىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇر تىلىدا دەرسلىك تۈزۈشنى جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ قارايمىز. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندىمۇ، كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسال تىل ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرىدىغان ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بىر قەدەر مۇۋاپىق دەپ تونۇغان. بىزنىڭچە بۇ ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تۈزگەندە ھەم گراماتىكىنى تولۇق قىلىشنى ئويلىشىش ھەم تۇرمۇش تەرەپلەردىكى مەزمۇنلارنى تولۇق قىلىش، بەلكى تىل ئىقتىدارىنى تولۇق قىلىشنى ئويلىشىش قاتارلىق ئۈچ چوڭ تۈرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر خىل ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك پروگرامما تۈزۈش لازىم. ئوقۇتۇش ماتېرىيالى تاۋۇش، گراماتىكا، سۆزلۈك مەشقى ھەمدە ئوقۇش ئىقتىدارىنى مەشىق قىلىش تېكىستى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، تېكىست تۇرمۇش تەرەپلەردىكى مەزمۇنلارنى ۋە پەن - تېخنىكا ماقالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل سورۇنلاردىكى ئالاقىلىشىش ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان سۆز - جۈملىلەرنى ئىگىلىيەلەيدىغان، ھەر خىل ماتېرىياللارنى ئوقۇيالايدىغان شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارغا ئاساسىي ئىنگلىز تىلى بىلىملىرى ۋە ماھارىتىنى ئىگىلىتىپ دەسلەپكى قەدەمدىكى تىل ئىقتىدارى، ئالاقىلىشىش ئىقتىدارى ۋە ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

بىراق شىنجاڭدەك كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل مەدەنىيەت توپلاشقان رايوندا ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىق چەت ئەل تىلى ماتېرىيىنى يولغا قويۇش مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسۇن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتە بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز نۆۋەتتە ئىشلىگەن بۇ تەتقىقاتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى سىستېمىلىق تەتقىقاتقا ئاساس بولالىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.


پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

① 李庭乡:《英语教学法》1983 年高等教育出版社.

② 茹克叶・穆罕默德、崔延虎《新疆外语教育的思考》,《新疆师范大学学报》,1996 年第 4 期.



(پوچتا نومۇرى: 830054)



تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# رۇس تىلىدىكى «когда» رەۋىشىنىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە

ئوفىرا نازاروۋا*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە رۇس تىلىدىكى سوراق رەۋىشى «когда» نىڭ جۈملىدىكى ئورنى ۋە جۈملىدىكى ئورنىغا قاراپ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文比较详细地叙述俄语疑问副词 когда 在句中的地位以及由此所产生的表达作用。

**Abstract**: This artficle probes the position and grammatical function of interrogative abverb “когда” in Russia.

رۇس تىلىدا «когда» (قاچان) دېگەن سوراق رەۋىشى بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدۇ ۋە بۇ رەۋىش جۈملىلەردە سوراق رەۋىشلىك رولىنى ئويناشتىن باشقا جۈملىدە يەنە باغلىغۇچى ۋە باغلامچى ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۆتەيدۇ. ئەگەر بىز «когда» نىڭ جۈملىدىكى ئورنىنى، رولىنى توغرا چۈشەنمىسەك، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى توغرا بېكىتەلمەيمىز ۋە جۈملىنىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشىنىپ قالىمىز، بولۇپمۇ رۇس تىلىنى يېڭىدىن ئۆگەنگەندە باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ قايسىسى بالدۇر، قايسىسى كېيىن يۈز بەرگەنلىكىنى، «когда» بار جۈملىدە قانداق چاغدا پۈتكەن تۈر پېئىل، قانداق چاغدا پۈتمىگەن تۈر پېئىل مەسىلىسىدە قايمۇقۇش پەيدا بولىدۇ، بۇ، جۈملىنى توغرا چۈشىنىشكە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ماقالىمىزدە «когда» ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنى بىرقانچە جەھەتتىن تەھلىل قىلماقچىمىز.

1. ئادەتتە «когда» ئاددىي جۈملىلەردە سوراق رەۋىش بولۇپ كېلىدۇ ۋە «قاچان؟» دېگەن ۋاقىت، پەيت ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ. سوراق ئالماش بولۇپ كەلگەندە، ئۇ كۆپىنچە جۈملە بېشىدا كېلىدۇ ۋە بۇ ئەھۋالدا ۋاقىت مەزمۇنى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن:

(1) когда он придет? | (1) ئۇ قاچان كېلىدۇ؟

(2) Когда пошел дождь? | (2) يامغۇر قاچان ياغدى؟

2. بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە «когда» باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، بۇنداق جۈملە ۋاقىت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاقىت بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ۋاقىت بېقىندى جۈملىدە باش جۈملىنىڭ خەۋىرى ۋە بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى پۈتمىگەن تۈر پېئىل بولۇپ كەلسە، باش جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەت بىلەن بېقىندى جۈملىدىكى ئىش ھەرىكەت بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولىدۇ ۋە بۇنداق جۈملىلەردە «когда» «چاغدا»، «ۋاقىتتا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىـ

---

* ئوفىرا نازاروۋا: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى فاكولتېتىنىڭ لېكتورى.

دۇ. «когда» باغلىغۇچى بولغاندا جۈملە بۆلىكى بولمايدۇ. پەقەت باغلىغۇچىلىق رولىنى ئوينايدۇ.

(1) Когда я садился на автобус я заметил на остановке своего знакомого.

(1) مەن ئاپتوبۇسقا چىقىۋېتىپ بېكەتتە تونۇشۇمنى كۆرۈپ قالدىم.

(2) Когда мы возвращались домой шёл дождь.

(2) بىز ئۆيگە قايتىۋاتقاندا يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

3. ۋاقىت بېقىندى جۈملىدە «когда» باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئەگەر باش جۈملىدىكى خەۋەر پېئىل ياكى بېقىندى جۈملىدىكى خەۋەر پېئىلنىڭ بىرى پۈتكەن تۈر پېئىل بولۇپ يەنە بىرسى پۈتمىگەن پېئىل بولسا، باش جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەت بىلەن بېقىندى جۈملىدىكى ئىش ھەرىكەت بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەندە پۈتكەن تۈر پېئىلنىڭ ئىش - ھەرىكىتى قىسقا، پۈتمىگەن پېئىلنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ئۇزۇن بولىدۇ. مەسىلەن:

(1) Когда я пришёл домой, все уже спали.

(1) مەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ھەممىسى ئۇخلاپ قاپتىكەن.

(2) Когда я уезжал из родного города, друзья пришли провожать меня.

(2) مەن ئانا يۇرتۇمدىن (شەھىرىمدىن) ئايرىلىدىغان چاغدا دوستلىرىم مېنى ئۇزاتقىلى كەلدى.

4. ۋاقىت بېقىندى جۈملىدە «когда» باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، باش جۈملىدىكى خەۋەر پېئىل ۋە بېقىندى جۈملىدىكى خەۋەر پېئىل ھەممىسى پۈتكەن تۈر پېئىل بولۇپ، بېقىندى جۈملىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى باش جۈملىدىكى ئىش - ھەرىكەتتىن بالدۇر يۈز بەرگەن بولىدۇ ۋە بۇ جۈملىلەردە « Когда » نىڭ مەنىسى «مەلۇم بىر ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن» بولىدۇ.

(1) Когда я приеду в Москву я позвоню тебе.

(1) مەن موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن ساڭا تېلېفون بېرىمەن.

(2) Когда я окончу институт я начну писать рассказ.

(2) مەن ئىنستىتۇتنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھېكايە يېزىشنى باشلايمەن.

5. «Когда» باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ۋاقىت بېقىندى جۈملىدە، ۋاقىت ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىن بۇرۇن كەلسىمۇ، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا كەلسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

(1) Мой отец когда узнал обо всём, очень рассердился.

(1) دادام ھەممىنى ئۇققاندىن كېيىن ناھايىتى خاپا بولۇپ كەتتى.

(2) Раньше, когда в городе не было метро, мы часто ездили на автобусе или на трамвае.

(2) بۇرۇن شەھەردە مېترو بولمىغان چاغدا بىز دائىم ئاپتوبۇسقا ياكى تراموۋايغا ئولتۇراتتۇق.

6. باغلىغۇچى «когда» بار ۋاقىت بېقىندى جۈملىدە باش جۈملىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى بېقىندى جۈملىدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن ھالەت ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى « уже » ئىشلەتكەن بولىدۇ.

(1) Когда они пришли в кино, билеты были уже проданы.

(1) ئۇلار كىنوخانىغا كەلگەندە بىلەت ئاللىقاچان سېتىلىپ بوپتىكەن.

(2) Когда мы прибежали на вокзал, поезд уже ушел.

(2) بىز ۋوكزالغا كەلگەندە پويىز ئاللىقاچان كېتىپ قاپتىكەن.

7. بەزى ۋاقىت بېقىندى جۈملىلەردە باغلىغۇچى «когда» يەنە باشقا يۈكلىمە سۆز «то» بىلەن بىرىكىپ جۈپ باغلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

(1) Когда идёт экзамен, то на двери висит обявление 《идёт экзамен》

(1) ئەگەر ئىمتىھان ئېلىنىۋاتقان بولسا، ئىشىكتە «ئىمتىھان ئېلىنىۋاتىدۇ» دېگەن خەت ئېسىقلىق

بولىدۇ.

(2) Когда мы возвращались домой, то ещё издалека услышали музыку и песни.

(2) بىز ئۆيگە قايتىۋاتقاندا يىراقتىنلا مۇزىكا ۋە ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

8. باغلىغۇچى «когда» قوشما بېقىندى جۈملىدە شەرت مەنىسىنى بىلدۈرگەندە، ئۇ شەرت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ جۈملىدە «когда» نىڭ مەنىسى «если» (ئەگەر) بىلەن يېقىن كېلىدۇ، لېكىن بۇ كۆپ ھاللاردا جانلىق تىلدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. بۇ جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بېقىندى جۈملە ئورغۇنلىغان ئەمەلىيەتنىڭ نەتىجىسىنى شەرت ئومۇمىيلىق دەرىجىسىدە مەلۇم شەخس ياكى كونكرېت ئورۇنلارنى شەرت قىلمايدۇ. مەسىلەن:

(1) Когда в товарищах нет согласья, на ладах дело не пойдет.

(1) ئەگەر دوستلار ئارا بىرلىك بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتمايدۇ.

(2) Когда цветы не поливают, они вянут.

(2) ئەگەر گۈللەرنى سۇغارمىسا، ئۇلار سولىشىپ كېتىدۇ.

9. بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە «когда» باغلامچى رولىنى ئوينىغاندا، بۇ جۈملە ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق جۈملىدە باغلامچى «когда» جۈملىنى باغلاش رولىنى ئويناشتىن باشقا يەنە جۈملە بۆلىكى بولالايدۇ. ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بېقىندى جۈملىدە تۇرۇپ باش جۈملىدىكى بەزى ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى (время, эпоха, год, день, час) ئېنىقلايدۇ ۋە بۇ جۈملىدە «когда» ئاشۇ كۈن، ئاي، ياكى شۇ ۋاقىت، شۇ زامان، شۇ كۈن دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. بۇ ئىسىملارنىڭ ئالدىغا كۆپىنچە كۆرسىتىش ئالماش то, тот قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) это произошло в тот день когда мне исполнилось двадцать лет.

(1) مەن يىگىرمە ياشقا تولغان شۇ كۈنى بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن.

(2) Я хорошо помню тот день, когда я вступил в комсомол.

(2) مەن ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن ئاشۇ كۈننى ئېنىق بىلىمەن.

10. ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىدە باغلىغۇچى «когда» يەنە باش جۈملىدىكى ئابستراكت ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. условия, обстоятельства, положение, случай, состояние

(1) Мы застали тот редкий случай, когда можно видеть это растение цветущим.

(1) بىز بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ كەم ئۇچرايدىغان ئېچىلىپ تۇرغان بۇ پەيتىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىدۇق.

(2) гость попал в неловкое положение когда неизвестно, как себя вести.

(2) مېھمان ئۆزىنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلەلمەسلىكتەك ئوسال ئەھۋالدا قالدى.

ئابستراكت ئىسىملارنى ئېنىقلىغاندا «когда» نىڭ مەنىسى جۈملىنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

11. باغلىغۇچى «когда» بىلەن باغلامچى «когда» بار جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرگەندە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارغا دىققەت قىلىش كېرەك. «когда» جۈملىدە باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، پەقەت باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنى باغلاش رولىنىلا ئۆتەيدۇ، جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ. مەسىلەن:

(1) Когда Виктор придет я спрошу об этом.

(1) ۋىكتور كەلگەندە مەن بۇ ئىشنى سوراپ باقاي.

«когда» جۈملىدە باغلامچى بولۇپ كەلگەندە ، ئۇ باش جۈملە بىلەن بېقىندا جۈملىنى باغلاش

ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن باشقا يەنە جۈملە بۆلىكى بولىدۇ.

(1) Я спрошу Виктора когда придёт его брат.

(2) مەن ۋىكتوردىن ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى سوراپ باقاي.

«когда» جۈملىدە باغلامچى بولۇپ كەلگەندە بىقىندى جۈملە سوراق سۆپىتىدە كېلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەردىكى باش جۈملىنى بۆلۈۋەتسەك جۈملە ئاددىي سوراق جۈملىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

(1) Я незнаю когда он будет делать доклад

(3) مەن ئۇنىڭ قاچان دوكلات بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

ئەگەر بۇ جۈملىدىكى Я не знаю نى ئېلىۋەتسەك، دوكلات قاچان بولىدۇ؟ когда будет доклад? بولۇپ قالىدۇ؟

12. ئىگىسىز جۈملىلەردە «когда» ئۆزىنىڭ قاچان دېگەن سوراق مەنىسىنى يوقىتىپ есть(было,будет) بىلەن قوشۇلۇپ پېئىلنىڭ مەستەر شەكلى بىلەن جۈملىنىڭ مۇھىم بۆلىكىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە بۇ ھالدا «когда» ئىش ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(1) Будет когда с тобой разговаривать.

(1) سەن بىلەن سۆزلەشكىدەك ۋاقىت چىقىپ قالىدۇ.

(2) Есть когда подышать свежим воздухом.

(2) ساپ ھاۋا بىلەن نەپەس ئالىدىغان ۋاقىت چىقىدۇ.

يۇقىرىدا بىز سوراق ئالماش «когда» نى ئاساسلىق بولغان بىرقانچە جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ كۆردۇق، بۇنىڭدىكى مەقسەت «когда» نى توغرا ئىشلىتىشكە ئاساس سېلىش. بەزى جۈملىلەردە «когда» ئۆز مەنىسىدىن ھالقىپ باشقا مەنىدە قوللىنىلىدۇ، بولۇپمۇ ئابستراكت ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كەلگەندە جۈملىلەرنى چۈشىنىش تەس بولىدۇ، بىز بۇنى 10 ـ مەسىلىدە ئازراق تەھلىل قىلىپ كۆردۇق. ئەگەر بىز رۇس تىلىنى پىششىق ئىگىلىمەكچى بولساق، «когда» نى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىشىمىزغا، ئۇنى توغرا ۋە پۇختا ئىگىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. جۇچۇنشيالىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئەمەلىي رۇس تىل گرامماتىكىسى»، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشرى.

2. «رۇس تىل گرامماتىكىسى»، ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، موسكۋا 1980 ـ يىلى نەشرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)

تەھرىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

# گۇۋاھچىنىڭ پىسخىك مۇددىئاسى توغرىسىدا

ھەسەنجان تۇردى*

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، گۇۋاھچىنىڭ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىش مۇددىئاسى، گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىشتىكى پىسخىك مۇددىئاسى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىكى پىسخىك مۇددىئا-سى، گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست - يالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا پىسخو-لوگىيىدىكى مۇددىئا نەزەرىيىسى ئارقىلىق توغرا ھۆكۈم قىلىش كېرەك-لىكى بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**:本文论述证人作证和拒绝作证的心理动机,作伪证的心理动机以及应当按照心理学中的动机论来正确判断证词的真伪等问题。

**Abstract**: This article expounds the witness' motive of giving evidence, psychological motive in refusing to give evidence and faulse evidenve, motive theory in judging the reality of testimony.

دەۋا پائالىيىتى جەريانىدا، دېلو پاكىتلىرىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپاتلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە خىزمىتىدە ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم تونۇشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات ئاساسىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچىدىن، دەلىل - ئىسپات ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پاكىت بولۇشى شەرت. جىنايى پاكىت — جىنايەتچىنىڭ قانۇندا قوغدىلىدى-غان ئوبيېكتلارغا قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بىلەن زىيان يەتكۈزىدىغان بىر خىل ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ھەرىكەت ھامان مەلۇم ماكان، مەلۇم زامان ۋە شارائىتتا يۈز بېرىدۇ، دېلو پاكىتلىرىنى مەلۇم كىشىلەر سېزىش ئارقىلىق بىلىدۇ ياكى ھەرىكەت قىلغان جايدا يا ئۇنداق يا بۇنداق ئىز ۋە نەرسىلەر-نىڭ قالغانلىقى بىلەن سېزىلىدۇ. بۇلار دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىنىقلاپ بېرەلەيدىغان دەلىل-ئىسپات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، دەلىل - ئىسپات ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادە-سى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، ئەدلىيە خا-دىملىرى ئۇنى سەزگەن ياكى سەزمىگەن بولسۇن، توپلىغان ياكى توپلىمىغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، دەلىل - ئىسپات دېلوغا مۇنا-سىۋەتلىك بولغان پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پاكىت خىلمۇ خىل بولسىمۇ، لېكىن بارلىق ئوبيېكتىپ پاكىتلار-نىڭ ھەممىسى دەلىل - ئىسپات بولالمايدۇ، پەقەت دېلوغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پاكىتنىڭ ئۆزىلا دە-لىل - ئىسپات بولالايدۇ، ھەمدە دېلونىڭ ھەقىقىي

---

* ھەسەنجان تۇردى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى.

ئەھۋالنى ئىسپاتلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىمۇ ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك دەلىل - ئىسپات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت دەلىل ئىسپاتتەك ھەقىقىي بولۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە مەقسەتلىك ھالدا يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ يالغان گۇۋاھلىق سۆزىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ھەتتا ياخشى نىيەتلىك گۇۋاھچىلارمۇ تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئىشەنچلىك بولمىغان گۇۋاھلىق سۆزى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن. بۇ ھال بىزنىڭ ئەدلىيە خادىملىرىمىزدىن دېلو بىجىرىش جەريانىدا گۇۋاھلىق سۆزنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ ماقالىدە گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست - يالغانلىقىغا پسىخولوگىيىدىكى مۇددىئا نەزەرىيىسى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشنى بايان قىلىمىز. مۇددىئانىڭ ئۆزىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر ئىچكى پسىخىك جەريان بولۇپ، ئۇنىڭ پسىخىك ئۆزگىرىشىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئادەتتە پەقەت مۇددىئانىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتتىنلا مۇددىئانىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، ھەرىكەت ئىپادىسى بىلەن مۇددىئاغا ھۆكۈم قىلىش بىر قەدەر قىيىن مەسىلە. لېكىن مۇددىئانىڭ ماھىيىتى يەنى ئىچكى پسىخىك جەرياننىڭ قانۇنىيىتى توغرىسىدا يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

پسىخولوگىيىلىك نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، مۇددىئا — شەخسىي ئېھتىياجنىڭ ئىپادىسى. ئېھتىياج بولسا مۇددىئانى پەيدا قىلىدىغان ئامىلدۇر. ئېھتىياجنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى مۇددىئانىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇددىئانى ئېھتىياجنىڭ بىر خىل ئىپادە شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. ئېھتىياج دېگەن نېمە؟ ئېھتىياج دېگىنىمىز، سۇبيېكتنىڭ مەلۇم تۇرمۇش شارائىتىدا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان مۇھتاجلىقىدۇر. ئېھتىياجنى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ۋە ئىجتىمائىيلىق ئېھتىياج دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئېھتىياجنىڭ بۇ خىل تۈرگە ئايرىلىشىغا ئاساسەن مۇددىئانىمۇ فىزىئولوگىيىلىك مۇددىئا ۋە ئىجتىمائىيلىق مۇددىئا دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك مۇددىئا دېگىنىمىز، ئورگانىزمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىدىغان، تەبىئىي ئېھتىياج بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇددىئادۇر. مەسىلەن، ئورگانىزمدا يېمەكلىك كەمچىل بولسا، بىر خىل ئېھتىياج پەيدا بولىدۇ. ئۇ بىر خىل ھەيدىگۈچى كۈچنىڭ يېمەكلىكنى ھەيدەش ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ يېمەكلىك ئىزدەيدۇ، تويۇپ ئېھتىياج قانغاندىن كېيىن ئورگانىزم يەنە ئەسلىدىكى تەڭپۇڭلۇق ھالىتىگە كېلىدۇ. ئىجتىمائىيلىق مۇددىئا دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا تۈرلۈك تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئېرىشكەن خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي ئېھتىياجىدۇر، ھەمدە ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ پەيدا بولغان ئىنسانلارغا خاس مۇددىئادۇر. مەسىلەن، گۇۋاھچىنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىدەك مۇددىئانىڭ پەيدا بولۇشىدا بايلىقنى كۆزلەش ئېھتىياجى ياكى باشقىلارنى قانىتى ئاستىغا ئالىدىغان ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ ئېھتىمالى بولىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىيلىق مۇددىئا مۇرەككەپلىككە ئىگە. بىز تەتقىق قىلىدىغان گۇۋاھچىنىڭ مۇددىئاسى ئاساسەن ئىجتىمائىيلىق مۇددىئا كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

ئادەم تەپەككۇر قىلالايدىغان، تەھلىل قىلالايدىغان مۇرەككەپ، جانلىق ئورگانىزم. شۇڭا گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى ئەينى بىر مۇددىئادىن چىقمايدۇ. گۇۋاھچىلار ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارمۇ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارمۇ، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ سوئال سورىشى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارمۇ بولىدۇ، شۇنىڭدەك گۇۋاھلىق بېرىشنى خالىمايدىغانلارمۇ بولىدۇ، ھەتتا يالغان گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارمۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى گۇۋاھچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان گۇۋاھلىق بېرىش مۇددىئاسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

# 1. گۇۋاھچىنىڭ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىشىدىكى پسىخىك مۇددىئاسى

گۇۋاھچىنىڭ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىشى دېگىنىمىز، گۇۋاھچىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت مەھكىمىسى ياكى ئالاقىدار تارماقلارغا دېلو ئەھۋالىنى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم قىلىشىدىن ئىبارەت. گۇۋاھچى جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت مەھكىمىسى ياكى ئالاقىدار تارماقلارغا ئەھۋالنى ئۆزلۈكىدىن ئىنكاس قىلسىمۇ، لېكىن مۇددىئاسى ئوخشاش بولمىسا، ئۆزلۈكىدىن كېلىپ گۇۋاھلىق بەردى دەپ ئۇنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. گەرچە بۇنداق گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسى زور بولسىمۇ، ئەمما قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئادەملەرنى پايدىلىنىدىغان پۇرسەتكە ئاسانلا ئىگە قىلىپ قويۇپ، دېلونى سوت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرىنىمۇ ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىش لازىم. بۇنىڭدا گۇۋاھچىنىڭ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىش مۇددىئاسىنى ئىگىلەش ئەڭ ھالقىلىق مەسىلىدۇر.

**بىرىنچى، ھەققانىيەت تۇيغۇسى.** بەزى گۇۋاھچىلار جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان جىنايى قىلمىشلارغا غەزەپلىنىپ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ھەققانىيەت تۇيغۇسى ئادەمنىڭ بىر خىل ئاكتىپ پسىخىك پەزىلىتى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچلۈك بولۇش دەرىجىسى ئادەم بىلەن پەرقلىنىشى مۇمكىن. بەزى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى جىنايەتچىنى پاش قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلالمايدۇ، جىنايەتچى قانۇنىي جازاغا تارتىلماي ئەركىن يۈرگەندە، گۇۋاھچى ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنداق گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ئادەتتە بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما گۇۋاھچى ھەققانىيەتنى كۆزدە تۇتقاچقا، كۆپ ھاللاردا پاكىتنى چوڭايتىپ، شەيئىلەرگە كۆپىنچە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىنى قوشۇپ قويىدۇ ھەمدە قاتتىق تەسىرلىنىپ، جاۋابكاردىن نەپرەتلىنىدىغان بەزى مەزمۇنلارنى كۆپەيتىپ، جاۋابكارغا پايدىلىق بولغان بەزى دەلىل - ئىسپاتلارنى ئازايتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەققانىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بەرگەن گۇۋاھچىلارغا ئىلھام بېرىش كېرەك. لېكىن ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە بۇ خىل گۇۋاھلىق سۆزىنىمۇ ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىش لازىم.

**ئىككىنچى، دوستلۇق تۇيغۇسى.** دوستلۇق كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا شەكىللەندۈرگەن بىر خىل ئىجتىمائىي ئېھتىياجى شۇنداقلا بىر خىل ئاكتىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان ھەمدە بىر قەدەر چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك كەيپىياتتىكى چۈشەنچىسىدۇر. ئۇ بىر خىل ئالاھىدە ھېسسىيات بولۇپ، باشقىلارغا ۋە باشقا شەيئىلەرگە بولغان ئورتاق ھېسسىيات ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر خىل كەيپىياتتىكى چۈشەنچىدۇر. كىشىلەر تۇرمۇشتا ياكى كەسپتە دوستلىرىنىڭ چۈشىنىشىگە، غەمخورلۇق قىلىشىغا ۋە قوللىشىغا مۇھتاج بولىدۇ. دوستلۇق غايەت زور كۈچ پەيدا قىلالايدۇ. گۇۋاھچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى جاۋابكار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇقى بولغانلىقتىن، ئۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا دېلو ئەھۋالىنى ئۆزلۈكىدىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردە دوستلۇقنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى ساختا گۇۋاھلىقىنىمۇ چەتكە قېقىشقا بول-

مايدۇ.

**ئۈچىنچى، ئۆچ ئېلىش تۈيغۇسى.** ئۆچ ئېلىشمۇ بىر خىل كۈچلۈك كەيپىياتتىكى چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ باشقىلارغا بولغان شەخسىي ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ خىل كەيپىياتتىكى چۈشەنچە كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر گۇۋاھچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى جاۋابكار بىلەن شەخسىي ئاداۋىتى بولسا، ئۇ جاۋابكار ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇلارغا پايدىسىز گەپلەرنى قىلىشى مۇمكىن. بۇ خىل گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولىدۇ، چۈنكى، ئۆچ ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ خىل مۇددىئانىڭ ئۆزى كۈچلۈك كەيپىياتنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەيدا بولغاچقا، بۇ خىل مۇددىئانىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەرىكەتمۇ كۆپ ھاللاردا ناھايىتى قويۇق ھېسسىيات تۈسىنى ئالغان بولىدۇ، گۇۋاھچىنىڭ مەقسىتى شەخسىي ئۆچ ئېلىش بولغاچقا، گۇۋاھلىق بەرگەندە نۇرغۇن مەزمۇنلارنى كۆپەيتىشى ياكى ئازايتىۋېتىشى تەبىئىي. بۇنداق گۇۋاھلىق سۆزىنىمۇ چوقۇم ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلىش لازىم.

**تۆتىنچى، شەخسىي پايدىنى كۆزلەش تۈيغۇسى.** بەزى كىشىلەر دېلو پاش قىلىش «قەھرىمانى» بولۇش، پارتىيىگە كىرىش، يۇقىرىغا يامىشىش، مائاشىنى ئۆستۈرۈش، مۇكاپات ئېلىش قاتارلىقلارنى كۆزلەپ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇنداق ئەھۋالمۇ باركى، بەزى جىنايەتچىنىڭ تۇغقانلىرى جىنايەتچىنى قانىتى ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم كىشىنى پۇل - مال، ئىستىقبال قاتارلىقلار بىلەن سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۇنى جىنايەتچى تەرەپتە تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ خىل گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى تۆۋەن بولىدۇ.

## 2. گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىشىدىكى پسىخىك مۇددىئاسى

بەزى دېلولاردا گۇۋاھچى دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزى بىلىدىغان دېلو ئەھۋالىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ ياكى گۇۋاھلىق بېرىشكە ئۇنىمايدۇ. ئەگەر گۇۋاھچى ئورۇنلۇق سەۋەبلەر بىلەن سوتقا كېلىپ گۇۋاھلىق بەرمىگەن بولسا، گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئوخشاشلا، گۇۋاھچى گۇۋاھلىق بەرگەندە ھېسسىي بىلگەن ئەھۋاللارنى ھەقىقەتەن ئۇنتۇپ كەتكەن بولسا ياكى گۇۋاھلىق بەرگەندە ئەسلىيەلمىسە، بۇنىمۇ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. پەقەت سۇبيېكتىپ جەھەتتە گۇۋاھلىق بېرىشنى قەستەن خالىمىغاندىلا، ئاندىن گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلدى دەپ قاراشقا بولىدۇ. سۇبيېكتىپ جەھەتتە گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىش مۇددىئاسى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، يان بېسىش. بۇنىڭدا گۇۋاھچىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياكى جاۋابكار بىلەن پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بولغاچقا گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ سەۋەنلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى دوست-بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ سەۋەنلىكىگە دائىر گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىپ، پەقەت ئۇنىڭغا پايدىلىق بولغان گۇۋاھلىقنىلا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جاۋابكارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى دوست - بۇرادەرلىرى ھەم يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ قويۇپ قانۇندا سۈرۈشتە قىلىنىشتىن ھەم ئۆزىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ جاۋابكارغا پايدىسىز بولۇپ قېلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىنىڭ جازاغا تارتىلىشىدىن ياكى ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىشىدىن قورقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل زىددىيەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دائىم ئەھۋالنى بىلمەسلىكنى باھانە قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش. بۇ خىل
مۇددىئادا ئاساسلىقى بىرقانچە خىل ئەھۋال بولى-
دۇ، بىرىنچىدىن، گۇۋاھچى ئۆزىنىڭ ئاشكارىلى-
غانلىرىنى جاۋابكارغا پايدىلىق دەپ ھېس قىلىدۇ،
ئۇنىڭدەك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋە ئۇنىڭ
ئورۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىنىڭ نارازىلى-
قىنى قوزغاشتىن ۋە ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قى-
لىپ گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۆزى-
نىڭ دېلو بىلەن پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بولۇپ،
چېتىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ گۇۋاھلىق بېرىشنى
رەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قانۇن ئەمەلىيىتىدە
كۆپ كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ
ئۆزى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مۇددىئاسى بو-
لۇپ، ئىنسانلار بۇ مۇددىئا ئالدىدا كۆپىنچە تىز
پۈكىدۇ، پەقەت يۈكسەك ئاڭلىقلىق بولغاندىلا،
ئاندىن بۇ خىل مۇددىئانىڭ توسقۇنلۇقىنى يەڭگىلى
بولىدۇ. گۇۋاھچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ جاۋاب-
كارغا ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ئۇۋال
قىلماسلىق ئاساسىدا قانۇننىڭ ئادىللىقىغا ئىشەن-
گەندىلا، ئاندىن ئەينەن پىكىر بايان قىلىپ، ئى-
شەنچلىك گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. ئۇنداق بولمايدى-
كەن، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش مۇددىئاسىنىڭ يې-
تەكچىلىكىدە گۇۋاھلىق بېرىشنى كۆپ ھاللاردا
رەت قىلىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، خىجىللىق تۇيغۇسى. جىنايەت
ئۆتكۈزگۈچىنىڭ جىنايى ھەرىكىتى ئىنتايىن پەس-
كەش بولسا ياكى، ئۆرپ - ئادەتنى بۇزغان بولسا،
گۇۋاھچى دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلسىمۇ،
گۇۋاھلىق بېرىشنى خالىمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال
لۇكچەكلىك، باسقۇنچىلىق دېلولىرىدا بىر قەدەر
گەۋدىلىك بولغاچقا، گۇۋاھچى گۇۋاھلىق بەرگەن-
دىن كېيىن باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن،
زىتىغا تېگىشىدىن قورقۇپ بۇ خىل مۇددىئانىڭ
يېتەكچىلىكىدە كۆپىنچە كۆرمىگەنلىكىنى ياكى
كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ
گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىدۇ.

تۆتىنچى، قىلغان ياخشىلىقنى قايتۇرۇش تۇي-
غۇسى. بۇ خىل ئەھۋالدا گۇۋاھچى جىنايەت ئۆت-
كۈزگۈچىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغانلىقى، قى-
يىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن
گۇۋاھلىق بەرسە جاۋابكارغا يۈز كېلەلمەيدىغان-
لىقىنى ھېس قىلىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ ياخشىلى-
قىنى بىلىپ تۇرۇپ قايتۇرمايدىغان چاكىنا ئادەم
ھېسابلىنىشىدىن قورقۇپ، ئەھۋالنى بىلمەسلىكنى
باھانە قىلىپ، گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىدۇ.

## 3. گۇۋاھچىنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىدىكى پسىخىك مۇددىئاسى

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش دېگەندە، ئومۇمەن
قەستەن ساختا گۇۋاھلىق بېرىش كۆزدە تۇتۇلى-
دۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان يالغان گۇۋاھلىق گۇۋاھ-
چىنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپىدىن تەھلىل قىلغاندا،
پەقەت قەستەنلا بولىدۇ. ئەگەر قەستەن بولمىسا،
ئۇ چاغدا خاتا گۇۋاھلىق بولىدۇ. يالغان گۇۋاھ-
لىق ئەمەلگە ئاشقان ھامان، بىگۇناھ كىشىلەرنى
گۇناھكار قىلىپ قويىدۇ ياكى جىنايەتچىنى قانۇن
تورىدىن چۈشۈرۈپ قويىدۇ. دۆلىتىمىز جىنايى
ئىشلار قانۇنىنىڭ 148 - ماددىسىدا: «گۇۋاھچى
دېلوغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلاردا يالغان گۇ-
ۋاھلىق بېرىپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش
غەرىزىدە بولسا، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش جىنايە-
تىنى شەكىللەندۈرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. جىنا-
يى ئىشلار قانۇنىنىڭ 162 - ماددىسىدا: «يالغان
گۇۋاھلىق بېرىپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ياكى
باشقا جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇ-
لارنى قانۇننىڭ جازاسىدىن قاچۇرۇۋەتكەنلەر قانات
ئاستىغا ئېلىش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ»
دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇندا يالغان گۇۋاھلىققا قارى-
تا مۇناسىپ جازا تەدبىرلەر بەلگىلەنگەن بولسى-
مۇ، لېكىن ئايرىم گۇۋاھچىلارنىڭ يالغان گۇۋاھ-

لىق بېرىشتىن ھامان پۈتۈنلەي ساقلانغىلى بولمايدۇ. يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ مۇددىئاسى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، قانات ئاستىغا ئېلىش. گۇۋاھچى جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئۇسۇلى بىلەن جىنايەتچىنىڭ جىنايىتىنى ئاكتىپ ئاقلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال گۇۋاھچى بىلەن جىنايەتچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرى ئارىسىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە پاش قىلىنمىغان شېرىك جىنايەتچىلەرمۇ بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چېتىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جىنايەتچىگە پايدىلىق بولغان گۇۋاھلىق سۆزىنى قىلىدۇ، بولۇپمۇ يالغان گۇۋاھلىق بېرىپ قويۇپ پاش بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن بېرىلگەن جازا ئۇنىڭ شېرىك جىنايەتچى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشىدىن كېيىن بېرىلگەن جازادىن يېنىك بولۇپ قالغاندا، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئېھتىمالى تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ئىككىنچى، پايدىنى كۆزلەش. ئادەمدە ماددىي ئېھتىياج ۋە مەنىۋى ئېھتىياج بولىدۇ، لېكىن بۇ خىل ئېھتىياجنىڭ قاندۇرۇلۇشى قانۇن ۋە ئەخلاقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بەزى گۇۋاھچىلار قانۇن ۋە ئەخلاقنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، قانۇنسىز ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى قوغلىشىدۇ، يەنى باشقىلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى ھەتتا ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، زىيانكەشلىك قىلىنغۇچى، جاۋابكار ياكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىنىڭ پۇلىنى قوبۇل قىلىپ، پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ ياكى پاكىتنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ.

ئۈچىنچى، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش تۇيغۇسى . ئەدلىيە خادىملىرى سوئال سوراش جەريانىدا، نامۇۋاپىق ئۇسۇل ياكى ۋاسىتىلەرنى قوللانغاندا، گۇۋاھچى مۇشكۇل شارائىتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مەسىلەن، سوئال سوراش جەريانىدا، گۇۋاھچى دېلو ئەھۋالىنى ئەسلىدە بىلمەيدۇ ياكى ئېنىق پىكىر بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سوراقچىلارنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوئال سورىغۇچىلار تەھدىت خاراكتېرلىك ئىشارەتنى قوللىنىپ، گۇۋاھچىنى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. يەنە ئايرىم سوراقچىلار تەن جازاسى بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قىستاپ گۇۋاھلىق ئالىدۇ. بۇنداق قىلغاندا گۇۋاھچىنى مۇقەررەر ھالدا تەن جازاسىنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە مەجبۇر قىلىپ قويىدۇ.

تۆتىنچى، ھېسداشلىق تۇيغۇسى. گۇۋاھچى جاۋابكارغا جازا بېرىلسە، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىغا چوقۇم تەسىر قىلىدۇ ياكى جاۋابكارنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىنىشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ ياكى جاۋابكار سوتتا بەك بىچارە كۆرۈنگەنلىكتىن، گۇۋاھچى مېھرى - شەپقەت ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭغا پايدىلىق بولغان يالغان گۇۋاھلىقنى بېرىدۇ.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «قانۇن لوگىكىسى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. «جىنايەت پسىخولوگىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
3. «پسىخولوگىيە» خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1957 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
4. بالىلار سىفەن مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك «بالىلار پسىخولوگىيىسى»



(پوچتا نومۇرى: 8300046)

تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىلمى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ھەققىدە

خەلپىدىن مۇسايۇپ*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىلمى ئاممىۋى مۇناسىۋەت پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ كەڭ قوللىنىلماقتا. بۇ ماقالىدە، ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىلمىنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：公共关系学是研究公共关系活动规律的科学，随着我国经济体制改革的深入发展正被广泛地应用。本文简述了公共关系学的内容、性质及其功能。

**Abstract**: Public Relation is a science that studies the law of public relation and practice. Its being extensively applied along with in depth development of our country's reforming in economical system. This article briefly discusses the content, nature and function of public relation.

ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىلمى يېڭىدىن شەكىللەنگەن پەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «زامانىۋى كارخانىلارنى تىرەپ تۇرغۇچى ئۈچ چوڭ تۈۋرۈك» (ئىلغار پەن تېخنىكا، ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەت)نىڭ بىرى دەپ قارىماقتا. «ئاممىۋى مۇناسىۋەت» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا كىشىلەرنىڭ قارىشى ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر، ئاممىۋى مۇناسىۋەت بىر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكلى دېسە، بەزىلەر ئۇنى بىر تۈرلۈك باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ۋە سەنئىتى دەيدۇ. بەزىلەر بىر خىل ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش كەسپى دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى بىر خىل ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى دەيدۇ. 1976 - يىلى دوكتور رېكس خارلىي ئامېرىكىدىكى «ئاممىۋى مۇناسىۋەت تەتقىقاتى ۋە تەربىيىلەش فوندى جەمئىيىتى»نىڭ ياردىمى بىلەن ئاممىۋى مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى 472 خىل تەبىرنى توپلاپ ھەممە ئۇلارنى رەتلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە تۆۋەندىكىدەك تەبىر بەرگەن: ئاممىۋى مۇناسىۋەت دېگىنىمىز، مەلۇم بىر تەشكىلاتنىڭ تۈرلۈك ئۇچۇر تارقىتىش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پىلانلىق، مەقسەتلىك تۈردە ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر خىل پائالى-

* خەلپىدىن مۇسايۇپ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ لېكتورى.

يەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق كەڭ جامائەت-
چىلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئە-
ناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئۇ-
سۇل - چارىلىرى ۋە سەنئىتىنى كۆرسىتىدۇ.
ئاممىۋى مۇناسىۋەت بىر يېڭى ئىلىم بولغاچ-
قا، كىشىلەر ئۇنىڭ خاراكتېرى، ۋاسىتىسى ۋە
فۇنكسىيىسىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، بىر
قىسىم ئورۇنلار ئاممىۋى مۇناسىۋەتنى شەخسىي
مۇناسىۋەت بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇپ بىر تەرەپ
قىلىۋاتىدۇ، بىر قىسىم ئورۇنلار ئاممىۋى مۇنا-
سىۋەت بۆلۈملىرىنى ئاخبارات بۆلۈمى، ئېلان بۆ-
لۈمى ياكى تىجارەت بۆلۈمى دېگەندەك بۆلۈملەر
بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قويۇۋاتىدۇ، بەزى ئورۇنلار
ئاممىۋى مۇناسىۋەت خادىملىرىغا ئېلان سەنئەت خا-
دىمى ياكى مال ساتقۇچى ئورنىدا مۇئامىلە قىلىۋا-
تىدۇ، ھەتتا ئاممىۋى مۇناسىۋەت پائالىيىتىنى
جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ناتوغرا ئىستىل ۋە چاكىنا
مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قويۇۋاتىدۇ، بۇ
توغرا ئەمەس. دەرۋەقە، ئاممىۋى مۇناسىۋەت شەخ-
سىي مۇناسىۋەتتە ئىپادىلىنىدۇ، چۈنكى، ھەرقاي-
سى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئالدى بى-
لەن شۇ تەشكىلاتلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان شەخس-
لەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ،
شۇڭا، ئاممىۋى مۇناسىۋەت شەخسىي مۇناسىۋەتنى
ئاساس قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ مەقسىتى، ئۇ-
سۇلى ۋە ۋاسىتىسى ئوخشاشمايدۇ. ئاممىۋى مۇنا-
سىۋەت ئاخبارات ۋە تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار گېزىت- ژۇرنال، را-
دىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىقلارنى ۋاسىتە قىلغان ھال-
دا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئېلان
سەنئىتى ئارقىلىق مەلۇم بىر تەشكىلاتنىڭ گۈزەل
ئوبرازىنى جەمئىيەتكە تەشۋىق قىلىدۇ. لېكىن،
ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئېلانى بىلەن ئادەتتىكى تاۋار
ئېلانىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.
بولۇپمۇ، ئاممىۋى مۇناسىۋەت مەلۇم مەقسەتكە يې-
تىش ئۈچۈن ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش، سوۋغا تەق-
دىم قىلىش، پارە بېرىش، زىياپەت بېرىش ۋە
شەكلى ئۆزگەرگەن مۇلازىمەتنى يولغا قويۇشتەك
ناتوغرا ئىستىل ۋە چاكىنا مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئوت
بىلەن سۇدەك سىغىشالمايدۇ. ئاممىۋى مۇناسىۋەت-
نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ، سەممىي بولۇش
ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىغا ئەمەل
قىلىپ، قوش يۆلىنىشلىك ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى
ۋاسىتە قىلغان ھالدا ئورنىتىلىدىغان ئۇچۇق - ئاش-
كارە مۇناسىۋەت بولۇپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار-
نىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ ھەمدە
ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.
ئاممىۋى مۇناسىۋەت — تەشكىلات، جامائەت
ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن
تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىل ئۆزئارا زىچ مۇنا-
سىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى كەم بولسا
ئاممىۋى مۇناسىۋەت پائالىيىتى شەكىللەنمەيدۇ.
1. تەشكىلات — ئاممىۋى مۇناسىۋەتنىڭ
سوبيېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئىشلەپچىقى-
رىش، سودا، مۇلازىمەتچىلىك ۋە قاتناش - تىران-
سپورت كارخانىلىرى قاتارلىق ئىقتىسادىي تەش-
كىلاتلار بىلەن ھۆكۈمەت تارماقلىرى، ھەربىي
تەشكىلاتلار، مەكتەپ، دوختۇرخانا، كۇتۇپخانا،
پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە سەنئەت تەشكىلاتلى-
رى ھەمدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورگانلىرى قا-
تارلىق غەيرىي ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچى-
گە ئالىدۇ. ھەر قانداق تەشكىلاتنىڭ يېتەكچى
بولغان نىشانى بولىدۇ، بۇ نىشان شۇ تەشكىلاتنىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە نورمال ئايلىنىشىنىڭ
ئالدىنقى شەرتى.
2. جامائەت — ئاممىۋى مۇناسىۋەتنىڭ ئوب-

يېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، مەلۇم بىر تەشكىلات بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئالاقىسى بولغان شەخس، كۆپچىلىك ياكى تەشكىلاتلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە، جامائەت دېگەن سۆز «ئامما»، «كۆپچىلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن، ئاممىۋى مۇناسىۋەتتىكى جامائەت مەلۇم ئالاھىدە بەلگىلەنگەن تەشكىلات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، تۇرغان ئورنى ئوخشىشىدىغان، ئورتاق مەقسەت، ئورتاق مەنپەئەت، ئورتاق قىزىقىش، ئورتاق تونۇش ۋە ئورتاق پىسخىكىغا ئىگە بولغان ئاممىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بىر كارخانا خېرىدارلار، سودا ئورۇنلىرى، ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، خام ئەشيا بازىلىرى، ھەمسىدارلار، ئاخبارات ئورۇنلىرى، ئەتراپتىكى ئاھالىلەر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەمدە خەيرى - ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا ئوخشاش كۆپ خىل جامائەت قاتلىمىغا ئىگە. كارخانىلاردا ئاممىۋى مۇناسىۋەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش دەل مۇشۇ جامائەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ شەكلى ۋە مەقسىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جامائەتمۇ ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. جامائەتنى تۈرگە ئايرىپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى تېپىپ چىقىش ئاممىۋى مۇناسىۋەت خادىملىرىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. جامائەت تەشكىلات بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ يىراق - يېقىنلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن، غەيرىي جامائەت، يوشۇرۇن جامائەت، تونۇشلۇق جامائەت ۋە ھەرىكەتتىكى جامائەت دەپ ئايرىلىدۇ؛ تەشكىلاتنىڭ پوزىتسىيىسىگە ئاساسەن، قارشى ئېلىنىدىغان جامائەت، ھەرقانداق تەشكىلات قوغلىشىدىغان جامائەت ۋە قارشى ئېلىنمايدىغان جامائەت دەپ ئايرىلىدۇ؛ تەشكىلاتنىڭ ئېھتىياجى ۋە جامائەتنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىگە ئاساسەن 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان جامائەت، 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان جامائەت ۋە ئارىلىقتىكى جامائەت دەپ ئايرىلىدۇ ۋە باشقىلار. ئەمما، مەيلى قايسى تۈردىكى جامائەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار مەسىلىلەرگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان، توپلىشىشچان ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

3. ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش — بۇ تەشكىلات بىلەن جامائەتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك. ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش جەريانى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: بىر شەخس ياكى بىر تەشكىلات ئۇچۇرغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنى مۇناسىپ بەلگىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇچۇر تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ياكى بىۋاسىتە ھالدا ئۇچۇر قوبۇل قىلغۇچىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇچۇر قوبۇل قىلغۇچى بۇ بەلگىنى ئۇچۇرغا ئايلاندۇرۇپ قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئومۇمەن، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇچۇر تارقاتقۇچى (تەشكىلات، گېزىتخانا، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، تەھرىر - مۇخبىرلار ۋە كەسپىي ئاممىۋى مۇناسىۋەت خادىملىرى)، بەلگە (تاۋۇش، تىل، يېزىق، رەسىم)، ئۇچۇر قوبۇل قىلغۇچى (جامائەت) ۋە توشۇغۇچى جىسىم (كىتاب - ژۇرنال، خەت - چەك، ئېلېكتر دولقۇنى) دىن ئىبارەت تۆت ئامىل ھازىرلىنىشى لازىم. ئەگەر بۇلارنىڭ بىرسى كەم بولۇپ قالسا، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن جامائەتنى چۈشىنىش ۋە جەلپ قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ئاممىۋى مۇناسىۋەتنىڭ فۇنكسىيىسى، ئۇنىڭ شەخس، تەشكىلات ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئالدىدا ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى ۋە ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئاممىۋى مۇناسىۋەت پائالىيىتىنىڭ يولغا

قويۇلۇش جەريانى، ماھىيەتتە ئاممىۋى مۇناسىۋەت-
نىڭ ئۆز فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش جەريا-
نى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ
فۇنكسىيىسى پۇختا ئىگىلىۋېلىنسا، ئۇنىڭ مەزمۇ-
نى ۋە رولىنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئاممى-
ۋى مۇناسىۋەت تۆۋەندىكىدەك فۇنكسىيىلەرگە ئى-
گە:

## 1. ئۇچۇر يىغىش فۇنكسىيىسى

ئۇچۇر، ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان، قىممەتكە
ئىگە يېڭى بىلىم ۋە يېڭى خەۋەرلەرنى كۆرسىتى-
دۇ. ھەر قانداق تەشكىلات ئىنتايىن مۇرەككەپ
بولغان ئۇچۇر تورى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرى-
دۇ، شۇڭا، ئۇچۇر يىغىش ۋە تارقىتىشقا ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تەشكىلاتلار ئاممىۋى
مۇناسىۋەت ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك ئۇچۇرلارنى يى-
غىپ ئۇنى تەدبىر بەلگىلەش ۋە پىلان تۈزۈشنىڭ
ئاساسى قىلىدۇ. بىرىنچى، تەشكىلاتنىڭ ئوبرازى
ھەققىدىكى ئۇچۇرلار. بۇ، جامائەتنىڭ شۇ تەشكى-
لاتنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى، خادىملىرىنىڭ سا-
پاسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىگە بەرگەن باھاسى قاتار-
لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى، مەھسۇ-
لات ئوبرازى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار. بۇ، مەھسۇلات-
نىڭ سۈپىتى، شەكلى، ئۆلچىمى، باھاسى ۋە تا-
ۋارلارنى سېتىش جەريانىدىكى مۇلازىمەت سۈپىتى
قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ. ئۈچىنچى، جامائەتنىڭ ئېھتىياجى ھەققىدى-
كى ئۇچۇرلار. جامائەتنىڭ ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ
مەنپەئەتى ۋە قىزىقىشىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنى-
شى. تەشكىلاتلار جامائەتنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشەن-
گەن ۋە مۇۋاپىق قاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنى
كۆچلۈك جەلپ قىلالايدۇ. تۆتىنچى، باشقا ئۇچۇر-
لار. بۇ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسىي،
ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى خەۋەرلەر،
دۆلەتنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى
ۋە قانۇن تۈرغۇزۇشى جەھەتتىكى خەۋەرلەرنى،
ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئەھۋا-
لى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. مەسلىھەتچىلىك قىلىش فۇنكسىيىسى

ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى
تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنغاندىن بۇيان، ئەسلىدىكى
تەشكىلاتلارنىڭ رەھبىرى يالغۇز ئۆزىلا تەدبىر بەل-
گىلەيدىغان مېخانىزمنىڭ ئورنىنى مۇتەخەسسىس-
لەرنى، بولۇپمۇ ئاممىۋى مۇناسىۋەت خادىملىرىنى
مەسلىھەت بېرىشكە قاتناشتۇرۇپ، دېموكراتىك
ئۇسۇلدا تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمى ئىگىلىدى.
مەسلىھەتچىلىك قىلىش دېگىنىمىز، ئاممىۋى مۇ-
ناسىۋەت خادىملىرىنىڭ تەشكىلاتلارنىڭ ئوبرازى،
مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى، جامائەتنىڭ پسىخىكى-
سى، بازارنىڭ ئەھۋالى ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى
قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ ئۇچۇر يىغىپ، سېلىش-
تۇرۇپ باھالىغاندىن كېيىن، رەھبەرلىكنىڭ پاي-
دىلىنىشى ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىشىنى كۆرسىتى-
دۇ. ئاممىۋى مۇناسىۋەتنىڭ مەسلىھەتچىلىك قى-
لىش فۇنكسىيىسى تەشكىلاتلارنىڭ تەدبىر بەلگىلە-

شنى دېموكراتىيىگە ۋە ئىلمىيلىققا ئىگە قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 3. ماسلاشتۇرۇش فۇنكسىيىسى

ھازىرقى دەۋردىكى تەشكىلاتلار ئىچكى جەھەتتە ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە، تاشقى جەھەتتە ئېچىۋېتىلگەن سىستېما بولۇپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان مۇھىت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. ماسلاشتۇرۇش — ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەتدار بولۇشى ۋە ماسلىق ئىچىدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا، ئاممىۋى مۇناسىۋەت خادىملىرى ئۆزى ئىگىلىگەن ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە دائىر ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئىچكى جەھەتتە رەھبەرلىك بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى بۆلۈم - ئىشخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. تاشقى جەھەتتە، تەشكىلات بىلەن جامائەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، تەشكىلاتنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

## 4. تەربىيىلەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش فۇنكسىيىسى

بىر تەشكىلاتنىڭ جامائەت قەلبىدىكى گۈزەل ئوبرازى ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنمەيدۇ، بەلكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە بوشاشماي كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. تەشكىلاتلارنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يالغۇز رەھبەرلىكنىڭ ئىشى بولماستىن، بەلكى شۇ تەشكىلاتتىكى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق ئىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەمنى تەشكىلاتنىڭ ئوبرازى ۋە ئىناۋىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەر ۋاقىت تەشكىلاتنى ئويلايدىغان ۋە تەشكىلاتنىڭ ئىشىنى ئۆزىنىڭ ئىشى دەپ بىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئاممىۋى مۇناسىۋەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم فۇنكسىيىسىدۇر.

## 5. مەخسۇس پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش فۇنكسىيىسى

ھەرقانداق تەشكىلات مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، ھەر خىل شەكىلدىكى مەخسۇس پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىغا ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ، كارخانىلار مەھسۇلاتلارنى كۆرگەزمە قىلىپ ساتىدۇ، سودا ئورۇنلىرى تاۋارلارنى ئېتە-

بار باھادا سېتىپ ئىستېمالچىلارنى جەلپ قىلىدۇ، مەكتەپلەر نۇتۇق سۆزلەش ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنلىرىنى ئاچىدۇ، ئېكسكۇرسىيىلەرنى ئۇيۇشتۇرىدۇ ۋە باشقىلار. بۇنداق مەخسۇس پائالىيەتلەر ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ، تەشكىلاتلار تۈرلۈك ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، جامائەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ. بۇنداق مەخسۇس پائالىيەتلەر مۇۋاپىق ئۇيۇشتۇرۇلسا، تەشكىلاتنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، نامى كەڭ تارقىلىدۇ.

پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلارنى ئېچىۋېتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كۈندىن كۈنگە كەسكىنلىشىدۇ. ياخشىلىرى تاللىنىدىغان، ناچارلىرى شاللىنىدىغان بازار رىقابىتىدە، بىر كارخانىنىڭ ياخشى نامى ۋە ئىناۋىتى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاممىۋى مۇناسىۋەت بىر تەرەپتىن، كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرنى ئۆزۋاقتىدا، توغرا ۋە ئۈنۈملۈك يىغىپ، جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئالدىن مۆلچەرلىشىگە ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىدىكى ئۇچۇرلارنى ئۆز ۋاقتىدا سىرتقا تارقىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، مەيلى كارخانىلار بولسۇن ياكى كەسپىي ئورۇنلار بولسۇن، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئاممىۋى مۇناسىۋەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «ھازىرقى زامان ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىلمى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى

2. «ئاممىۋى مۇناسىۋەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، چىڭ داۋ نەشرىياتى نەشرى



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى ھەققىدە

خەلچەم ھەسەن*

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتىدە كېلىپ چىققان زىددىيەتنى تۆت تۈرلۈك تەلەپكە ئەمەل قىلىش ئاساسىدا توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**摘要**：本文简要论述在遵守四项要求的基础上，正确解决图书馆与读者间在调整关系方面产生的矛盾的方法。

**Abstract**: This article, on the base of four different requirements, briefly discusses the accurate solving of the problems occurred in the coordinative relationship between library and readers.

كۇتۇپخانا ئىنسانلارنىڭ بىلىم خەزىنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۆلچەرلىگۈسىز مۇھىم رول ئويناماقتا. كۇتۇپخانا دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ئوقۇرمەنلەر بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپ كەلمەكتە. «كۇتۇپخانا مۇھىم ئامىل تەلىماتى» ئوقۇرمەنلەر، كىتاب، رەھبەرلىك ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى، قۇرۇلۇش بىلەن ئۈسكۈنە قاتارلىق بەش مۇھىم ئامىل بىرلىككە كەلگەن كۇتۇپخانا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. كۇتۇپخانا بىلىمنى كىرگۈزىدىغان، تەھلىل قىلىدىغان، ساقلايدىغان ۋە سىرتقا چىقىرىدىغان بىلىم ئىسكىلاتى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەرقايسى فورماتسىيىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋاستىچى ئورگان.

ئوقۇرمەنلەر كۇتۇپخانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ. پەقەت ئوقۇرمەنلەر خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىقلا كۇتۇپخانا خىزمىتىنى تاماملىغىلى بولىدۇ. شۇڭا كۇتۇپخانا سىستېمىسىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ماسلاشتۇرۇش — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتنى يوقىتىش بولماستىن،

* خەلچەم ھەسەن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ خادىمى.

بەلكى ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەت مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ ۋە تەڭشەپ، ئۇنى ماسلاشتۇرۇلغان، ئىككىسى ئۆزئارا بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇش دېگەنلىك.

ئوقۇرمەنلەر بىلەن كۇتۇپخانا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ماسلاشمىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان زىددىيەتلەر ئاساسەن كۇتۇپخانىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەزى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالمىغانلىقى ياكى تولۇق قاندۇرالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدا ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى كۇتۇپخانىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا، كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن كۇتۇپخانىغا كۆپلەپ كىتاب كىرگۈزۈش كېرەك. بۇ كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، بۇنداق ئېھتىياجنى قانائەتلەندۈرۈش كېرەك. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي شەرتى كۇتۇپخانىغا كىتاب جۇغلاشتىن ئىبارەت. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۇتۇپخانىدىن بىلىم ئېلىشى پەقەتلا كۇتۇپخانا نورمال تەمىنلىگەن دائىرە ئىچىدە بولىدۇ. ھەرقانداق بىر كۇتۇپخانىنىڭ مەنبىيى چەكلىك بولۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ چەكسىز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تەس. بۇ ئومۇمىي زىددىيەت، بۇ زىددىيەتنى پەرقلىق مۇلازىمەت قىلىش، نۇقتىلىق مۇلازىمەت قىلىش، كۇتۇپخانىلار ئۆزئارا كىتاب ئارىيەت بېرىش ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھۆججەت مەنبەسىدىن ئورتاق بەھرىمان بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان تۈرلۈك شارائىتلارنى يارىتىش لازىم. گەرچە ھەرقانداق كۇتۇپخانىنىڭ سىغىمچانلىقى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق ئارقىلىقمۇ مەنبەنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ.

2. كۇتۇپخانا خادىملىرى كۇتۇپخانىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشى زۆرۈر. كۇتۇپخانا ھۆججەت مەنبىيىنىڭ تېيىز قاتلىمى، ئوتتۇرا قاتلىمى ۋە چوڭقۇر قاتلىمىنى ئېچىشى، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىشى، كەسپىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە ئۇيۇشچانلىقىنى كۈچەيتىشى، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى. ئەكسىچە كۇتۇپخانا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇچۇرغا بولغان ئىنكاسىغا، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاشقا، كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، مۇلازىمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشقا ۋە كۇتۇپخانىنىڭ شارائىتى، ئۈسكۈنىلەرنى ياخشىلاش قاتارلىق ئامىللارنىڭ بىرەرسىگە سەل

قارايدىكەن، ئۇ ھالدا مۇقەررەر ھالدا كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسلىق ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى مۇلازىملىق مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان مەۋجۇت ماتېرىياللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا قارىتا ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇش، يەككە- يېگانە، سۇبيېكتىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا مەلۇم بىر تارماقنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆلچەم قىلىۋالماسلىق كېرەك. شۇڭا كۇتۇپخانىنىڭ تورلۇك پايدىلىق شارائىتلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ھەقىقىي ئاقمىدىغان ياخشى چارىلىرىنى تۇزۇپ چىقىپ، كۇتۇپخانىدا مۇقىم بولغان ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. رەھبەرلەر ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، كۇتۇپخانا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ ھەم ھەقىقىي تۈردە خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتەك رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

3 .. كۇتۇپخانىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرى ۋە تۈزۈمىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارزۇسى بىلەن ماسلاشتۇرۇش لازىم. كۇتۇپخانىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىلەن قائىدە - تۈزۈملىرىنىڭ ھەمىشە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن. كۇتۇپخانىنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، پايدىلىق تەدبىرلەرنى تۈزۈش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەش، ئەمەلىي ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، كۇتۇپخانا خىزمىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەر خىل ھادىسىلەرگە قارىتا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىش بىلەن بىرگە ھەربىر خىزمەت باسقۇچىغا قارىتا ئەستايىدىل باھالاش ئېلىپ بېرىپ، تورلۇك قائىدە- تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنى كۇتۇپخانىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. بىرلىشىپ (ھەمكارلىشىش، ماسلىشىش، قەدەمنى ماسلاشتۇرۇش، ئۆزئارا تولۇقلاش) ئىختىسرا قىلىش پرىنسىپى بويىچە كىتابىي بىلىمنى تېزلىك بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر كۇتۇپخانا بەلگىلىگەن ھەر خىل قائىدە- تۈزۈملەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان ياخشى خىزمەت تەرتىپى ۋە ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش لازىم.

4 . كۇتۇپخانا پەقەت ئۆزى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندىلا ئاندىن ئىككى تەرەپنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. كۇتۇپخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كۇتۇپخانا بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا ئاچقۇچ تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى تۇتۇشتا. بىرى، «ساقلاش» بىلەن «ئىشلىتىش» ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىـ

لىش. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا «ساقلاش» ئاساس، «ئىشلىتىش» يېتەكچى بولىدۇ. كۇتۇپخانا زۆرۈر بولغان نەشر نۇسخا ۋە قوشۇمچە نۇسخىنى ساقلاشتىن باشقا، يەنە يوقالغان، زىيانغا ئۇچرىغان ۋە جازىغا قالايمىقان قويۇلغان كىتابلار ئۈستىدە ھەددىدىن زىيادە باش قاتتۇرۇپ كەتمەستىن، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم. رەسمىيەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىتابنىڭ ئايلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كىتابلارنى رەتلىك تىزىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تېز قاندۇرۇپ، «ساقلاش » بىلەن «ئىشلىتىش» ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ئىمكانقەدەر پەسەيتىش لازىم. يەنە بىرى، مۇلازىمەت جەريانىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشنى ھەل قىلىش. بۇنىڭدا كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى بىلەن كەسپىي ئىقتىدارى ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ، بۇلار كۆپ ھاللاردا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۇتۇپخانىغا قارىتا قارشىلىق كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر. كۇتۇپخانا خادىملىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلاردىن بىزار بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەزىدە نارازىلىق، تالاش - تارتىش ياكى تاكاللىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۇتۇپخانا خادىملىرى ئوقۇرمەنلەرگە ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، قىزغىن، ئەتراپلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشى ۋە چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىد ۋە تەكلىپلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، مۇمكىنچىلىكى بولغان دائىرە ئىچىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلىپىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرۇشى، ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولۇپ، ۋاقتىنچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس بولغان ئەھۋالدا ئوقۇرمەنلەرگە چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قارشى تەرەپنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


1. «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق سانلىرى.
2. «ئۇنىۋېرسىتېت كىتاب - ئاخباراتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق سانلىرى.



(پوچتا نومۇرى: 830046)



تەھرىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

# ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

△ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇكېرىم رەھمانىنىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى» ناملىق يىرىك ئەسىرى تۈركىيە تۈرك تىل، تارىخ، مەدەنىيەت جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، تۈركىيىدە رەسمىي نەشر قىلىندى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىگە ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىنمۇ مولراق فولكلور ماتېرىياللىرى كىرگۈزۈلۈپ تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەر بېرىلگەن ماتېرىياللارنىڭ مول ۋە ھەر خىللىقى، تەھلىللەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن تۈركىيە ۋە باشقا ئەللەردىكى كەسپداشلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

△ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى مىرسۇلتان ئوسمانوپ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىندى. مەزكۇر لۇغەت بۇندىن 10 يىللار ئىلگىرى نەشر قىلىنغان «ئىملا لۇغىتى» ۋە «تەلەپپۇز لۇغىتى» گە قارىغاندا، ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن، قائىدىلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشەندۈرگەن، تېخىمۇ مۇھىمى ئىملا ئۆلچىمى بىلەن تەلەپپۇز لۇغىتى» گە قارىغاندا، ئىملا ۋە تەلەپپۇز ئۆلچەملەشتۈرگەن. تېخىمۇ مۇھىمى ئىملا ئۆلچىمى بىلەن تەلەپپۇز نورمىسىنى لۇغەتكە بىللە بېرىپ، قوللانغۇچىلارغا قولايلىق ياراتقان. بۇ لۇغەت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى يازما ۋە ئاغزاكى جەھەتلەردە قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ دەستۇرى سۈپىتىدە ھۆكۈمەت، ئاخبارات، نەشرىيات، ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىنى مۇھىم قورال بىلەن تەمىن ئەتتى.

△ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، مەشھۇر تارىخشۇناس يۈتەيشەن ئەپەندى باش مۇھەررىرلىكىدىكى «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى» ( 西域通史 ) يېقىندا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. خەنزۇچە خەت ھېسابىدا بىر مىليون خەتتىن ئاشىدىغان بۇ يىرىك ئەسەر ئېلىمىزنىڭ غەربىي يۇرت تارىخى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان غوللۇق خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا تاماملانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا غەربىي يۇرتنىڭ خەن دەۋرىدىن يېقىنقى زامانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 2000 يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق تارىخى ۋە مەدەنىيىتى مول تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

△ گېرمانىيە بېرلىن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇرپانشۇناسلىق ئورنى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى رەتلەش،

تەتقىق قىلىش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، بېرلىن ئازاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرى پروفېسسورى، دوكتور پېتېر تسىمې نەشرگە تەييارلىغان «ئالتۇن يارۇق سۇدۇر» ناملىق ئەسەر «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 18 - تومى قاتارىدا نەشردىن چىقتى.

ماھايانا بۇددىزمىنىڭ يىرىك ئەسىرى سۇۋارناپرابا سوتتاما سۇترا (Suvarnaprabhā sottama sūtra) ئاسىيادىكى ئەللەردە ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، VI ئەسىردە سانسكرت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. X ئەسىرگە كەلگەندە، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ مەزكۇر ئەسەرنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققان. پروفېسسور پېتېر تسىمې نەشرگە تەييارلىغان مەزكۇر ئەسەردە، يادىكارلىقنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرىنى ئۇزۇن مۇددەت، ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ۋەسىقىنىڭ نوپۇزلۇق ترانسكرىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ يادىكارلىقنىڭ پېتېر سبۇرگ نۇسخىسىدىكى كەمتۈك جايلار بېرلىن تۇرپانشۇناسلىق ئورنىدىكى قولىيازما ئاساسىدا تولۇقلانغان؛ ئەسەردىكى بۇددىزم، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەسىلىلىرى ئالىمنىڭ مول فىلولوگىيە بىلىملىرى ئاساسىدا ئىلمىي، ئىنچىكە ئىزاھلانغان؛ ئەسەر ئاخىرىغا مەزكۇر يادىكارلىقنىڭ 139 پارچە فاكسىمىلى قوشۇمچە ئورنىدا بېرىلگەن. بۇ پروفېسسور پېتېر تسىمېنىڭ «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» مەجمۇئەسى تەركىبىدە «ۋاجراچېدىكا سۇترانىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى» (1971)، «مانى دىنىغا ئائىت ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» (1975)، «بۇددىزم تانترى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئۈستىدە تەتقىقات» (1976)، «ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم مەزمۇنىدىكى باش قاپىيىلىك شېئىرلىرى» (1983) قاتارلىق تۆت پارچە يىرىك ئەسەردىن كېيىن نەشر قىلدۇرغان يەنە بىر مۇھىم ئەمگىكى ھېسابلىنىدۇ.

△ ياپونىيە، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئالىملىرى ھەمكارلىقىدىكى «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش» خەلقئارالىق تەتقىقات تېمىسى رەسمىي قولغا ئېلىندى. ھازىرغا قەدەر، ئىككى دۆلەت ئالىملىرىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى شەھەر خارابىسى ۋە ئورخۇن يېزىقىدىكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلار تەكشۈرۈلۈپ، قايتىدىن سۈرەتكە ئېلىنىپ بولدى. نۆۋەتتە ئۇلار بارلىق تۈركچە مەڭگۈ تاشلارنىڭ يېڭى، ئېنىق، مۇكەممەل ئاتلىسىنى تەييارلاشقا جىددىي تەييارلىق كۆرمەكتە. ئەگەر بۇ ئاتلاس تاماملىنىپ نەشر قىلىنسا، بۇندىن 100 يىللار ئىلگىرى مەشھۇر ئالىم ۋ. ۋ. رادلوف ۋە فىنلاندىيە ئالىملىرى تەييارلىغان ئاتلاسلاردىن كېيىن ۋۇجۇدقا چىققان قەدىمكى ئۇيغۇر مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ قامۇس خاراكتېرلىك مۇھىم توپلىمى بولۇپ قالغۇسى.

**Journal of Xinjiang University**
**(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)**
**No. 2. 1997 (Total: No. 70)**

# Contents

On the Significance of Moral and Ideological Education in Higher Institutions ........................ *Yakupjan Bawdun*
On the Significant Meaning of Spiritual Culture—Language Beauty ........ *Muhtar Abaydulla*
On Great Educator Mameteli (Tawpik) and His Charactristics in Literary Creation ........ *Yalkun Rozi*
Preliminary Research on Free Enterprise System ........................ *Osman Muhammad*
Brief Exposition on Socialist Market Economy ........................ *Abdugheni Obulhasan*
About Sacred Numbers Concept in Turkish Speaking Peoples' Folklore ........................ *Abdukerim Rahman*
On Uighur's Historical Epic "Oghuzhan" and It's Other Variations ........................ *Tursun Hoshur Edikuli*
Xinjiang — Beautiful Hometown (I Karamay City) ........................ *Muhammad Osman*
About the Great Capital — Karabalghasun on Northern Prairie ........ *Mahmud Nizami*
Toward Some Problems in Toponymy ........................ *Rawaydulla Hamdulla*
About Positive Role of Minority Nationalities in Ancient External Traffic of Our Country ........................ *Gulnar Jumatay*
About Works of Arguement in Uighur Classic Literature ........................ *Ghayratjan Osman*
Discussion on Uighur Commerce From the Point of Folklore ........................ *Osman Ismayil*
On Peoples' Great Humour Master Hisam Kurban and His Humours ........ *Anwar Tajidin*
A Survey on English Studying of Minority Students ........................ *Rukeya Muhammad, Dilnur Abliz, Gulmira Ablat*
On the Usage of Adverb "когда" in Russia ........................ *Opera Nazarova*
About Psychological Motive of Witness ........................ *Hasanjan Turdi*
On Public Relation and Its Function ........................ *Halpidin Musayov*
On Coordinative Relationship Between Library and Readers ........................ *Halchem Hasan*

**(Translated by Abdurixit Kadir, Umarjan Kurban)**

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трехмесячный журнал философии-общественной науки на уйгурском языке)

№. 2, 1997 г. (общий № 70)


## Содержание


Главное значение идейно-морального воспитания в вузах ………… Якупжан Бавдун

Главным содержанием духовной культуры является красота речи ……………………
……………………………………………………… Мухтар Абайдулла

Великий педагог господин Мамет Эли (Тевик) и его творческая идея ……………
……… Ялкун Рузы

Первоначальное изучение о правилах свободного предприятия …… У сман Мухаммет

Краткое обсуждение об экономике социалистического рынка
……………………………………… Абдугани У булхасан

Священные понятия о числах в фольклоре тюркских народов … Абдукерим Рахман

Об уйгурской легенде "Угузхан" и ее сокровенные мысли … Турсун У шур. Идикут

Чудесный край Синьцзянь (город Карамай) …………………… Мухаммет У сман

О северных степях "Столица Карабалхасун" ………………… Махмут Низам

Некоторые вопросы в изучении гографических названий ……… Ревайдулла Эймудулла

О роли китайских нацменов по внешним путям сообщения …… Гульнар Джуматай

О произвлениях рассуждающего стиля в уйгурской классической литературе ………
Гайраджан У сман

С точки зрения фольклоры рассуждать деятельность уйгурской торговли ………
……………………………… У сман Исмаил

Народный юморист Исам Курбан и его юморы …………………… Анвар Таджидин

Исследование об учебе английского языка у студентов нацменов ………………
……………………………… Рукия Мухамет. Дильнур Аблиз. Гульмира Аблет

Употребление наречия "когда" в русском языке …………… Уфира Назарова

О человеческом психическом побуждении ……………………… хасанжан Турди

Об Общественном отнощении и его функции ……………………… халпидин Мусаюв

Библиотека и о ее связи с читателями ………………………… хилинам хасан


(Перевод: Уфира Назарова)

# مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس ھوشۇر ئىسلام

## 优秀专家吾守尔•斯拉木




ھوشۇر ئىسلام، ئەر، ئۇيغۇر، 1942 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چاپچال ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1964 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1982 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتى رادىئو كافېدراسىنىڭ باشلىقى بولغان.

1993 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكترون ئۇچۇر ئىلىم - پەن فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1994 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھېسابلاش ماشىنىسى ئىلىم - پەن فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1985 - يىلى دوتسېنت، 1992 - يىلى پروفېسسور بولغان. 1990 - يىلىدىن باشلاپ ھېسابلاش ماشىنىسى كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلارنى يېتەكلىگەن. 1986 - يىلى مەملىكەت دەرىجىلىك تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ياش، ئوتتۇرا ياش مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. 1988 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دېگەن نام بېرىلگەن. 1994 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر 10 مۇھاجىرنىڭ بىرى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. 1995 - يىلى 4 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1991 ـ، 1995 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەنزۇ تىلى ئۇچۇر جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ ئېلېكترون جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ كومپيۇتېر ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش ئەزاسى بولغان. 1990 - يىلىدىن بۇيان، مەملىكەتلىك 863 پىلانى ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە ماشىنىسىنىڭ ئاساسىي تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تاماملىدى. 1984 - يىلىدىن بۇيان مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 7 - بەشيىللىق، 8 - بەشيىللىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدىن جەمئىي توققۇزى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت تۈر خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە، ئىككى تۈر مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، بىر تۈر مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، بىر تۈر مەملىكەتلىك ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئىشلىتىش نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، ئىككى تۈر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ھېسابلاش ماشىنىسىدا ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تېخنىكا ۋە زېمىن ھازىرلاپ بەردى، بولۇپمۇ تاۋۇشنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان مۇكەممەل، كۆپ تىللىق مەشغۇلات سىستېمىسى ھەم ئەمەلىي ئىشلىتىشكە بولىدىغان يۇمشاق دېتاللار، بەت ياساپ بېسىش قاتارلىق تەرەپلەردە بىر قاتار نەزەرىيىۋى ۋە تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يېڭى تېخنىكا، ئۇسۇل ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ تەتقىق قىلىپ چىقىپ، ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئىشخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئېلېكترونلۇق مەتبەئە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارالىق يەتتە قېتىملىق ئىلمىي يىغىنغا قاتناشتى ھەم ماقالە ئوقۇدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا 30 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. ئوقۇتۇش ۋە پەن - تەتقىقاتقا دائىر ئۈچ پارچە كىتاب يازدى، بەش پارچە كىتاب تەرجىمە قىلدى. ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە - ئىنگلىزچە ئېلېكترون لۇغىتىنى تۈزدى. 1991 - يىلى كانادا «ئالبېرتا» ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىلغىچە تۇرۇپ ئۆگەندى ھەم تەتقىقاتقا قاتناشتى. 1995 - يىلى مەملىكەتلىك گۇاڭخۇا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1996 - يىلى دۆلەت 8 - بەش يىللىق يۇقىرى پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 1992 ـ، 1994 ـ، 1995 - يىللىرى ISO خەلقئارالىق يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە كۆپ سەككىز خانىلىق ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىش خەلقئارالىق ئۆلچەم تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە خەلقئارالىق ISO تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. ئوقۇتۇشتا مىكرو كومپيۇتېر پرىنسىپى، تاۋۇش سىگنالىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئاسپىرانتلارغا ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتۈلىدىغان يەتتە خىل دەرسنى ئېچىپ، مىكرو تىپلىق كومپيۇتېر بۆلۈمى، ئۇچۇر تەتقىقات بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، ھېسابلاش ماشىنىسى كەسپى ھەمدە پەن قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. بۇ جەرياندا، باش شۇجى جياڭ زېمىن ۋە لى پېڭ زۇڭلى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ 2، 3 قېتىملىق قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

主　编：库热西·买合木提江
本期责任编辑：吐尔逊·吾守尔

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا



رومبا شەكىللىك گۈل نۇسخا چۈشۈرۈلگەن رەڭدار يۇڭ توقۇلما
(1985 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىدىكى «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان. دەۋرى: بۇندىن 3000 يىل بۇرۇن)

新疆大学学报
（哲学社会科学维吾尔文版）
（季刊）
（1980年创刊）
第18卷第2期1997年6月

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى
(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
(پەسىللىك ژۇرنال)
نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 - يىلى
1997 - يىللىق 2 - سان (18 - يىلى نەشرى)

主办单位：新疆大学（乌鲁木齐胜利路14号）
编辑出版：新疆大学学报编辑部
印　刷：新疆大学印刷厂
国内发行：乌鲁木齐邮政局
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN 65-1035/C
邮政编码：830046

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - نومۇر)
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1005-5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65-1035/C
پوچتا نومۇرى: 830046

定价：3.00元　　باھاسى: 3.00 يۈەن
国内代号：58-13　　ۋەكالەت نومۇرى: 58-13